تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ
دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار

# تىل-ئەدەبىيات


مەمتىمىن سالىھ
مەخمۇت سىدىق



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار

# تىل - ئەدەبىيات

تۈزگۈچى: مەتتىمىن سالىھ
مەخمۇت سىدىق

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: تۇراپ دائىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئادىلجان ئابدۇللا

# تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار

تۈزگۈچىلەر: مەمتىمىن سالىھ
مەخمۇت سىدىق

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 15.125
1998 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 11 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5001—8500

---

ISBN7−5631−0531−X/Z·25
باھاسى: 16.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ «ئومۇمىي تەكرار» تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئالتە قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىدىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا تۈزۈلدى. سوئال - جاۋاب شەكلى بىلەن كونسپېكت شەكلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى. ھەربىر مەزمۇنىدىكى مۇھىم نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلدى، قىيىن نۇقتىلار ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەندى. ئالتە قىسىم دەرسلىك كىتابتىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، يېزىقچىلىق، لوگىكا بىلىملىرى ئۆز قەرەلىدە بېرىلگەندىن باشقا، دەرسلىك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 89 پارچە تېكىست (ئوقۇش تېكىستىدىن باشقا) نىڭ تەھلىلى بېرىلىشتىن ئىلگىرى شۇ تېكىست ئاپتورىنىڭ ياشىغان يىللىرى، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ژانىرى، كونكرېت شەكلى، خاراكتېرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بېرىلدى ھەمدە بايانىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن شۇ تېكىستنىڭ قايسى خىل بايان ئۇسۇلىدا، نەچچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغانلىقى بېرىلدى. نۇقتىلىق مەزمۇنلار، تېكىستلەر ئەتراپلىق شەرھلەندى، تەھلىل قىلىندى.

مۇندەرىجىگە قاراپلا كىتاب ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى تېپىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەربىر چوڭ مەزمۇن بىر سۆزلەش، تەھلىل قىلىش نۇقتىسى قىلىنىپ، شۇ مەزمۇندىكى سوئاللار بىر پۈتۈن نۇقتا بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شۇ سوئاللار ئاساسىدا بۆلەكلەرگە بۆلۈپ سۆزلەش ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە دەرسلىك مەزمۇنلىرى ئومۇمەن تولۇق بولغان بولۇش، ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك بولغان بولۇش پرىنسىپى چىڭ تۇتۇلدى. بۇ ماتېرىيال تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەۋسۇملۇق، خۇلاسە، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانلىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىكى سىستېمىلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

دەرسلىك كىتابتىكى مەزمۇنلار تولىمۇ كەڭ دائىرىدىكى بىلىملەر بىرىكتۈرۈلۈپ بىر كەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان بولغاچقا، بۇ ماتېرىيالنى تۈزۈشتە بەزى سەۋەنلىكلەر سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇستازلار ھەم ساۋاقداشلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.

تۈزگۈچىدىن

1998 - يىل يانۋار

# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر تىلى قىسمى ........................ 1


## تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى يىللىق 1 - قىسىم
## ئەدەبىيات كىتابىتىن


ئارۇز ۋەزىنى ھەققىدە ........................ 59

«غەزەپ ۋە زار» شېئىرى توغرىسىدا ........................ 65

«بىلىم ئىشقىدا» شېئىرى توغرىسىدا ........................ 66

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» شېئىرى توغرىسىدا ........................ 66

ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئاساسلىق بەھرلىرى ھەققىدە ........................ 67

«دورا» ھېكايىسى توغرىسىدا ........................ 69

«چىنىقىش» ھېكايىسى توغرىسىدا ........................ 74

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىرى — مەسنەۋى، غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس، رۇبائىي توغرىسىدا ........................ 76

«تىيانشان» شېئىرى توغرىسىدا ........................ 79

«نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ» شېئىرى توغرىسىدا ........................ 79

«رەخمىتۇللا جارى رۇبائىيلىرى» ھەققىدە ........................ 80

«تەۋپىق رۇبائىيلىرى» توغرىسىدا ........................ 81

ساتىرا ھەققىدە ........................ 83

«غىلاپ بەندىسى» ھېكايىسى توغرىسىدا ........................ 84

«دونكىخوت» رومانىدىن بېرىلگەن پارچە توغرىسىدا ........................ 88

لوگىكا ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 89

ئۇقۇم ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 91

ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە .......... 95
ئاددىي ھۆكۈم ھەققىدە .......... 98
بىرىككەن ھۆكۈم ھەققىدە .......... 102
«نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى»، «يېشىللىق»
دېگەن ئىككى نەسىر ھەققىدە .......... 106
«شۆھرەت» ناملىق نەسىر ھەققىدە .......... 109
«ماركسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»
ناملىق ماقالە ھەققىدە .......... 109
«لېنىنغا تەزىيە» ناملىق ماقالە ھەققىدە .......... 111
دراماتورگىيە ژانىرى ھەققىدە .......... 112
«غۇنچەم» دراممىسى ھەققىدە .......... 118

## تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى يىللىق 2 - قىسىم
## ئەدەبىيات كىتابىدىن

«كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش توغرىسىدا» ناملىق ئەسەر ھەققىدە ... 121
يەشمە خۇلاسە ھەققىدە .......... 123
«يۈكسەك غايە» ناملىق ماقالە ھەققىدە .......... 128
يىغما خۇلاسە ھەققىدە .......... 130
ئوپېرا ۋە «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى ھەققىدە .......... 134
«قوشنىلار» ھېكايىسى ھەققىدە .......... 137
ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە .......... 139
رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە .......... 141
«پالۋان كەلدى» ھېكايىسى ھەققىدە .......... 144
رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە .......... 146
«دانكو» ناملىق پارچە ھەققىدە .......... 148
سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيىتى ئۇسۇلى
ھەققىدە .......... 150
«سەپداش» ھېكايىسى ھەققىدە .......... 153
«دېھقان» شېئىرى ھەققىدە .......... 156

«مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرى ھەققىدە ........ 157
تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە ........ 158
«بەخت تىلەش» ھېكايىسى ھەققىدە ........ 162
«نىلۇپەر كۆلى» ھېكايىسى ھەققىدە ........ 167
«كىشىلەر» ھېكايىسى ھەققىدە ........ 169
«كەپىدە» باللادىسى ھەققىدە ........ 170
«ۋەتەن قەسىدىسى» شېئىرى ھەققىدە ........ 172

## تولۇق ئوتتۇرا ئىككىنچى يىللىق 3 - قىسىم
## ئەدەبىيات كىتابتىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە ........ 173
ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقلىرى ھەققىدە ........ 178
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ... 185
«مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ........ 188
«تىيانشان مەنزىرىلىرى» ناملىق نەسىر ھەققىدە ...... 193
«مەنزىرە توغرىسىدا» ناملىق نەسىر ھەققىدە ........ 196
IX — XIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ... 199
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات ۋە
ئەدەبىيات ........ 200
«ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە ........ 203
قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى
ئەسەرلەر ھەققىدە ........ 206
«چاشتانى ئىلىك بەگ» داستانى ھەققىدە ........ 207
«ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» ناملىق ماقالە ھەققىدە ... 209
دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە ........ 211
قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ...... 213
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى - پائالىيىتى ھەققىدە ... 216

«تۈركي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭدىن دەرسلىككە كىرگۈ-
زۈلگەن «پەند - نەسىھەتلەر» ھەققىدە ........ 220
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داس-
تانىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچە ھەققىدە ... 226
ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»
داستانىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچە
ھەققىدە ............................................ 231
«ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسى ھەققىدە ................ 234
«سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايە ھەققىدە... 239
XII ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ...... 240
لۇتفى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن غەزىلى
ھەققىدە ............................................ 242
نەۋائىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى، ئىجادىيىتى ھەققىدە...... 245
نەۋائىنىڭ «تىل ھەققىدە» شېئىرى ۋە «پەرھاد - شىرىن»
داستانى ھەققىدە ....................................... 250
«خەسىس» ناملىق پارچە ھەققىدە ......................... 252
«پلىيۇشكىن» ناملىق پارچە ھەققىدە ..................... 253

## تولۇق ئوتتۇرا ئىككىنچى يىللىق 4 - قىسىم ئەدەبىيات كىتابىدىن

XIV — XVI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ... 257
ئامانىسا خان ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن دەرسلىككە كىرگۈ-
زۈلگەن پارچە ھەققىدە ................................ 262
XVII ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، خىرقىتى ۋە ئۇنىڭ
«مۇھەببەتنامە — مېھنەتكام» داستانىدىن دەرسلىككە
كىرگۈزۈلگەن پارچە ھەققىدە .......................... 265
زەلىلى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن «54 -
غەزەل» ى ھەققىدە ...................................... 268

لۆبىتى ۋە ئۇنىڭ «خوتەننى» غەزىلى ھەققىدە .......... 271
«لەن پو ۋەلىن شىياگرۇلارنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق
تېكىست ھەققىدە .............................. 274
«لىن مەشقاۋۇلنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەن-
لىكى» ناملىق تېكىست ھەققىدە .................. 275
«چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ھېكايە ھەققىدە ......... 277
XVIII — XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ... 279
ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»
داستانى ھەققىدە .............................. 284
گۇمنام ۋە ئۇنىڭ «كاشغەر» شېئىرى ھەققىدە ......... 290
موللابىلال ۋە ئۇنىڭ دەرسلىكتە كىرگۈزۈلگەن
غەزىلى ھەققىدە .............................. 293
مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە ......... 300
«‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش› كە كىرىش سۆز» ناملىق
ماقالە ھەققىدە .............................. 302
«‹تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى› غا مۇقەددىمە» ھەققىدە ... 305
«ماقالىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا» ناملىق ماقالە
ھەققىدە .............................. 308
«گۇلدۇرماما» دراممىسى ھەققىدە .............. 309
«شاڭخەي كېچىسى» دراممىسى ھەققىدە .............. 311
«ئۆزگىرىش» ھېكايىسى ھەققىدە .............. 313
«رۇستەم» ھېكايىسى ھەققىدە .............. 314

## تولۇق ئوتتۇرا ئۈچىنچى يىللىق 5 - قىسىم ئەدەبىيات كىتابىدىن

«ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسەردىن
بېرىلگەن پارچە ھەققىدە .............................. 317

«نياگزىگوەن ئالدىدا» ناملىق ئەسەر ھەققىدە ............ 328
«سەندىن ئايرىلالمايمەن» ناملىق ئەسەر ھەققىدە ...... 330
ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى — ئىجتىمائىي تۇرمۇش ......... 332
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»
شېئىرى ھەققىدە ............................................ 336
«كۆن چىقىش شامىلى»، «قىشقا بېغىشلاپ» شېئىرى
ھەققىدە ............................................ 342
«گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر» ھېكايىسى ھەققىدە ...... 345
«كەمبەغەلنىڭ مەخسۇس پايدا ھوقۇقى» ھېكايىسى
ھەققىدە ............................................ 349
ئەدەبىياتنىڭ ئوبرازلىقلىقى ............................ 351
«يىللارغا جاۋاب» شېئىرى ھەققىدە .................... 357
«ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» شېئىرى ھەققىدە ................ 359
«تۇرمە ناخشىسى» داستانىدىن بېرىلگەن پارچە
ھەققىدە ............................................ 361
«دولان ياشلىرى» ھېكايىسى ھەققىدە .................... 365
«ئىجارە ھەققى» ھېكايىسى ھەققىدە .................... 369
«ئۆلارمۇ ئاتا - ئانا بولار» ھېكايىسى ھەققىدە ......... 372
ئەدەبىياتنىڭ تىپىكلىكى ................................ 374
«پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىمى» ھېكايىسى
ھەققىدە ............................................ 383
«سوتىتا» ناملىق پارچە ھەققىدە ...................... 385
ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى ۋە پارتىيىۋىلىكى ............. 388
جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە ............. 394

## تولۇق ئوتتۇرا ئۈچىنچى يىللىق 6 - قىسىم
## ئەدەبىيات كىتابىتىن


چۇ يۈەن ۋە ئۇنىڭ «جۇدالىق زارى» داستانىدىن بېرىل-
گەن پارچە ھەققىدە .................................. 399
لى بەي ۋە ئۇنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ئىككى
شېئىرى ھەققىدە ..................................... 402
سىماچيەن ۋە ئۇنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ئەسىرى
ھەققىدە ............................................ 406
«كېچە» ھېكايىسى ھەققىدە ............................ 409
XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتى ھەققىدە .................... 411
پۇشكىن ۋە ئۇنىڭ «سىبىرگە خەت» شېئىرى ھەققىدە ...... 413
چېخوپ ۋە ئۇنىڭ «خامېلېئون» ھېكايىسى ھەققىدە ...... 418
ئاباي ۋە ئۇنىڭ «ئىلىم تاپماي ماختانما» شېئىرى
ھەققىدە ............................................ 425
خەمىت ئالىمجان ۋە ئۇنىڭ «جەڭچى تۇرسۇن» باللادىسى
ھەققىدە ............................................ 427
ئۆمەر مۇھەممەدى ۋە ئۇنىڭ «باتۇر يىللار» ھېكايىسى
ھەققىدە ............................................ 431
XVI — XIX ئەسىرلەردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى ......... 434
شېكسپىر ۋە ئۇنىڭ «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» كومېدىيىسى
ھەققىدە ............................................ 441
گېنرىخ گېيىنې ۋە ئۇنىڭ «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى»
شېئىرى ھەققىدە ..................................... 449

كومېدىيە ھەقـقىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 455
گوگولنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ھەققىدە ................ 457
كىنو ۋە كىنو سىنارىيىسى ھەققىدە ........................ 462
«ئارتىس بولمايدىغان قىز» كىنو سىنارىيىسىدىن
بېرىلگەن پارچە ھەققىدە ................................ 468

# ئۇيغۇر تىلى قىسمى

**1 - سوئال: تىل تاۋۇشلىرى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تىلدا مەنە ئېپادىلەش ياكى مەنە ئۆزگىرىش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك تاۋۇش بىرلىكى - تىل تاۋۇشى ياكى فونېما دەپ ئاتىلىدۇ.

**2 - سوئال: ئۇيغۇر تىلىدا قانچە تاۋۇش بار؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: 32 تىل تاۋۇش، 32 ھەرپ بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئا، ئە، ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ۋ، ئې، ئى، ي.

**3 - سوئال: ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار نېمىگە ئاساسەن سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراش ياكى ئۇچرىماسلىقىغا ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**4 - سوئال: سوزۇق تاۋۇش دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا قانچە سوزۇق تاۋۇش بار؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: ئۆپكىدىن چىققان هاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماي، ئەركىن سوزۇلۇپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار — سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ.

**5 - سوئال: ئۈزۈك تاۋۇش دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا قانچە ئۈزۈك تاۋۇش بار؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: ئۆپكىدىن چىققان هاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار — ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي.

**6 - سوئال: سوزۇق تاۋۇشلار قايسى جەھەتلەردىن قانداق تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئىككى خىل تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**7 - سوئال: تىل ئورنى جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنىغان چاغدا تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدا ئالدىغا سوزۇلۇش ياكى ئارقىغا

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار، تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ئە، ئۆ، ئۈ.
تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئو، ئۇ.
تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلار: ئې، ئى.

8 - سوئال: سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتىگە قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ) ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار (ئا، ئە، ئې، ئى) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

9 - سوئال: ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىنى يېڭىشىگە قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسى؟

جاۋاب: ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىنى يېڭىشىگە قاراپ: 1) پارتلىغۇچى تاۋۇشلار (ب، د، گ، پ، ت، ق، ك)؛ 2) پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار (ج، چ)؛ 3) سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار (ۋ، ز، ژ، ي، غ، س، ش، خ، ھ، ف)؛ 4) دىماغ تاۋۇشلار (م، ن، ڭ)؛ 5) يان تاۋۇش (ل)؛ 6) تىترىگۈچى تاۋۇش (ر) دىن ئىبارەت ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**10 - سوئال: ئۇزۇك تاۋۇشلار نېمىگە ئاساسەن جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش ۋە جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: ئۇزۇك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش - تىترىمەسلىكىگە ئاساسەن جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**11 - سوئال: جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش دېگەن نېمە؟ قايسىلار؟**

جاۋاب: تاۋۇش پەردىسى تىترىگەن هالدا ئېيتىلىدىغان ئۇزۇك تاۋۇشلار — جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار 14 بولۇپ، ئۇلار: ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ، ڭ، ن، م، ل، ۋ، ي.

**12 - سوئال: جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش دېگەن نېمە؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: تاۋۇش پەردىسى تىترىمىگەن هالدا ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار — جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار: پ، ت، چ، خ، س، ش، ق، ف، ك، ھ.

**13 - سوئال: بوغۇم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا تەبىئىي هالدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇش توپى ياكى ئايرىم بىر تاۋۇش — بوغۇم دېيىلىدۇ. مەسىلەن، باغ، ئاش، مەك+تەپ، دەپ+تەر، ئە+دە+بى+يات.

**14 - سوئال: تىلىمىزدىكى بوغۇملار قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: تىلىمىزدىكى بەزى بوغۇملارنىڭ ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن، بەزىلىرىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بوغۇملارنى ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**15 - سوئال: ئوچۇق بوغۇم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇم — ئوچۇق بوغۇم دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئا + ئىلە، ئى + دا + رە، ئو + قۇ + غۇ + چى.

**16 - سوئال: يېپىق بوغۇم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇم — يېپىق بوغۇم دېيىلىدۇ. مەسىلەن، يول + داش، مەك + تەپ، كەت + مەن.

**17 - سوئال: لېكسىكا دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى — لۇغەت تەركىبى ياكى لېكسىكا دەپ ئاتىلىدۇ. لۇغەت تەركىبى بىر مىللەتنىڭ ئاساسىي تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

**18 - سوئال: لۇغەت تەركىبى نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: لۇغەت تەركىبى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن: ئاساسىي لۇغەت فوندى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**19 - سوئال: ئاساسىي لۇغەت فوندى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

جاۋاپ: لۇغەت تەركىبى ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق، ئەڭ پۇختا ۋە يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدىغان سۆزلەر — ئاساسىي لۇغەت فوندى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە: 1) ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق ھەم چۈشىنىشلىك سۆزلەردۇر. شۇڭا ئۇ ئۈيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. 2) ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا ئۇزاق تارىختا، قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئۆزگەرمەي، كىشىلەرنىڭ تىل ئالاقىسىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان سۆزلەردىن ئىبارەت. 3) ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان سۆزلەر تىلىمىزدىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. تىلىمىزدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت فوندىدىن كىرىدىغان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى باشقا سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان.

**20 - سوئال: ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دېگەن نېمە؟**

جاۋاپ: تىلىمىزدىكى ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان سۆزلەردىن باشقا بارلىق سۆزلەر — ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.

**21 - سوئال: ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە قانداق سۆزلەر كىرىدۇ؟**

جاۋاپ: 1) بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئاممىسى بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاز

قوللىنىلىدىغان سۆزلەر: پەلسەپە، ئىجتىمائىي تەلىمات، ئىدراك، ئۇلۇغۋار...

2) ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرى: ماتېماتىكا، فوسفور، تەڭلىمە...

3) يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر: سۈنئىي ھەمراھ، زامانىۋىلاشتۇرۇش، زەربىدارلار...

4) باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر: ئاخبارات، نامزات، تراكتور...

5) كەسپىي ھۈنەر ساھەسىدە مەخسۇس قوللىنىلىدىغان سۆزلەر: مۇكا، شانا، رەندە، ناچا، ئۇسكۇنە...

6) يەرلىك شېۋىلەر: ئايلا، چۇجەم، ھاللاك، ئەدەسىمىز...

7) كونىراپ ئېھتىياجدىن قېپقالغان سۆزلەر: باخشى، تالىپ، مەدرىس... قاتارلىق يەتتە خىل ساھەدىكى سۆزلەر كىرىدۇ.

**22 - سوئال: سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىڭ سۆزلەردە بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى — سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**23 - سوئال: سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئاۋۋالقى ئۇقۇمنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان يېڭى مەنىسى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ ئانام ئوقۇتقۇچى. ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز. يۇقىرىقى ئىككى جۈملىدىكى «ئانا» دېگەن سۆز بىرىنچى جۈملىدە ئەسلى مەنىدە، ئىككىنچى جۈملىدە كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

24 - سوئال: بىر مەنىلىك سۆز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوبيېكتىپ شەيئى، ھادىسە توغرىسىدا بىرلا ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر — بىر مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

25 - سوئال: كۆپ مەنىلىك سۆز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىر ئاساسىي مەنىسى ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر — كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، باش ۋەزىپە — مۇھىم، ئاساسىي ۋەزىپە. باش كۆتۈرۈش — قەد كۆتۈرۈش، پەيدا بولۇش. باش بولۇش — باشلامچىلىق قىلىش. باش ئېگىش — بويسۇنۇش، يېڭىلىش. سۇنىڭ بېشى — سۇنىڭ باشلانغان ئورنى.

26 - سوئال: مەنىداش سۆز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شەكلى ھەر خىل، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر - بىرىگە يېقىن سۆزلەر — مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، يەر، زېمىن، تۇپراق؛ كىشى، ئىنسان، ئادەم.

27 - سوئال: شەكىلداش سۆز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئېيتىلىشى، يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما، مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر — شەكىلداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئات (ئىسىم) — مىنىدىغان ئات. ئات (ئىسىم) — ئات قويماق. ئات (پېئىل) — ملتىقنى ئات؛ ئوت (ئىسىم)— ئوت - چۆپ. ئوت (ئىسىم) — ئوچاقتىكى ئوت.

28 - سوئال: قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز دېگەن نېمە؟
جاۋاب: مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى سۆزلەر — قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ياخشى - يامان، چوڭ - كىچىك، ئېگىز - پەس.

29 - سوئال: تۇراقلىق ئىبارىلەر دېگەن نېمە؟
جاۋاب: ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى قوللىنىش جەريانىدا مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۇراقلىشىپ، بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر تۇراقلىق ئىبارىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

30 - سوئال: تۇراقلىق ئىبارىلەر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟
جاۋاب: تۇراقلىق ئىبارىلەر تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسىگە قاراپ ئىدىئوم، ماقال - تەمسىل دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

31 - سوئال: ئىدىئوم دېگەن نېمە؟
جاۋاب: تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىن باشقا مەنىنى بىلدۈرىدىغان تۇراقلىق ئىبارىلەر — ئىدىئوم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاغزى قۇلىقىدا يەتمەك، دوپپىسىغا جىگدە سالماق.

32 - سوئال: ماقال - تەمسىل دېگەن نېمە؟
جاۋاب: تىلىمىزدىكى تۈزۈلۈشى قىسقا، ئىخچام، لېكىن چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئەقلىيە سۆزلەر — ماقال -

تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈلپىدىكى ھېساب تالالىغا توغرا كەلمەپتۇ. بىلىكى چوڭ بىرنى يېگەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېگەر.

**33 - سوئال: ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ قانداق ئوخشاشلىقى ۋە قانداق پەرقى بار؟**

جاۋاب: ماقال - تەمسىل بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىدىن ئاجرىتىلمايدۇ. بىرىنىڭ ئورنىدا يەنە بىرى قوللىنىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ پەرقىمۇ بار: ماقالدا خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئوي - پىكىرلىرى ئۇدۇل ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئوقۇتۇش بىلەنلا ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن چۈشەنچىلەرنى بىۋاسىتە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، سورا - سورا بىلىم ئاپتۇ، ئويلا - ئويلا كېيىن قاپتۇ. يىراقتىكى تۇغقاندىن - يېقىندىكى قوشنىڭ ياخشى.

تەمسىللەردە بولسا بۇنداق ئوي - پىكىرلەر ئۇدۇل ئەمەس، ھايۋانات ۋە نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋاسىتە قىلغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يىراق بولسا كىشىنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر. مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.

**34 - سوئال: ماقال - تەمسىلنىڭ مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: ماقال بىلەن تەمسىللەر تىل بايلىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر تارمىقىدۇر. ئۇلاردا خەلقنىڭ دانا قاراشلىرى، ئىلغار پىكىرلىرى، چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇلىرى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ساپ دىل، ئادىل، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ھۇرۇنلۇق، ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىككە ئوخشاش يامان ئىللەتلەرنى قامچىلايدۇ.

**35 - سوئال: ماقال - تەمسىللەرنىڭ رولى نېمە؟**

جاۋاب: ماقال - تەمسىللەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇ ئېيتماقچى بولغان ئوي - پىكىرنى جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

**36 - سوئال: سۆز تومۇرى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلىتىدىغان، مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان سۆزلەر — تۈپ سۆز ياكى سۆز تومۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئىش، باغ، بىل، ياز، باش، ئال، بۇغداي.

**37 - سوئال: قوشۇمچە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدىغان ھەم تىلدا ئايرىم قوللىنىلمايدىغان، پەقەت سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، قوشۇمچە مەنە ئاڭلىتىدىغان بۆلەكلەر — قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەمگەكچى، كۈرەشچان، يولداش، ئۆيۈم، يازما، بازاردىن» دېگەن سۆزلەردىكى «چى، چان، داش، يۈم، ما، دىن» دېگەن بۆلەكلەر قوشۇمچە بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا مەنە ئاڭلاتمايدۇ ھەم تىلدا ئايرىم قوللىنىلمايدۇ.

**38 - سوئال: تۈپ سۆز دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بىرلا تومۇردىن تۈزۈلگەن، مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان سۆزلەر تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

**39 - سوئال: جۈپ سۆز دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق يېزىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلگەن ھەم يېڭى، ھەم كەڭ مەنە ئىپادىلەي-

دىغان سۆز ــ جۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈپ سۆزلەر ئارىلىقىغا سىزىقچە ( - ) قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، غەم - قايغۇ، ئىشچى - دېھقان، تىل - يېزىق، ئېگىز - پەس، غىل - پال، كەينى - كەينىدىن،

**40 - سوئال: بىرىككەن سۆز دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ زىچ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا شەيئى ياكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز ــ بىرىككەن سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، تاشپاقا، ئاشقازان، بەلباغ، ئاقباش، ئوت قاتارلىقلار.

**41 - سوئال: ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر مەنىسىگە ھەم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قانداق تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: تىلىمىزدىكى سۆزلەر ئالدى بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر دېگەن ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ.

**42 - سوئال: مۇستەقىل سۆزلەر دېگەن نېمە؟ ئۇلار تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە مەنىسىگە ئاساسەن يەنە قانداق تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: لېكسىكىلىق مەنە ھەم گراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولغان، جۈملىنىڭ بىرەر بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ــ مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مۇستەقىل سۆزلەر يەنە ئۆزىنىڭ مەنىسى ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، ئالماش، پېئىل، رەۋىش، تەقلىد سۆزدىن ئىبارەت سەككىز تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

**43 - سوئال: ياردەمچى سۆزلەر دېگەن نېمە؟ ئاس-چىگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدى-غان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەر ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر — ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلى-دۇ. ياردەمچى سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار: ① تىركەلمىلەر، ② باغلىغۇچىلار، ③ يۈكلىمىلەردىن ئىبارەت.

**44 - سوئال: ئۇيغۇر تىلىدا كونكرېت قانچە سۆز تۈركۈمى بار؟**

جاۋاب: يۇقىرىدا دېيىلگەن مۇستەقىل سۆزلەر ۋە يار-دەمچى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان «ئىملىق سۆز» دېگەن سۆز تۈركۈمى بىلەن قوشقاندا، جەمئىي 12 سۆز تۈر-كۈمى بولۇپ، بۇلار: 1) ئىسىم، 2) سۈپەت، 3) سان، 4) مىقدار، 5) ئالماش، 6) پېئىل، 7) رەۋىش، 8) تەقلىد سۆز، 9) تىركەلمە، 10) باغلىغۇچى، 11) يۈكلىمە، 12) ئىملىق سۆز.

**45 - سوئال: ئىسىم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر — ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسىم-لارغا كىم؟ كىملەر؟ نېمىلەر دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

**46 - سوئال: ئىسىملار مەنە جەھەتتىكى ئىخچاملاش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: ئىسىملارنى مەنە جەھەتتىكى ئىخچاملاش خۇسۇ-سىيىتىگە ئاساسەن خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**47 - سوئال: خاس ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئومۇمىي ئىسىم دېگەنچۇ؟**

جاۋاب: بىر خىلدىكى شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئايرىم شەيئىنىڭ ئۆزىگىلا مەخسۇس قويۇلغان ناملار — خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قادىر، ئايشەم، قەشقەر، تارىم، شىنجاڭ گېزىتى دېگەنلەردەك.

بىر خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار — ئومۇمىي ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەم، دۆلەت، شەھەر، گېزىت، دەريا.

**48 - سوئال: ئىسىملار ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈش تەركىبىگە قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: ئىسىملار ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەم تەركىبىگە قاراپ، تۈپ ئىسىم ۋە ياسالما ئىسىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**49 - سوئال: تۈپ ئىسىم دېگەن نېمە؟ ياسالما ئىسىم دېگەنچۇ؟**

جاۋاب: مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان، سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم — تۈپ ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، كەپتەر، كىتاب، دەرس، خىزمەت.

تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ھەم ئىككىدىن ئارتۇق ئىسىمنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار ياسالما ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، كەپتەرۋاز، ئاشپەز، ئاشلىق، بەلباغ.

**50 - سوئال: ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ قايسى شەخسكە قاراشلىق

دەپ ئاتىلىدۇ.

**51 - سوئال: شەخس قوشۇمچىلىرى قانچە يۈرۈش بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ئۈچ شەختە، بىرلىك شەختە ھەم كۆپلۈكتە كېلىدۇ.

I شەخس بىرلىك ئۈچۈن: م، - ىم، - ۇم، - ۈم، كۆپلۈك ئۈچۈن - مىز، - ىمىز.

II شەخسنىڭ بىرلىك ئاددىي تۈرى ئۈچۈن: ڭ، - ىڭ، ۇڭ، - ۈڭ.

III شەخسنىڭ بىرلىك ھۆرمەت تۈرى ئۈچۈن: ڭىز، - ىڭىز، - لىرى.

II شەخسنىڭ كۆپلۈكى ئۈچۈن: ڭلار، - ىڭلار، - ۇڭلار، - ۈڭلار.

III شەخس بىرلىك ھەم كۆپلۈك ئۈچۈن ئوخشاشلا - ى، - سى قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

**52 - سوئال: كېلىش قوشۇمچىلىرى دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا قانچە كېلىش بار؟ ئۇلار قايسىلار؟**

جاۋاب: ئىسىملارنى جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن باغلاش رولىنى ئوينايدىغان قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كېلىش بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: 1) باش كېلىش (قوشۇمچىسى يوق). 2) ئىگىلىك كېلىش (- نىڭ). 3) چۈشۈم كېلىش (- نى). 4) بېرىش كېلىش (- گە، كە، غا، قا). 5) چىقىش كېلىش (دىن، تىن). 6) ئورۇن - پەيت كېلىش (- دە، تە، دا، تا).

**53 - سوئال: ئىسىملار جۈملىدە قانداق ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ؟**

جاۋاب: 1) باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى. 2) باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن، پايتەختىمىز — بېيجىڭ. بۇ ئىشنى قىلغان ئەخمەت. 3) ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئەگەر جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كەلمەي خەۋەرنىڭ ئالدىدا كەلسە ئېنىقلىغۇچى، جۈملە ئاخىرىدا كەلسە خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن، خوتەننىڭ كىلىمى (ئىگە) دۇنياغا داڭلىق. بۇ قەلەم ئەخمەتنىڭ (خەۋەر).

4) چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن-پەيت كېلىشلەردە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، سۆزۈڭنى دۈشمەن ئىگىرلايدۇ، دوست خاتايىڭنى توغرىلايدۇ. گراماتىكا كىتابىنى بىرىنى ئالغاچ كېلىڭ. ئەخمەتكە مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. 5) ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار سۈپەت ۋە سانلار بىلەن بىللە كەلگەندە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، نۇرغۇن يىللار جاپالىق كۆرەش قىلدۇق. سىزنى ئىككى سائەت ساقلىدىم.

**54 - سوئال: سۈپەت دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى، تۈرىنى، تەمىنى، شەكلىنى، ھەجمىنى، خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر — سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قار، قىزىل، سوقا، قاتتىق، ئېگىز، گۈزەل، ياخشى...

55 ـ سوئال: سۇپەتلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: سۇپەتلەر مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن: تۈپ سۇپەت، قوشما سۇپەت ۋە ياسالما سۇپەت دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

56 ـ سوئال: تۈپ سۇپەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىرلا تومۇردىن تۈزۈلگەن سۇپەتلەر ـــ تۈپ سۇپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاق، قارا، سېمىز، ئورۇق، چوڭ، ياخشى، ئىسسىق.

57 ـ سوئال: قوشما سۇپەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىككى تۈزۈلۈشتىن تۈزۈلگەن سۇپەت ــ قوشما سۇپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، چوڭ ـ كىچىك، ئالىيجاناب، ياش ـ قېرى، بادام قاپاق.

58 ـ سوئال: ياسالما سۇپەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان سۇپەتلەر ـ ياسالما سۇپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئىشچان، كۈچلۈك، ئەقىللىق، كۈچسىز، كۆڭۈلچەك.

59 ـ سوئال: سۇپەت دەرىجىلىرى دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا سۇپەتلەر نەچچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەردە بولىدىغان بىر خىل تۈردىكى سۇپەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق ياكى كەملىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرقلىنىشى ـــ سۇپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۇپەتلەرنىڭ دەرىجىلىرى بەشكە بۆلۈ-

نىدۇ: 1) ئەسلى دەرىجە: قارا، ئېگىز، سېرىق، چوڭ. 2) سېلىشتۇرما دەرىجە: قارىراق، ئېگىزرەك، چوڭراق. 3) ئاشۇرما دەرىجە: قاپقارا، بەك ئېگىز، چوپچوڭ. 4) كېمەيمە دەرىجە: قارامتۇل، ئاقۇچ، قىزغۇچ. 5) ئەركىلەتمە دەرىجە: قاراغىنا، ئېگىزگىنە، سېرىققىنا.

60 - سوئال: ئەسلى دەرىجە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى سېلىشتۇرماي، ئاشۇرماي، كېمەيتمەي، ئادەتتىكىچە ئىپادىلەيدىغان سۈپەت شەكلى — ئەسلى دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلى دەرىجىنىڭ قوشۇمچىسى يوق.

61 - سوئال: سېلىشتۇرما دەرىجە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟

جاۋاب: شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، بىرنى ئىككىنچىسىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى — سېلىشتۇرما دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ. سېلىشتۇرما دەرىجە ئەسلى دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-راق، -رەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ياخشى - راق، كۆك - رەك.

62 - سوئال: ئاشۇرما دەرىجە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى — ئاشۇرما دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاشۇرما دەرىجە تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: 1) رەڭ، تۈسنى بىلدۈرىدىغان تۈپ سۈپەت بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشقا «پ» تاۋۇشىنى

قوشۇپ، ئاندىن شۇ سۆپەتنى تولۇق ئىپتىشى بىلەن ئىپادىلە-
نىدۇ. مەسىلەن، ئاق - ئاپئاق، قارا - قاپقارا، توپ - تۈپتۈز.
2) ئەسلى دەرىجىدىكى تۈپ سۆپەتلەرنىڭ ئالدىغا
«ئەڭ، تېخىمۇ، ناھايىتى، غايەت، ئىنتايىن، خويمۇ، ئاجايىپ»
قاتارلىق كۈچەيتىش رەۋىشلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئاشۇرما
دەرىجە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ چىرايلىق، بەكمۇ ياخشى،
غايەت زور، خويمۇ ئوبدان.

63 - سوئال: كېمەيتمە دەرىجە دېگەن نېمە؟ ئۇ
قانداق ياسىلىدۇ؟

جاۋاب: نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى ئادەتتىكىدىن كېمەيتىپ،
ئاجىزلىتىپ كۆرسىتىدىغان سۆپەت شەكلى — كېمەيتمە دەرىجە
دەپ ئاتىلىدۇ. سۆپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى ئاز ساندىكى
رەڭ تۈسىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرگىلا خاس بولۇپ، ئەسلى
دەرىجىنىڭ ئاخىرىغا «ۇم، ۈم، غۇچ، متۇل» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلى-
نىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، كۆك - كۆكۈچ، ئاق - ئاقۇچ،
قىزىل - قىزغۇچ، قارامتۇل.

64 - سوئال: ئەركىلەتمە دەرىجە دېگەن نېمە؟
ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟

جاۋاب: سۆپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى ئەسلى
دەرىجىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «غىنا، قىنا، گىنە، كىنە»
قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن،
كىچىككىنە، يۇمىلاققىنە، چىرايلىققىنە.

65 - سوئال: سۆپەتلەر ئادەتتە ئىسىملارغا باغلىنىپ،
ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەمدۇ؟

جاۋاب: 1) سۆپەتلەر ئادەتتە ئىسىملارغا باغلىنىپ
ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، قىزىل ياغلىق. كۆيۈم-

دۇ. مەسىلەن، ئۇرۇمچىنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل، پاتەمنىڭ خېتى چىرايلىق. 3) سۈپەتلەر ئىسىم ئورنىدا كەلگەندە ئىسىم، ئەگە ھەم تولدۇرغۇچى بولىدۇ. ئەگە بولغاندا باش كېلىشتە، تولدۇرغۇچى بولغاندا چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىشلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىشچان تېپىپ يەيدۇ، ھورۇن يېتىپ (باش كېلىش، ئەگە). مەن گۈلنىڭ قىزىلىنى ياخشى كۆرىمەن (چۈشۈم كېلىش، تولدۇرغۇچى). ياغلىقنىڭ قىزىلىدىن بىرنى سېتىۋالدىم (چىقىش كېلىش، تولدۇرغۇچى). شەرەپ قەھرىمانلارغا مەنسۇپ (بېرىش كېلىش، تولدۇرغۇچى). بۇ خىل روھ قەھرىمانلاردا بولىدۇ (ئورۇن - پەيت كېلىش، تولدۇرغۇچى).

**66 - سوئال: سان دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى، ھېساباتىنى، سان جەھەتتىكى تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر — سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئىككى نەپەر ئادەم. بەش دانە دەپتەر. ئىككى تۇياق قوي. 1 - يىللىق 1 - سىنىپ. 1997 - يىل.

**67 - سوئال: سانلار بىلدۈرىدىغان مەنىلىرىگە قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: سانلار ئۆزلىرىنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىلىرىگە قاراپ: ساناق سان، دەرىجە سان، مۆلچەر سان، ئۆملۈك سان، كەسىر سان دېگەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**68 - سوئال: ساناق سان دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى بىلدۈرىد

«نەچچە؟ قانچە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**69 - سوئال: دەرىجە سان دېگەن نېمە؟ قانداق ياسىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلار — دەرىجە سان دەپ ئاتىلىدۇ. دەرىجە سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «ىنچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. جۈملىدە «قانچىنچى، نەچچىنچى» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى مەسىلە. 14 - قۇرۇلتاي. 1997 - يىل 2 - ئاي.

**70 - سوئال: مۆلچەر سان دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى تەخمىنەن كۆرسىتىدىغان سانلار — مۆلچەر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

مۆلچەر سانلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ: 1) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «چە» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، مىڭ + چە = مىڭچە. ئون + چە = ئونچە. 2) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «-لار، -لەر، -لاپ، -لەپ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئون + لاپ = ئونلاپ. يۈز + لەپ = يۈزلەپ، 3) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «لىغان، لىگەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئون + لىغان = ئونلىغان، يۈز + لىگەن = يۈزلىگەن. 4) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «دەك، تەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، يۈز + دەك = يۈزدەك. بەش + تەك = بەشتەك. 5) ئىككى سا-

ناق سانىنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئىپتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، بەش ـ ئالتە، ئوتتۇز-قىرىق.

71 - سوئال: ئۆملۈك سان دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟

جاۋاب: مەلۇم بىر ئىشتا، ھەرىكەتتە بىر قانچە كىشىنىڭ توپىنى، بىللە بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان سانلار — ئۆملۈك سان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆملۈك سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «يىلەن، ئەيلەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، بەش + ئەيلەن = بەشەيلەن. ئالتە + يىلەن = ئالتەيلەن.

72 - سوئال: كەسىر سان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىسىنى، بۆلەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سان — كەسىر سان دەپ ئاتىلىدۇ. كەسىر سانلار مەخرەجنى ۋە سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساندىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، ئىككىدىن بىر $\left(\frac{1}{2}\right)$، تۆتتىن ئۈچ $\left(\frac{3}{4}\right)$.

73 - سوئال: سانلار جۈملىدە قانداق ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ؟

جاۋاب: 1) سانلار كۆپىنچە ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، سىنىپىمىزدا 42 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. 2) ئىسىملارنىڭ باش كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەشى تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىدى. 3) سانلار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈن ئىككىنچى ئايغا بەش. 4) سانلار باش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر بىلەن

تۇرلىنىپ تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن، بەشكە سەككىزنى كۆپەيتسەك، قىرىق بولىدۇ. 5) سائلار پېئىللارنى ئىنقىلاپ كەلسە، هالەت بولىدۇ. مەسىلەن، ئاكام سائەت بەشتە كەلدى.

**74 - سوئال: ئالماش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: جۈملىدە ئۆزىدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى — ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، سىز قاچان تۇغۇلغان؟ ئۇنى تونۇمسىز؟ سىز كىمنىڭ بالىسى؟ ئۆيىڭىز قەيەردە؟

**75 - سوئال: ئالماش قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

جاۋاب: ئالماشلار جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ۋە ئاڭلاتقان مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ: 1) شەخسلىك ئالماش: (مەن، سەن، بىز، سىلەر، ئۇلار)؛ 2) كۆرسىتىش ئالماش: (ئۇ، بۇ، ئاۋۇ، مۇشۇ)؛ 3) سوئال ئالماش: (كىم؟ نېمە؟ قانچىنچى؟ قايسى؟)؛ 4) ئۆزلۈك ئالماش: (ئۆز)؛ 5) ئىنقىلاش ئالماش: (هەرقانچە، هەرقانداق، هەركىم)؛ 6) ئومۇملۇق ئالماش: (هەممە، جىمى، بارلىق، بارچە)؛ 7) بەلگىسىز ئالماش: (ئاللاكىم، ئاللىنېمە)؛ 8) بولۇشسىز ئالماش: (هېچكىم، هېچنېمە، هېچقايسى).

**76 - سوئال: شەخسلىك ئالماش دېگەن نېمە؟ شەخس ئالماشلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئالماش — شەخسلىك ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

شەخس ئالماشلىرى مەنە جەهەتتە سۆزلىگۈچى (I شەخس)،

تىڭشىغۇچى (II شەخس)، ئۆزگىدىن ئىبارەت ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈكتە كېلىدۇ. I شەخس بىرلىك ئۈچۈن: مەن، كۆپلۈك ئۈچۈن: بىز. II شەخس بىرلىك ئۈچۈن: سەن، بىز، كۆپلۈك ئۈچۈن: سىلەر. III شەخس بىرلىك ئۈچۈن: ئۇ، كۆپلۈك ئۈچۈن: ئۇلار.

**77 - سوئال: كۆرسىتىش ئالماش دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە شەيئىلەرنى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، سان - مىقدارىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان ئالماشلار — كۆرسىتىش ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆرسىتىش ئالماشلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئۇ، بۇ، شۇ، مۇشۇ، مۇنۇ، ئاۋۇ، ئاشۇ، ئەنە، مانا، ئۇنداق، مۇنداق، شۇنداق، ئاشۇنداق، مۇشۇنداق، ئانچە، مۇنچە، شۇنچە، ئۇنچىلىك، مۇنچىلىك، شۇنچىلىك، مۇشۇنچىلىك.

**78 - سوئال: سوئال ئالماشلىرى دېگەن نېمە؟ تىلىمىزدىكى سوئال ئالماشلىرى قايسى؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەر ھەققىدە سوئالنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار — سوئال ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدا: كىم؟ نېمە؟ قانداق؟ قايسى؟ قاچان؟ قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىك؟ قانچىنچى؟ قايەردە قاتارلىق سوئال ئالماشلىرى قوللىنىلىدۇ.

**79 - سوئال: ئېنىقلاش ئالماش دېگەن نېمە؟ ئېنىقلاش ئالماش قايسى؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت، سان ھەم مىقدارىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېنىقلاپ كۆرسىتىدىغان ئالماشلار — ئېنىقلاش ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدا «ھەرقانداق، ھەرقاچان، ھەركىم، ھەرنېمە، ھەربىر، ھەر قاچان، ھەرقايسى» دېگەن ئىنقلاش ئالماشلىرى قوللىنىلىدۇ.

**80 - سوئال: ئۆزلۈك ئالماش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرسىتىش، تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «ئۆز» سۆزى — ئۆزلۈك ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزلۈك ئالماش دائىم شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ھالدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆزەم، ئۆزىمىز، ئۆزدەك، ئۆزىڭىز، ئۆزى، ئۆزلىرى.

**81 - سوئال: ئۇملۇك ئالماش دېگەن نېمە؟ تىلىمىزدىكى ئۇملۇك ئالماشلىرى قايسى؟**

جاۋاب: مەلۇم ئىش - ھەرىكەتكە ئالاقىدار ئادەم ۋە نەرسىلەرنى جەمئىيلەپ كۆرسىتىدىغان ئالماشلار ئۇملۇك ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. تىلىمىزدىكى «ھەممە، جەمئىي، بارلىق، بارچە» دېگەن سۆزلەر ئۇملۇك ئالماشلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**82 - سوئال: بەلگىسىز ئالماش دېگەن نېمە؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سانىنىڭ ئېنىقسىز، نامەلۇم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار — بەلگىسىز ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى بەلگىسىز ئالماشلار: «ئاللىكىم، ئاللىنېمە، ئاللىقاچان، ئاللىقانداق، ئاللىقانچە، قانداقتۇ، قاچاندۇ، قايسىبىر، بىرقانچە، بىرمۇنچە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**83 - سوئال: بولۇشسىز ئالماش دېگەن نېمە؟ تىلىمىزدىكى بولۇشسىز ئالماشلار قايسى؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سانى ھەققىدە يوقلۇق، ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار — بولۇشسىز

ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. تىلىمىزدىكى بولۇشسىز ئالماشلار: ھېچ كىم، ھېچنېمە، ھېچقايسى، ھېچقانداق، ھېچقاچان، ھېچقانچە، ھېچ نەرسە، ھېچبىر، ھېچ يەر.

**84 - سوئال: ئالماشلار جۈملىدە قانداق ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ؟**

جاۋاب: 1) تولىراق ئىسىملارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، مەن ئەلا نەتىجە بىلەن سىنىپ كۆچۈشكە تىرىشىمەن. 2) ئالماشلار جۈملىدە خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ كىتاب مېنىڭكى. تام كېزىتىنى ئىشلىگەنلەر بىز. 3) ئالماشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن. ئۇ مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. سىزنى ئۇزاق ساقلىدىم. سىلەرگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گەپ بار. سىزدە گرامماتىكىغا دائىر كىتابلار بارمۇ؟ 4) جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ مەكتەپ ناھايىتى گۈزەل. مۇنۇ كىتابنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ.

**85 - سوئال: پېئىل دېگەن نېمە؟ قانداق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ؟**

جاۋاب: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ھەم ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى - پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىللار: «نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە قىلمىندى؟ نېمە قىلغان؟ نېمە قىلماقچى؟ نېمە بولماقچى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**86 - سوئال: پېئىللار ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: پېئىللار ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**87 - سوئال: توپ پېئىل دېگەن نېمە؟ ياسالما پېئىل دېگەنچۇ؟**

جاۋاب: پېئىلنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، ھېچقانداق قوشۇمچە ئۇلانمىغان پېئىل تومۇرى — توپ پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «بىل، كەت، كەل، ماڭ، تۇر، ئوقۇ، ياز». توپ پېئىللارغا ياكى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار — ياسالما پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئىش + لەش = ئىشلەش. باش + لا = باشلا.

**88 - سوئال: بولۇشلۇق پېئىل دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ بولغانلىقىنى، بولىۋاتقانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل — بولۇشلۇق پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، يازدى، يېزىۋاتىدۇ، يازىدۇ، ئوقۇدى، ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇيدۇ.

**89 - سوئال: پېئىل زامانلىرى دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا نەچچە زامان بار؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: پېئىللارنىڭ ۋاقىتقا بولغان مەنىلىرى — پېئىل زامانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا ئۈچ زامان بار. ئۇلار:

1) **ھازىرقى زامان**: يېزىۋاتىدۇ، ئوقۇۋاتىدۇ، كۈلۈۋاتىدۇ.

2) كېلىدىغان زامان: يازىمەن، ئىشلەيمەن، ئوقۇيمەن، كېلىمەن.

3) ئۆتكەن زامان: يازدى، ئوقۇدى، ئىشلىدىم، كەلدىڭ.

**90 - سوئال: پېئىللار نېمىگە ئاساسەن شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

**جاۋاب**: پېئىللار مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىش - ھەرىكەتنى

بىلدۈرۈش - بىلدۈرمەسلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**91 - سوئال: شەخسلىك پېئىل دېگەن نېمە؟ پېئىللار قانچە شەخس بويىچە تۈرلىنىدۇ؟ مەسىلەن قانداق؟**

جاۋاب: پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، شۇ پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. شەخسلىك پېئىللار ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | مەن ئالدىم | بىز ئالدۇق |
| | مەن ئالىمەن | بىز ئالىمىز |
| | مەن ئېلىۋاتىمەن | بىز ئېلىۋاتىمىز |
| II شەخس | سەن ئالدىڭ | سىلەر ئالدىڭلار |
| | سەن ئېلىۋاتىسەن | سىلەر ئېلىۋاتىسىلەر |
| | سەن ئالىسەن | سىلەر ئالىسىلەر |
| III شەخس | ئۇ ئالدى | ئۇلار ئالدى |
| | ئۇ ئېلىۋاتىدۇ | ئۇلار ئېلىۋاتىدۇ |
| | ئۇ ئالىدۇ | ئۇلار ئالىدۇ |

**92 - سوئال: شەخسسىز پېئىل دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

جاۋاب: مەلۇم شەخسكە تەۋە بولمىغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.

شەخسسىز پېئىللار: سۈپەتداش (سۈپەت پېئىل)، رەۋىشداش (ھال پېئىل)، ئىسىمداش (ھەرىكەت نامى) دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**93 - سوئال: سۈپەتداش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟**

جاۋاب: ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان پېئىل تۈرى: سۈپەتداش دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ: (1) پېئىل يىلتىزىغا «غان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئال - غان، يات - قان، ئالدىر - غان، كەت - كەن، ئال - ما - غان. (2) پېئىل يىلتىزىغا «ار، ەر» ۋە بولۇشسىزغا «ماس، مەس» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن، بارار جايىم. كۆرەر كۆزۈم. كېتەر كۈنۈم. تۈگىمەس قول. ئاقماس سۇ.

**94 - سوئال: رەۋىشداش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟**

جاۋاب: ھەم پېئىللىق، ھەم رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان پېئىل تۈرى — رەۋىشداش دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشداشلار تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ:

1) پېئىل يىلتىزىغا «پ، ىپ، ۇپ، ۈپ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. بۇنداق رەۋىشداشلار ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلدى. 2) پېئىل يىلتىزىغا «غىچە، قىچە، گىچە، كىچە» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن، سەن يېزىپ بولغۇچە مەن كېلىمەن. ئۇ كەلمىگىچە ئىشلەپ تۇرغىن. 3) پېئىل يىلتىزىغا «غاچ، قاچ، گەچ، كەچ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ياز - غان، كەت - كەچ، ماڭ - غاچ، بار - غاچ. 4) پېئىل يىلتىزىغا

يـاز ـ غـلى، كەت ـ كـلى، كۆر ـ گـلى، يات ـ قـلى.

**95 ـ سوئال: رەۋىشداشلار ياسلىشىغا قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇ قايسى؟**

جاۋاب: رەۋىشداشلار ياسلىشىغا قاراپ: 1) ھالەت رەۋىشداشلار: كۆرۈپ، يېزىپ، ئوقۇپ. 2) ۋاقىت رەۋىشداشلار: يازغىچە، كۆرگىچە، ئوقۇغۇچە. 3) چېتىلما رەۋىشداشلار: يازغاچ، كۆرگەچ، ئوقۇغاچ. 4) سەۋەب رەۋىشداشلار: يازغاچقا، كۆرگەچكە، ئوقۇغاچقا. 5) مەقسەت رەۋىشداشلىرى: يازغىلى، كۆرگىلى، ئوقۇغىلى.

**96 ـ سوئال: ئىسمداش (ھەرىكەتنام) دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟**

جاۋاب: ھېچقانداق زامانغا تەۋە بولماي ھەم پېئىللىق، ھەم ئىسىملىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان پېئىل تۈرى ئىسمداش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن ياسىلىدۇ:

1) پېئىل يىلتىزىغا «ش، ىش، ۇش، ۈش» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇ + ش، ياز + ىش، كۆر + ۈش، تۇت ـ ۇش. 2) پېئىل يىلتىزىغا «ماق، مەك» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ياز + ماق، ئوقۇ + ماق، كۆر + مەك. 3) پېئىل يىلتىزىغا «غۇ، قۇ، گۇ، كۇ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ياز + غۇ، يات + قۇ، سۈركە + گۈ

**97 ـ سوئال: رەۋىش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ـــ رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

**98 - سوئال: رەۋىشلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: رەۋىشلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددىي رەۋىش، قوشما رەۋىش ۋە ياسالما رەۋىش دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**99 - سوئال: ئاددىي رەۋىش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بىرلا تومۇردىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر — ئاددىي رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، چاپسان، ئاستا، ھازىر، ھامان، كېيىن، دەرھال.

**100 - سوئال: قوشما رەۋىش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بەلگىلىك تەرتىپتە كەلگەن جۈپ سۆزلەردىن ياكى ئىككى سۆزنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە قاتارلىشىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر — قوشما رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئالمان - تالمان، ئوپۇل - توپۇل، سەل - پەل.

**101 - سوئال: ياسالما رەۋىش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تۈپ سۆزلەرگە تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر — ياسالما رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاساس + ەن، چۈش + كىچە، كەچ + لەپ.

**102 - سوئال: رەۋىشلەر مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: رەۋىشلەر بىلدۈرىدىغان مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن: ھالەت رەۋىشلىرى، ئورۇن رەۋىشلىرى، ۋاقىت رەۋىشلىرى، دەرىجە رەۋىشلىرى، مەقسەت رەۋىشلىرى دېگەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

103 - سوئال: هالەت رەۋىشى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر — ھالەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، چاپسان، ئاستا، ئاران، ھارماي - تالماي.

104 - سوئال: ئورۇن رەۋىشلىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ياكى يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر — ئورۇن رەۋىشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، نېرى، بېرى، ئالدى، كەينى، يۇقىرىدا، تۆۋەندە.

105 - سوئال: ۋاقىت رەۋىشلىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر — ۋاقىت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىر، بۇلتۇر، ھازىرغىچە، قىشقىچە.

106 - سوئال: دەرىجە رەۋىشى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسى، مىقدارىنى، ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر دەرىجە رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ناھايىتى، ئىنتايىن، خويمۇ، پۈتۈنلەي.

107 - سوئال: مەقسەت رەۋىشى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىكى مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر — مەقسەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

**108 - سوئال: ياردەمچى سۆزلەر دېگەن نېمە؟ ياردەمچى سۆزلەر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

جاۋاب: ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدىغان، سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەر — ياردەمچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) تىركەلمىلەر: (بىلەن، ئۈچۈن، ئارقىلىق، توغرىسىدا، توغرۇلۇق قاتارلىقلار)؛ 2) باغلىغۇچىلار: (ۋە، ھەم، بىلەن، ھەمدە، يەنە، يا، ياكى، نە، قا، بەلكى، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمما، لېكىن، بىراق)؛ 3) يۈكلىمىلەر: (دۇ، يۇ، چۇ، مۇ، غۇ......)

**109 - سوئال: جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى بىلدۈرگەن بىر سۆز ياكى بىرقانچە سۆزنىڭ ئۆزئارا بىرىكمىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**110 - سوئال: جۈملە يېزىلغاندا ئاخىرىغا قانداق تىنىش بەلگىلىرى قويۇلىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىنى يازغاندا، ھەربىر جۈملە ئاخىرىغا مۇشۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ: چېكىت (.)، پەش (،)، سوئال (؟)، ئۈندەش (!) بەلگىلىرى قويۇلىدۇ.

**111 - سوئال: جۈملە مەزمۇنىغا ئاساسەن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىلەر مەزمۇنى ۋە ئىپتىلىش ئاھاڭىغا

جۇملە، ④ ئۇندەش جۇملە دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**112 - سوئال: خەۋەر جۇملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بىرەر شەيئى - ھادىسە، ئىش - ھەرىكەت ھەققىدىكى ئوي - پىكىرنى خەۋەر ياكى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەپ بېرىدىغان جۇملىلەر — خەۋەر جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، تاڭ ئاتتى، ئوقۇغۇچىلار گىمناستىكا ئوينىماقتا.

**113 - سوئال: خەۋەر جۇملىلەر سۆزلىگەندە قانداق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ؟ يېزىقتا قانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلىدۇ؟**

جاۋاب: خەۋەر جۇملىلەر سۆزلىگەندە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر خىل ئاھاڭدا ئېيتىلىپ كېلىپ، جۇملىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تاۋۇش پەسىيىپ چۈشىدۇ. سۆزلىگەندە بىر جۇملە بىلەن ئىككىنچى جۇملىنىڭ چېكى تىنىش (پائۇزا) ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، يېزىقتا چېكىت ياكى پەش ۋە ياكى چېكىتلىك پەش ئارقىلىق ئايرىلىدۇ.

**114 - سوئال: سوئال جۇملە دېگەن نېمە؟ قانداق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ؟ قانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلىدۇ؟**

جاۋاب: مەلۇم نەرسە، ھادىسە ياكى ئىش - ھەرىكەت توغرىسىدا سوئال مەزمۇنىدا ئېيتىلىدىغان جۇملە — سوئال جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ. سوئال جۇملىلەردىكى سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، شۇ جۇملىدىكى ئادەتتىكى سۆزلەرگە قارىغاندا كۆتۈرەڭگۈرەك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ. سوئال جۇملىلەرنىڭ ئاخىرىغا يېزىقتا سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ.

**115 - سوئال: سوئال جۇملىلەر قانداق تۈزۈلىدۇ؟**

جاۋاب: تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن تۈزۈلىدۇ:

1) سوئال ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ: مەسىلەن، سىز كىم بولىسىز؟ سىز قەيەردە ئوقۇيسىز؟

2) جۇملىدە خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا «مۇ، ما، دۇ، چۇ، دا، دە» ئۇلانمىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، بۇ كىتابنى سەن ئوقۇغانمۇ؟ سەن كەپسەن، ئايگۈلچۇ؟

3) جۇملىدە سوئال ئالماشلىرى، سوئال ئۇلانمىلىرى قاتناشمىسىمۇ جۇملە ئاخىرىدىكى سۆزنىڭ سوئال ئاھاڭىدا ئېيتىلىشى بىلەن سوئال جۇملە تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، شۇنداق قىلىپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم دېگىن؟

**116 - سوئال: بۇيرۇق جۇملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تىلەك، شوئار، چاقىرىق، ئۈمىد، ئارزۇ مەزمۇنىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۇملىلەر — بۇيرۇق جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، پاتەمنى چاقىرغىلى سىز بېرىڭ. ئۇلار دەرھال كەلسۇن.

**117 - سوئال: بۇيرۇق جۇملىلەر قانداق تىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ؟ يېزىقتا قانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلىدۇ؟**

جاۋاب: بۇيرۇق جۇملىلەرنىڭ بەزىلىرى ئېغىزدا كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلسا، بەزىلىرى پەس ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يەنى بۇيرۇق، شوئار ۋە ئارزۇ، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۇملىلەر كۈچلۈك، كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا بولسا ئۈندەش (!) بەلگىسى قويۇلىدۇ. ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۇملىلەر پەسرەك

ياشىسۇن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز! (شوئار) رۇخسەت قىلىڭ، مەن باراي. (ئۆتۈنۈش)

**118 - سوئال: ئۈندەش جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس - ھاياجانلىرىنى (ئارزۇ - ئارمان، خۇشاللىق، قانائەتلىنىش، غەزەپلىنىش، خاپا بولۇش، پۇشايمان قىلىش، ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش قاتارلىقلار) ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر — ئۈندەش جۈملە دېيىلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. مەسىلەن، ئىھ، ئانا ۋەتەن! سەن نېمىدېگەن گۈزەلسەن!

**119 - سوئال: جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش يوللىرى نەچچە خىل بولىدۇ؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: ئىككى خىل بولىدۇ. ① تەڭداش باغلىنىش. ② بېقىندى باغلىنىش.

**120 - سوئال: مۇستەقىل باغلىنىش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: جۈملىدە ۋەزىپىسى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ باغلىغۇچىلار ئارقىلىق (ۋاستىلىك) ياكى باغلىغۇچىلارسىز (ۋاستىسىز) ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىشى مۇستەقىل باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ باغدا ئالما، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار. باغدا ئالما ۋە نەشپۈتلەر پىشىپ كەتتى.

**121 - سوئال: بېقىندى باغلىنىش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: جۈملە تەركىبىدىكى بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزگە بېقىنىپ، ئەگىشىپ كېلىشى — بېقىندى باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

122 - سوئال: بېقىندى باغلىنىش نەچچە خىل بولىدۇ؟ ئۇلار قايسى؟

جاۋاب: تۆت خىل بولىدۇ. ئۇلار: ① كېلىشىش باغلىنىش، ② چىرمىشىش باغلىنىش، ③ باشقۇرۇش باغلىنىش، ④ ياندىش باغلىنىش.

123 - سوئال: كېلىشىش باغلىنىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بېقىندى سۆزنىڭ باش سۆزگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن سان ۋە شەخس جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى — كېلىشىش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. كېلىشىش باغلىنىش ئاساسەن، ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن، مەن ئىرىشىپ ئوقۇۋاتىمەن. بۇ جۈملىدىكى «مەن» بېقىندى سۆز «ئوقۇۋاتىمەن» دېگەن سۆز بىلەن سان ۋە شەخس جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ، كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن، يەنى ھەر ئىككى سۆز I شەخستە بىرلىك.

124 - سوئال: چىرمىشىش باغلىنىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بېقىنغۇچى سۆزنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە، بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ ئىگىلىك (شەخستە) تۇرلىنىپ، باغلىنىپ كېلىشى — چىرمىشىش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ ئۆگىنىش ئىرادەم كۈچلۈك (مېنىڭ ئىرادەم). مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ناھايىتى يوغان ئىكەن (مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى).

125 - سوئال: باشقۇرۇش باغلىنىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بېقىنغۇچى سۆزنىڭ بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ تەلىپى بويىچە باش كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا

شى — باشقۇرۇش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپنى سۆيۈش، مەكتەپتە ئوقۇش، مەكتەپكە مېڭىش، مەكتەپتىن قايتىش.

**126 - سوئال: يانداش باغلىنىش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بېقىنغۇچى سۆز بىلەن بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ قوشۇمچىلار بىلەن ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىشى — يانداش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قىزىل قەغەز، چىرايلىق باغ، ئاق كۆڭۈل ئادەم.

**127 - سوئال: جۈملە بۆلەكلىرى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: جۈملىدە مەلۇم گرامماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەپ، بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى — جۈملە بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

**128 - سوئال: جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىدە ئۆتەيدىغان رولىغا قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بەزىلىرى جۈملىدە يېتەكچى (باش) رول ئوينىسا، بەزىلىرى قوشۇمچە (ئەگەشمە) رول ئوينايدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىدە ئۆتەيدىغان رولىغا قاراپ، باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**129 - سوئال: باش بۆلەك دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان، جۈملىدە تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى — جۈملىنىڭ باش بۆلىكى دېيىلىدۇ.

بۆلىدۇ.

**130 - سوئال: ئەگەشمە بۆلەك دېگەن نېمە؟ ئەگەشمە بۆلەك قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنى ياكى ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كېلىدىغان بۆلەكلەر — جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەشمە بۆلەكلەر: ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ھالەت دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**131 - سوئال: ئىگە دېگەن نېمە؟ ئىگىگە قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلىكى ئىگە دېيىلىدۇ.

ئىگىگە: كىم؟ نېمە؟ كىمى؟ نېمىسى؟ كىملەر؟ نېمىلەر؟ قانچە؟ قايەر؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ. مەسىلەن، بۈلبۈل قىزىلگۈل ئىشقىدا سايراۋاتىدۇ. مەن — ئوقۇغۇچى. بىزنىڭ مەكتەپ مەنزىرىلىك جايغا ئورۇنلاشقان.

**132 - سوئال: خەۋەر دېگەن نېمە؟ خەۋەرگە قانداق سوئال بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى، سۈپىتىنى، كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا بەلگىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان باش بۆلەك — خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىنىڭ خەۋىرىگە: نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلماقتا؟ نېمە بوپتۇ؟ نېمە قىلىندى؟

بولۇپ كېلىدۇ.

**133 - سوئال: ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەرسىز جۈملە تۇزگىلى بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىسىز ياكى ئىگىسى يوشۇرۇن جۈملىلەرنى تۈزگىلى بولسىمۇ، ئەمما خەۋەرسىز جۈملىلەرنى تۈزگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى. ئۆيدىن چىقىپ، ئۇدۇل مەكتەپكە باردىم.

**134 - سوئال: قانداق سۆزلەر خەۋەر بولالايدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خەۋەر بولالايدۇ.

**135 - سوئال: تولدۇرغۇچى دېگەن نېمە؟ قانداق سۆزلەر تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ؟**

جاۋاب: پېئىلدىن تۈزۈلگەن، خەۋەر بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىشتا كېلىپ، جۈملە مەزمۇنىنى تولدۇرۇپ، كېڭەيتىپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك — تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭمۇ؟ مەن بۇ خەۋەرنى رادىئودىن ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى ئەخمەتتىن ئاڭلىدىم. سەككىزنى ئۈچكە قوشساق ئون بىر بولىدۇ.

**136 - سوئال: تولدۇرغۇچى قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسى؟**

جاۋاب: تولدۇرغۇچىلار ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى ۋە ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

گەن تولدۇرغۇچىلار ــ ئۆتتۇملۇك تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

«بىلەن، ھەققىدە، توغرۇلۇق، ئۈچۈن» دېگەنگە ئوخشاش ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش بىلەن كەلگەن سۆزلەر (ئورۇن ۋە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغانلىرىدىن باشقىسى) جۈملىدە ئۆتتۈمسىز تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، مەن بۇ قەلەمنى پەرھاتتىن ئالدىم.

ئۆتتۈمسىز ئۆتتۈملۈك

137 ــ سوئال: ئېنىقلىغۇچى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جۈملىدە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىسىنى (سۈپىتىنى، سانىنى، دەرىجىسىنى، ھەجىمىنى، نېمىدىن ياسالغانلىقىنى)، كىمگە، نېمىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ــ ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار: «قانداق؟ قايسى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ قانچە؟ نەچچىنچى؟ نەدىكى؟ قەيەرنىڭ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

138 ــ سوئال: يىغىق ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: باش بۆلەكلەر (ئىگە بىلەن خەۋەر) دىنلا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملە ــ يىغىق ئاددىي جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، يامغۇر ياغدى، مۇسابىقە باشلاندى.

139 ــ سوئال: يېيىق ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: باش ھەم ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلۈپ، بىرلا ئاياغلاشقان ئوي ــ پىكىرنى بىلدۈرگەن ئاددىي جۈملىلەر ــ يېيىق ئاددىي جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تۈنۈگۈن قار كېچىچە ياغدى.

جاۋاب: ئىگىسى بەزىدە ئېيتىلىپ، بەزىدە ئېيتىلمايدىغان. لېكىن ئېيتىلمىسىمۇ ئىگىسىنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكى خەۋەردىن ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملە — ئىگىلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بىز بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىمىز. مەن تۈنۈگۈن كىتابخانىغا باردىم.

**141 - سوئال: ئىگىسىز جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئىگىسى يوق، خەۋىرى ھېچكىمگە باغلىق بولمىغان ئاددىي جۈملە — ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قىيىنچىلىق ئالدىدا تەۋرەنمەسلىك لازىم.

**142 - سوئال: تولۇق ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلغان ئاددىي جۈملىلەر — تولۇق ئاددىي جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، بىز ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمىز.

**143 - سوئال: تولۇقسىز جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلمىغان ياكى مەلۇم بۆلەكلىرى چۈشۈپ قالغان ئاددىي جۈملىلەر — تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قاياقتىن كېلىۋاتىسەن؟

— بازاردىن.

قۇرباننى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆرمىدىم.

**144 - سوئال: ھالەت دېگەن نېمە؟ ھالەتكە قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا

بىلەن باغلىق بولغان ئورنىنى، ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك — ھالەت دېيىلىدۇ.

ھالەتكە: قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قاچان؟ قەيەردە؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە قىلغىلى؟ كىم ئۈچۈن؟ كىمنى دەپ؟ نېمە قىلىپ؟ كىم ئارقىلىق؟ قاياققا قاراپ؟ نېمە ئارقىلىق؟ قەيەردىن؟ قاچانغىچە؟ نەگىچە؟ نەچچە قېتىم؟ دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ. مەسىلەن، بىز ئاستا ماڭدۇق. سىنىپ پاكىز تازىلاندى. مەن كىتاب ئالغىلى بارىمەن.

**145 - سوئال: ھالەتلەر مەزمۇنىغا قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

جاۋاب: سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى، ئورۇن ھالىتى، ۋاقىت ھالىتى، سەۋەب ھالىتى ۋە مەقسەت ھالىتى دەپ بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**146 - سوئال: سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا ئورۇندالغانلىقىنى، ئورۇندىلىۋاتقانلىقىنى، ئورۇندىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت — سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەخمەت چاپسان يۈگۈردى. يامغۇر قاتتىق يېغىشقا باشلىدى.

**147 - سوئال: ئورۇن ھالىتى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت — ئورۇن ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مەن خوتەندە بىر يىل تۇردۇم. دادام زاۋۇتقا كەتتى.

148 - سوئال: ۋاقىت ھالىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت — ۋاقىت ھالىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ھازىر چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشنى ئەتىگىچە ئىشلەپ تۈگىتىمىز.

149 - سوئال: سەۋەب ھالىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت — سەۋەب ھالىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن، تېز ئالغا باستى. غۇنچەم ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن، مۇكاپاتلاندى.

150 - سوئال: مەقسەت ھالىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت — مەقسەت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەپتۇ. بىز كىنو كۆرگىلى باردۇق.

151 - سوئال: جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جۈملىدە بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغان، ئوخشاش سىنتاكسىلىق تۈزۈلۈش ۋە ئوخشاش ۋەزىپىدە كەلگەن بۆلەكلەر — جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىنىڭ بەش خىل بۆلىكىنىڭ ھەممىسى تەڭداش بۆلەك بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، كوچىلار، ئېتىزلار، داللار، تاغلار، باغلار ياپيېشىل باھار لىباسىنى كىيىشتى (تەڭداش ئىگە). ئۇ ئەقىللىق، كەمتەر، چېچەن، مۇلايىم كىشى ئىدى (تەڭداش ئېنىقلىغۇچى). ئادەم ھەر كۈنى مەلۇم مىقداردا

سۇ، تۇز، گىراخمال، ئاقسىل، مايلارنى ئىستېمال قىلىدۇ (تەڭ-
داش تولدۇرغۇچى). بىزنىڭ سىنىپىمىز يورۇق، پاكىز (تەڭداش
خەۋەر). مەكتەپتە، كوچىدا، جامائەت سورۇنلىرىدا ئىنتىزامنى
قاتتىق ساقلاش كېرەك (تەڭداش ھالەت).

**152 - سوئال: جۈملىلەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ قانچە
تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: جۈملىلەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي جۈملە ۋە
قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**153 - سوئال: قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ تۈزۈ-
لۈشىگە قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك
ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلۈپ،
مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر —
قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە، بېقىندىلىق قوشما
جۈملە ۋە ئارىلاش قوشما جۈملە دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**154 - سوئال: تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تەڭ ھوقۇقلۇق، مۇستەقىل، بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغان ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملە —
تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەم مەڭگۈ
ياشىمايدۇ، ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇ
تېز ئوقۇيدۇ لېكىن تېز يازالمايدۇ.

**155 - سوئال: قوشما جۈملە قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي
جۈملىلەر مەلۇم ئىنتوناتسىيە ياكى باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى

بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار: ① باغلىغۇ-چىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە، ② باغلىغۇ-چىلارسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**156 - سوئال: باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: مەلۇم باغلىغۇچىلار ئارقىلىق، ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەن ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملە — باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر. مۇئەللىم ئاۋۋال سۆزلىدى، ئاندىن كېيىن مەشىق قىلدۇردى.

**157 - سوئال: باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر — باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن، مۇنىرە رەسىم سىزىۋاتىدۇ. ئاسماننى بۇلۇت قاپلىدى، يامغۇر ياغمىدى.

**158 - سوئال: بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان بىرنەچچە ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن، قوشما ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە — بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**159 - سوئال: بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدە قانچە تەركىب بولىدۇ؟**

جاۋاب: بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بىرى باش جۈملە، يەنە بىرى بېقىندى جۈملىدىن ئىبارەت ئىككى تەركىب بولىدۇ.

**160 - سوئال: باش جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئىككىنچى بىر ئاددىي جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن جۈملە — باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈن كۈن ئوچۇق بولغاچقا، بالىلار كۆڭۈللۈك ئوينىدى.

بېقىندى جۈملە     باش جۈملە

قىزىلگۈللەر ئېچىلغاندا، بىز سىلەرنىڭ باغقا بارىمىز.

ئەگەشمە جۈملە     باش جۈملە

**161 - سوئال: بېقىندى جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: باش جۈملىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، ئېنىقلاپ كەلگەن ئاددىي جۈملە — بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئالدىنقى سوئالنىڭ جاۋابىدىكى «قىزىلگۈللەر ئېچىلغاندا»، «بۈگۈن كۈن ئوچۇق بولغاچقا» دېگەن جۈملىلەر بېقىندى جۈملىدۇر.

**162 - سوئال: بېقىندى جۈملە قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى

دۇ ۋە شۇ ئەگەشمە بۆلەكلەرگە بېرىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىلەر شۇ جۈملىدە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ۋە ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنىغا قاراپ: ئىگە بېقىندى جۈملە، خەۋەر بېقىندى جۈملە، تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە، ھالەت بېقىندى جۈملىدىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**163 - سوئال: ئىگە بېقىندى جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىگىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملە — ئىگە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىگە بېقىندى جۈملە كىم؟ نېمە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن،

كىم كەمتەر بولسا، شۇ ئالغا باسىدۇ.

ئىگە بېقىندى جۈملە

**164 - سوئال: خەۋەر بېقىندى جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن ئېنىقلاپ كەلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملە — خەۋەر بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، باغنىڭ چوڭلۇقى

خەۋەر بېقىندى جۈملە

شۇنداقكى، بىر نەچچە سائەتتە ئاران ئايلىنىپ بولالايسەن.

**165 - سوئال: تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ، روشەنلەشتۈرۈپ كېلىدىغان بېقىندى

شۇنى بىلىش كېرەككى، ل. مۇتەللىپ بىر تامچە قېنى

باش جۇملە

قالغۇچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان.

**166 - سوئال: ئىنقىلىغۇچى بېقىندى جۈملە دىگەن نىمە؟**

جاۋاب: باش جۇملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىنقىلىغۇچىنى ئىنقىلاپ كىلىدىغان بېقىندى جۇملە — ئىنقىلىغۇچى بېقىندى جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ گۈل شۇنداق چىرايلىقكى، قارىساڭ قارىغۇڭ كىلىدۇ. ئىنقىلىغۇچى بېقىندى جۇملە

**167 - سوئال: ھالەت بېقىندى جۈملە دىگەن نىمە؟**

جاۋاب: باش جۇملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تۇرلۇك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنقىلاپ كىلىدىغان بېقىندي جۇملە — ھالەت بېقىندى جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ شۇنداق خۇشال بولدىكى، نىمە قىلارىنى بىلەل

ھالەت بېقىندى جۇملە

مەي قالدي.

**168 - سوئال: كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملە دىگەن نىمە؟**

جاۋاب: تەركىبىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېقىندى جۇملىلىرى بولغان قوشما جۇملىلەر — كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەتىياز كەلگەندە، يەرلەر

بۇ بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە ئۈچ بېقىندى جۈملە «بىز باغ سەيلىسىگە چىقىمىز» دېگەن باش جۈملىگە بىۋاسىتە ھالدا باغلانغان.

169 - سوئال: كۆچۈرمە جۈملە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاپتور باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزىنى ھېچبىر ئۆز-گەرتمەستىن، شۇ قېلىپتا ئۆز گېپى ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئىشلەت-كەن بولسا، بۇنداق جۈملە كۆچۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخى-رىدا كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي: «ئىنسانىنىڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىدىن بىرى — ئاتا - ئانىنى ھۆرمەت قىلىش» دېگەنىدى.

170 - سوئال: ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاپتورنىڭ باشقا كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى-نىڭ مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قوللىنى-شى — ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي ئاپەت كۆرمەسلىك ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى ئېيتقانىدى.

171 - سوئال: تىنىش بەلگىلىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوي - پىكىرنى، ئوي - پىكىرنىڭ قىسىم ۋە بۆلەكلىرىگە ئايرىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەر خىل مۇنا-سىۋەتلەرنى يېزىقتا توغرا كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدى-غان بەلگىلەر، تىنىش بەلگىلىرى دېيىلىدۇ.

# ئەمەلىي مەشقلەر قىسمى

ئىلاۋە: بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىگە ئاساسەن ئۆزى مەشىق قىلىشقا قالدۇرۇلدى. بەزىلىرىگە ئۈلگە بېرىلدى.

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، تەركىبىدىكى سۆزلەردە نەچچە تاۋۇش (ھەرپ) بارلىقىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ كۆرسىتىڭ.

ھايات ( 5 ) بىغى ( 4 ) ئىنسانى ( 6 ) ئىلىم ( 4 ) بىلەن ( 5 ) يورىدۇ ( 6 ) پۇشايمان ( 8 ) قالىدۇ ( 6 ) كىشى ( 4 ) ئۆكسۈپ ( 5 ) كەتسە ( 5 ) بىھۇدە ( 6 )

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى توغرىمۇ؟ توغرا بولسا تىرناق ئىچىگە «✓» بەلگىنى، خاتا بولسا «×» بەلگىسىنى قويۇڭلار.

قولىنىم ( )، ئۇنىڭ ( ✓ )، مەكتىپىدىن ( ✓ )، ئىشتىن ( ✓ )، قولۇمنىڭ ( ✓ )، كۆرسىتىپ ( ✓ )، ئىدارىغا ( ✓ )، كوللېكتىپقا ( ✓ )، بىلىم بولىقى ( ✓ )، قولىقىم ( ✓ )، ئۆتكى ( ) ياتىقىم ( ✓ )، توغقىنىم ( )، چېلىكى ( ✓ )، ئەۋلاددا ( )، كۆزلىرىم ( )، تۈزىتىش ( )، بەشىدە ( )، چاپىنىڭ ( ).

3. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلگەن سۆزلەر تەركىبىدىكى هەربىر تاۋۇشنى ئۆز تۈرى بويىچە ئايرىپ يېزىڭ.

| سۆزلەر | سوزۇق تاۋۇشلار | | | ئۈزۈك تاۋۇشلار | |
|---|---|---|---|---|---|
| | تىل ئالدى | تىل ئارقا | ئارا سوزۇق | جاراڭلىق | جاراڭسىز |
| مۇقەددەس | | | | | |
| ئەدەبىيات | | | | | |
| تەييارلىق | | | | | |
| قېرىنداش | | | | | |
| دوستلۇق | | | | | |
| ئۈنۈم | | | | | |

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تەركىبىدىكى هەربىر سۆزدە نەچچە بوغۇم بارلىقىنى ئاستىدىكى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى

( ) ( ) ( ) ( ) ( ) ( )

2) سىياسىي لىرىكا كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە

( ) ( ) ( ) ( ) ( )

3) بۈگۈن رەسمىي دەرس باشلاندى

( ) ( ) ( ) ( )

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى پىلۇس (+) بەلگىسى بىلەن

بىر سىزىق، يېپەق بوغۇملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

پىداكارانە، دېھقانلارنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش، دەرسلىك، نەشرىيات، تەكرارلاش، دوستلۇق، دوستانە، ئىئانە، پىئونېر.

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى بويىچە بىر جۈملە، كۆچمە مەنىسى بويىچە بىر جۈملە تۈزۈڭ.

باغۋەن، ئاچقۇچ، مېۋە، يول، ئانا.

7. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن مەنىداش سۆز يېزىڭ.

تېز، گۈزەل، دۆلەت، يەر، ناچار، بۇرۇن، دۈشمەن، ياخشى.

8. تۆۋەندىكى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

| | | |
|---|---|---|
| 1) ئات: | 2) ئات: | 3) ئات: |
| 1) كۆك: | 2) كۆك: | 3) كۆك: |
| 1) ئوت: | 2) ئوت: | 3) ئوت: |
| 1) چۈش: | 2) چۈش: | 3) چۈش: |

9. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ شەكىلداش سۆزلەرنى تېپىڭلار ۋە ھەربىر مىسرادا قانداق مەنە بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

تاپالمىدىم بەختىمنى ئىزدەپ، نەدە باركىن تاڭ دېمە،
ئاتتى تاڭ بەختىڭ شۇدەم ئاتقان ئاسان، بۇ تاڭ دېمە.
پاك تۇغۇلدۇم، پاك ياشايمەن، ئەل - ۋەتەن جانىم مېنىڭ،
ئەلگە خوش ئارزۇنى يارقىل، دىلغا مەھكەم تاڭ بالام.

10. تۆۋەندىكى ئىككى رەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغانلىرىنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ قارىمۇقارشى

مەنىلىك سۆزلەرنى ھاسىل قىلىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كىچە | ئېستېتىك | نادان |
| چوڭ | يۇقىرى | چىرايلىق |
| دوست | بىلىملىك | كۈندۈز |
| كۆپ | سەت | ئاز |
| ئىشچان | دۈشمەن | قورۇق |
| ئېگىز | پەس | تۆۋەن |
| يول | ئاستا | ھۆرۈن |
| ئوڭ | كىچىك | تەتۈر |

11. تۆۋەندىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تۈرلىرىنى تىر-ناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) ئەل ئاسانلىقنى تىلەر، دۈشمەن يامانلىقنى (ماقال). 2) بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ (تەمسىل). 3) ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا ( ). 4) قاپىقىدىن قار ياغماق (ئىدىئوم). 5) موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە ( ). 6) ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە ( ). 7) ئۆپكىنى بېسىۋالماق ( ). 8) قاغا قاق قىلار، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلار ( ). 9) چىشقا تەگمەك ( ). 10) بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر ( ).

12. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىلىرى-نى ۋە قوشۇمچىلارنى بىر - بىرىدىن پىلۈس بەلگىسى ئارقىلىق ئايرىپ يېزىڭ.

ئوقۇغۇچى، ئاسماندا، ئىنقىلابچىلارنىڭ، باغۋەن، يولداشلارغا، ئۈرۈمچىدىن، بىگۇناھ، نائىنساپ، ناتونۇش، ياتاقتا، ئوتلاق، ئەقىلسىز، بىلىملىك، دوستانە.

(ئۈلگە: ئوقۇ + غۇچى، ئاسمان + دا)

13. تۆۋەندىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق،

ياسالما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

خەلق، خەلقلەر، خەلقپەرۋەر، بىلىم، بىلدىم، بىلىملىك، باغۋەن، باغۋەنچىلىك، باغدا، نائىنساپ، ئورۇمچى، ئوت، ئوتا، ئوتلا، تاقاق، توڭلاتقۇ، ئىرادە، كۆكۆلمۆك، تاتلىق، ئاشخانا، پايپاق.

(ئۆلگە: بىلىم، خەلقپەرۋەر، خەلقلەر، خەلق، بىلدىم).

14. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى قوشۇپ جۈپ سۆز ياساڭ.

| | | |
|---|---|---|
| توي – | تىل – | ئېگىز – |
| بوران – | كۈچ – | گاز – |
| قىش – | قازان – | ماڭا – |
| بىر – | چاي – | ئاچ – |
| نان – | رەت – | ئەر – |
| جاراڭ – | ئاپئاق – | ئىشچى – |

15. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە كىرىدىغانلىقىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ياتاق ( ) | خۇشال ( ) | ياشار ( ) |
| ئويلاپ ( ) | يىگىرمە ( ) | ئىنقىلاب ( ) |
| قىزىل ( ) | ھازىر ( ) | بالدۇر ( ) |
| دۆڭلۈك ( ) | ئۆزگەرمەك ( ) | ئوتتۇز بەشىنچى ( ) |
| كەچ ( ) | گۈزەل ( ) | باتۇرلۇق ( ) |
| يەنە ( ) | ئاچچىق ( ) | بىلىم ( ) |
| مەكتەپ ( ) | سۆزمەن ( ) | ئىشلەپچىقىرىش ( ) |

ھۇرۇن ( ).

16. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تەركىبىدىكى سانلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىن قانداق سان، جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1) بۇ مېنىڭ دېمەكچى بولغان پىكرىمنىڭ بىرىنچىسى (دەرىجە سان، خەۋەر).

2) ئۇلار ئىككىسى قايتىپ كەپتۇ.

3) بىزنىڭ سىنىپقا يېڭىدىن ئىككى ئوقۇغۇچى كەلدى.

4) ئۇ سوئالنىڭ بىرىنى خاتا ئىشلەپ قويۇپتۇ.

5) ئالمىنى باللارغا ئىككىدىن تارقىتىپ بەردىم.

17. تۆۋەندىكى ئالماشلارنىڭ مەنە جەھەتتىن قانداق ئالماش ئىكەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇشۇ | (   ) | ھېچكىم | (   ) |
| ھەممە | (   ) | قەيەر | (   ) |
| بارلىق | (   ) | ئاللىنېمە | (   ) |
| مەن | (   ) | مۇنۇ | (   ) |
| ئۇلار | (   ) | قانداق | (   ) |

18. تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۈچ شەخس (بىرلىك، كۆپلۈك) ئۈچ زاماندا تۈرلەڭلار؟

ياز: ئوقۇ: كۆر:

I شەخس ھازىرقى زامان بىرلىك، كۆپلۈك: يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىمىز. I شەخس ئۆتكەن زامان بىرلىك، كۆپلۈك: يازدىم، يازدۇق. I شەخس كېلىدىغان زامان بىرلىك، كۆپلۈك: يازىمەن، يازىمىز. II شەخس ھازىرقى زامان، بىرلىك، كۆپلۈك: يېزىۋاتىسەن، يېزىۋاتىسىلەر. II شەخس ئۆتكەن زامان، بىرلىك، كۆپلۈك: يازدىڭ، يازدىڭلار. II شەخس كېلىدىغان زامان، بىرلىك، كۆپلۈك: يازىسەن، يازىسىلەر. III شەخس ھازىرقى زامان، بىرلىك، كۆپلۈك: يېزىۋاتىدۇ، يېزىۋاتىدۇ. III شەخس ئۆتكەن زامان، بىرلىك، كۆپلۈك: يازدى، يازدى. III شەخس كېلىدىغان زامان، بىرلىك، كۆپلۈك: يازىدۇ، يازىدۇ.

19. تۆۋەندىكى پېئىللارنى سۈپەت پېئىلى قىلىپ بىر

جۇملە. رەۋىشداش قىلىپ بىر جۇملە، ھەرىكەتنام (ئىسىمداش) قىلىپ بىر جۇملە تۈزۈڭ.

ياز    ئوقۇ    كۆر

ئۈلگە: ياز: بۇ خەتنى ئەخمەت يازغان.
سۈپەتداش

مەن كونسپېكتنى يېزىپ بولۇپ، تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن.
رەۋىشداش

مەن ئۇ ۋاقىتلاردا خەت يېزىشنى بىلمەيتتىم.
ئىسىمداش

20. تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن قانداق رەۋىش ئىكەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| چاپسان | ( ) | زورمۇ زور | ( ) |
| ئېرى | ( ) | دەرھال | ( ) |
| سەل ـ پەل | ( ) | پەستە | ( ) |
| قەستەن | ( ) | ھارماي ـ تالماي | ( ) |

21. تۆۋەندىكى جۇملىلەرنى ئوقۇپ ئاخىرىغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭ ھەم ئۇلارنىڭ قانداق جۇملە ئىكەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) ماھىنۇر كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ. (بايان جۇملە) ئۈلگە
2) ماھىنۇر كىتابنى ئېمىدىگەن ياخشى ئوقۇيدۇ ـ ھە!
3) ماھىنۇر كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ،
4) ماھىنۇر كىتاب ئوقۇۋاتىدىغاندۇ
5) ماھىنۇر كىتاب ئوقۇسۇن
6) ماھىنۇر، كىتاب ئوقۇڭ

22. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بېقىندى باغلىنىشىنىڭ قايسى شەكىلدە كەلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) يېڭى بىنا(   )　　7) قادىرنىڭ دەپتىرى(   )
2) رەسىم سىزىش(   )　　8) باھار كەلدى(   )
3) شامال چىقتى(   )　　9) تېز يۈگۈرۈش(   )
4) جۈڭگو خەلقى(   )　　10) ياغاچ ساندۇق(   )
5) يېزىدىن كېلىش(   )　　11) مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى(   )
6) مەكتەپكە بېرىش(   )

ئۈلگە: يېڭى بىنا (يانداش باغلىنىش). مەكتەپكە بېرىش (باشقۇرۇش)، قادىرنىڭ دەپتىرى (باغلىنىش)

**23. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىڭ.**

1) ئاكام بۈلتۈر ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم باردى. 2) ئوقۇغۇچىلار سىنىپ يوقلىغىلى كەپتۇ. 3) ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. 4) مەن بۇ كىنونى بىر قېتىملا كۆرگەن.

24. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ قوشما جۈملىنىڭ قايسى تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1) بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا، ساياھىتىمىز كۆڭۈللۈك بولدى. 2) سىنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ، تاماق ئېتىپ تۇرغانىدۇق. 3) مەن قادىر بىلەن كۆرۈشتۈم. قاسىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

# تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى يىللىق 1 - قىسىم
# ئەدەبىيات كىتابىنى

## ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئارۇز ۋەزنى قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغان؟ 2. «ئارۇز» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ ئىلىم ھەققىدە كىملەر قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلار قانچىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ؟ 3. ۋەزىنلىك شېئىرلار نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟ ئارۇز ۋەزنىنىڭ شېئىر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ۋە بارماق ۋەزنىنىڭ شېئىرلاردىن قايسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ. 4. ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇم دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوچۇق بوغۇملارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلاردا قىسقا بوغۇم بولماي، ئۇزۇن بوغۇم بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ 5. ۋەزىن دېگەن نېمە؟ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملىرى قانداق ئىپادە قىلىنىدۇ؟ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ ۋەزىن تۈرلىرى قايسىلار؟ ئۇلارغا تەبىر بېرىڭ.

ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ژانىرلارنىڭ بىرى. XI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن شېئىر - قوشاقلاردىن بىز ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بارماق ۋەزىن بىلەن بىر قاتاردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىگە قاراپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ يالغۇز ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس شېئىرىي شەكىل بولماستىن، بەلكى ئۇزاق دەۋرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگىمۇ خاس شېئىرىي شەكىل ۋە ئەڭ قەدىمىي ۋەزىن تۈرى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

2. «ئارۇز» سۆزىنىڭ تومۇرى «ئەرۇز» بولۇپ، «ئەن»، «كەڭلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۆچمە مەنىسى — شېئىرىيەت مىزانى (ئۆلچىمى) دېگەنلىكتۇر. بۇ ئەندىزىلىك شېئىرلارنىڭ يەنى ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ رىتىم تۈزۈلۈش قائىدىلىرىدىن بىرى.

ئارۇز ۋەزىن ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، «كىتابۇل ئارۇز» نىڭ ئاپتورى ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەخمەتتىن كېيىن، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ سەككاكى «مۇفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى)، ئەلىشىر نەۋائىي «مىزانۇل ئەۋزانى» (ۋەزىنلەر مىزانى) دېگەن ئەسەرنى يازدى. باشقا ئەرەب ۋە تۈرك ئالىملىرى، شائىرلىرىمۇ بۇ ھەقتە كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلدى. نەتىجىدە ئارۇز ۋەزنى پەيدىنپەي تولۇقلىنىپ، بىر ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈكنەكى، ئوتقى، نەۋائىي، خىرقىتى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا بىلال قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان غەزەل، داستانلىرىنى ئارۇز ۋەزنىدە يازغان. كلاسسىك ئەدە-

بىياتتا بۇ خىل ۋەزىندە يېزىلغان ئەسەرلەر مۇتلەق كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار بىلەن بىر قاتاردا ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

3. شېئىرىي مىسرالاردىكى سوزۇق ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپ بىلەن تەكرارلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق شېئىرىي رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغان شېئىرىي سىستېما — ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى:

(1) ئارۇز ۋەزىن تىلىمىزدىكى سوزۇق ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپ بىلەن تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئارۇز ۋەزىندە ۋەزىن (ئاھاڭ) ناھايىتى قاتتىق ئۆلچەم قىلىنغاچقا، بارماق ۋەزىنگە قارىغاندا ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئارۇز ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ تۇراقلىرى رىتىملىق، مىسرالىرى ئاھاڭدار بولۇپ، بۇ ئاھاڭدارلىق ئارۇز ۋەزىنىنىڭ ۋەزىن تۈرلىرىنى (تەپئىلىرىنى) بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ — ئارۇز ۋەزىنىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى.

(2) ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردىكى سۆزلەر ئارۇز ۋەزىنىنىڭ ھەرقايسى بەھرلىرىنىڭ ۋەزىن تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇزۇن-قىسقا بوغۇملار بويىچە مەلۇم قانۇنىيەتلىك تەرتىپتە مىسرالارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

(3) بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردا تۇراقلارنى ئاساسىي بىرلىك قىلىپ تۇراقلار سۆز بويىچە ئايرىلىدۇ. بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ ھەربىر مىسراسى ئومۇمەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇراقلارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئارۇز ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلاردا بولسا تۇراقلار ۋەزىن ئۆلچىمى بويىچە ئايرىلىدۇ. سۆز پۈتۈنلۈكى بويىچە تۇراقلارغا ئايرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەسىلەن:

قىبلىگاھىم/پارتىيەم/يول/چىم مىنىڭ/رول/چىم مېنىڭ.
— V — — — V — — — V — — V —

توي بىلىپ ئات/سالىمەن. ئۇ/باشلىغان ھەر/جەڭگە مەن.
— V — — — V — — — V — — — V —

(تىبىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» شېئىرىدىن)

توغرا ئىجاد/قىممىتىڭنى/مەڭگۈ ساقلايدۇ،
توغرا ئىجاد/تارىخىڭنى/سۈتتەك ئاقلايدۇ.
توغرا ئىجاد/ئىگىسىنى/ئامما ياقلايدۇ.
توغرا ئىجاد/ئۆسۈملۈكتۇر/ئۆسۈپ شاخلايدۇ،
تەبىئەتنىڭ/قانۇنىدا/ئۆلمەي ئامال يوق،
قەدىمىلەر/شۇڭا ئېيتقان/:«ئۆمۈر — ئاتقان ئوق»

(بىلال ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» شېئىرىدىن)

(4) ئارۇز ۋەزنىدىك شېئىرلارنىڭ ئىنتوناتسىيىسى رىتىمىنىڭ بىرخىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىرىنچى مىسراسى قايسى ۋەزىن سىخېمىسىدا يېزىلغان بولسا. بىر پۈتۈن شېئىر ئاشۇ بىرخىل ۋەزىن سىخېمىسىدا (تەپئىلدە) يېزىلىشى شەرت قىلىنىدۇ.

4. ئۇيغۇر تىلىدا «ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم دېيىلىدۇ»، «ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار يېپىق بوغۇم دېيىلىدۇ» دېگەن قائىدە بار. بىز مۇشۇ قائىدىنى ئارۇز ۋەزنىگە تەتبىقلىساق، ئۇيغۇر تىلىدىكى يېپىق بوغۇم ئارۇز ۋەزنىدە ئۇزۇن بوغۇم بولىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوچۇق بوغۇملارنىڭ كۆپ قىسمى ئارۇز ۋەزنىدە قىسقا بوغۇم بولىدۇ. بىر قىسمى ئۇزۇن بوغۇم بولىدۇ. بۇ بىر قىسىم ئوچۇق بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كېلىشىدىكى سەۋەب:

(1) ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇملارنى بىرئاز كۆتۈرۈپ، سوزۇپ-راق ئېيتىدىغانلىقىمىز ھەممىمىزگە مەلۇم. شۇنداق بولغاچقا، ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇملار ئارۇز ۋەزنىدە ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

باھالىغ/دىنار ئول/بىلىگلىگ/كىشى،
— V — — V — — V — — V

بۇ جاھىل بىلىگسىز/باھا سىز/بېشى.
— V — — V — — V — — V

(ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدىن).

بۇ مىسالدىكى ئۇرغۇ بەلگىسى قويۇلغان ئوچۇق (قىسقا) بوغۇملار ئۇزۇن بوغۇملار ئورنىدا كەلگەن.

(2) ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ قايسى بەھرىدە يېزىلغان بولسا، شۇ بەھرنىڭ ۋەزىن تەلىپى بويىچە، بەزى ئۇرغۇسىز ئوچۇق بوغۇملارنىمۇ كۆتۈرۈپ، سوزۇپ ئۇرغۇلۇق بوغۇم قىلىپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق كۆتۈرۈلۈپ، سوزۇپ ئوقۇلغان ئۇرغۇسىز ئوچۇق بوغۇم ئۇرغۇلۇق بوغۇملارغا ئوخشاشلا ئۇزۇن بوغۇم ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

جاھىللار كۆڭ/لى تۈن ئوخشاش، ئۇنى پەرق ئەت/كىلى بولماس،
— — — V — — V — — — V — — — V

قارا تۈنگە/شەپەرەڭدىن/بۆلەك ئەسلا/تەلەپكار يوق.
— — — V — — — V — — — V — — — V

(نىمشېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» شېئىرىدىن).

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىسالدا «ئۇنى»، «ئەتكىلى»، «تۈنگە» دېگەن سۆزلەردىكى «نى، لى، گە» قاتارلىق ئوچۇق بوغۇملارنى ۋەزىن تەلىپى بويىچە سوزۇپ ئۇرغۇلۇق بوغۇم

(3) ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئوچۇق بوغۇملار («كىشى»، «بېشى») كۆتۈرۈلۈپ، سوزۇپ ئېيتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قىسقا بوغۇملار ئۇزۇن بوغۇم تەلپى بويىچە ئوقۇلىدۇ ۋە ئۇزۇن بوغۇم دەپ قارىلىدۇ.

5. شېئىرىي مىسرالاردىكى سۆزلەرنى مۇنتىزىم ئاھاڭغا سالىدىغان ئۆلچەم ياكى قېلىپ ۋەزىن دەپ ئاتىلىدۇ.

ئارۇز ۋەزىنىدە ۋەزىنلەردىن تۇراق، تۇراقتىن بۆلەك، بۆلەكتىن مىسرا ھاسىل بولىدۇ ۋە ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلار- نىڭ شېئىرىي مىسرالىرىدا مانا مۇشۇ ۋەزىنلەرنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىشىدىن بەھر ھاسىل بولىدۇ.

ئارۇز ۋەزىنىنىڭ 30 دىن ئارتۇق ۋەزىن تۈرى بار. بۇ- لارنىڭ ھەربىرى ئەرەبچە مەخسۇس ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ۋەزىنلەرنىڭ ئۇزۇن بوغۇملىرى تۈز سىزىق (—) بىلەن، قىسقا بوغۇملىرى ئاچا سىزىق (V) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ۋەزىن تۈر- لىرى ــ پائىلاتۇن، پائىلۇن، مەپائىيلۇن، مۇستەپئىلۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(1) 1 -، 3 -، 4 - بوغۇملىرى ئۇزۇن، 2 - بوغۇمى قىسقا بوغۇم بولغان ۋەزىن پائىلاتۇن (— V — —) ۋەزنى دېيىلىدۇ.

(2) 1 -، 3 - بوغۇمى ئۇزۇن، 2 - بوغۇمى قىسقا بوغۇم بولغان ۋەزىن پائىلۇن ۋەزىن دېيىلىدۇ.

(3) 1 - بوغۇمى قىسقا، 2 -، 3 -، 4 - بوغۇملىرى ئۇزۇن بوغۇم بولغان ۋەزىن مەپائىيلۇن (V — — —) ۋەزنى دېيىلىدۇ.

(4) 1 -، 2 -، 4 - بوغۇملىرى ئۇزۇن، 3 - بوغۇمى قىسقا بوغۇم بولغان ۋەزىن مۇستەپئىلۇن (— — V —) ۋەزنى دېيىلىدۇ.

## «غەزەپ ۋە زار» شېئىرى توغرىسىدا

«غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىردا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ قايسى ۋەزىن، قايسى بەھرىدە يېزىلغان؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933) نىڭ بۇ شېئىرى 1926 - يىلى يېزىلغان. شېئىرىي شەكلى: غەزەل. خاراكتېرى: سىياسىي لىرىكا. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: تەنقىدىي رېئالىزم.

بۇ شېئىردا — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياڭ زېڭشىڭ دەۋرىدە سىياسىي جەھەتتە رەھىمسىز باستۇرۇلغانلىقى، ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان - تاراج قىلىنغانلىقى، مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتە ئاسارەتتە قالدۇرۇلغانلىقى ۋە يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر، دىنىي روھانىيلاردىن پايدىلىنىپ خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك قەبىھ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى كەسكىن ۋە ئۆتكۈر پاش قىلىنغان، شائىرنىڭ ياڭ زېڭشىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتى، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە بولغان زارى ئىپادە قىلىنغان. خەلقنى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك فېئودال ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان.

بۇ شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ پائىلاتۇن ۋەزىن تۈرىدە، رەمەل بەھرىدە يېزىلغان.

## «بىلىم ئىشقىدا» شېئىرى توغرىسىدا

«بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىردا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ بىلىم ۋە بىلىمسىزلىك نېمىگە ئوخشىتىلغان؟

نىمشېھىت (1906 — 1972) نىڭ بۇ شېئىرى 1936 - يىلى يېزىلغان. شېئىرىي شەكلى: رادىفلىق (قوش قاپىيىلىك) غەزەل. خاراكتېرى: قەسىدە. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: رېئالىزم.

شائىر بۇ شېئىردا بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەرنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، خاسىيىتىنى، ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى تەكىتلەپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قەدىر - قىممىتىنى ساقلاش، ھەقىقىي ھۆرمەت تېپىش، قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ئوبرازلىق ۋە كۈچلۈك پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر بۇ شېئىردا ئىلىم - مەرىپەتنى — جانان، يار، غەمگار، روھىي ئوزۇق... قا ئوخشىتىپ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەكىتلىسە، بىلىمسىز كىشىلەرنى مەجرۇھ، بىمار، نادان، گۇناھكار، قەرزدار، زالىم، شەپەرەڭ، بوياقچى... غا ئوخشىتىپ ئۇلارنى ھەجۋىي تىل بىلەن قامچىلىغان، ئىلىم ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان.

## «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» شېئىرى توغرىسىدا

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» شېئىرىدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ ئارۇز ۋەزنىنىڭ قايسى ۋەزىن تۈرى، قايسى بەھرىدە يېزىلغان؟ قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟

تېيىپجان ئېلىيېۋ (1930 — 1989) نىڭ بۇ شېئىرى 1962 - يىلى يېزىلغان. شېئىرىي شەكلى: غەزەل. خاراك-

بۇ شېئىردا ئىلىمىزنىڭ 1961 — 1962 - يىللىرىدىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، يەنى 1960 - يىللاردا ئىلىمىزدە ۋاقىتلىق تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن، ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن شارائىتتا ئىلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، تەتۈر قۇيۇن قوزغىغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى چاغدىكى دائىرىلىرى ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلەرنى ئۆز دۆلىتىگە قېچىشقا قۇتراتقانىدى. شائىر دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە بۇ شېئىرنى يېزىپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى نامايان قىلىش، بۆلگۈنچى، ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈرۈشتەك كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ پائىلاتۇن ۋەزنىنى ئاساس قىلىشى، پائىلۇن ۋەزنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن. رەمەل بەھرىدە يېزىلغان. شېئىردا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول، مۇبالىغە، رىتورىك سوئال، سۈپەتلەش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ، ئوي - پىكىر ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

## ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئاساسلىق بەھرلىرى ھەققىدە

بەھر دېگەن نېمە؟ ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا ھازىر كۆپرەك قوللىنىلىۋاتقان بەھرلەر قايسىلار؟ ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈڭ.

«بەھر» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «دەريا -

دېگىنىزغا ئوخشاتساق، ئۇنىڭ ھەربىر ۋەزىن تۈرىنىڭ گۇرۇپپىلىنىشىنى بەھر (دەريا - كۆل) دەپ تەرىپلەشكە بولىدۇ. بۇ ئۇقۇمغا تەبىر بېرىش زۆرۈرىيىتىدىن قارىغاندا، بەھر — ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ ھەرقايسى مىسرالىرىدىكى ۋەزىنلەرنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتلىك تەرتىپتە تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان مۇنتىزىم ئاھاڭلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئىسمىدۇر.

ھازىرقى ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردا كۆپرەك قوللىنىلىۋاتقان بەھرلەر — رەمەل بەھرى، ھەزەج بەھرى، رەجەز بەھرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(1) «رەمەل» نىڭ لۇغەت مەنىسى «ئاۋۇن، كۆپ، قۇمدەك تولا» دېگەنلىك بولۇپ. ئۇ ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەڭگىل بەھرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ خىللىرىمۇ كۆپ، بۇ بەھر «پائىلاتۇن» ۋەزىنىنىڭ تەكرارلىنىشى ياكى پائىلاتۇن ۋەزنى ئاساس قىلىنىپ، باشقا ۋەزىنلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ بەھرنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھازىر كۆپ ئۇچرايدىغان بىر تۈرى «رەمەل مۇسەممەن مەقسۇر» بولۇپ، بۇ ئىككى بۆلەك، تۆت تۇراق، 15 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ.

(2) «ھەزەج» نىڭ لۇغەت مەنىسى «نەغمە، كۈي، كۈيلەش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ كۆپ ئىشلىنىدىغان ئۇزۇن بەھرلەرنىڭ بىرى. بۇ بەھرنىڭمۇ خىللىرى كۆپ. بۇ بەھر «مەپائىيلۇن» ۋەزىنىنىڭ ھەر خىل تەكرارلىنىشى ياكى مەپائىيلۇن ۋەزنى ئاساس قىلىنىپ، باشقا ۋەزىنلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ بەھرنىڭ ھازىر كۆپرەك قوللىنىلىۋاتقان بىر تۈرى «ھەزەج مۇسەممەن سالىم» بولۇپ، بۇ تۈر ئىككى بۆلەك، تۆت تۇراق، 16 بوغۇمدىن تەشكىل تاپىدۇ.

(3) «رەجەز» نىڭ لۇغەت مەنىسى «كۈي ئېيتىش، تېز»

دېگەنلىك بولۇپ، قىسقا - قىسقا، ئۆلاپ تېز ئوقۇلىدىغان ئۆزۈن بەھر. بۇ بەھرنىڭمۇ خىللىرى كۆپ. بۇ بەھر ئومۇمەن «مۇستەپئىلۇن» ۋەزىنىنىڭ ھەر خىل تەكرارلىنىشى ياكى «مۇستەپئىلۇن» ۋەزىنىنى ئاساس قىلىپ، باشقا ۋەزىنلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ بەھرنىڭ ھازىرقى ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردا كۆپرەك ئۇچرايدىغان تۈرلىرىنىڭ بىرى «رەجەز مۇسەممەن① سالىم» (مۇكەممەل سەككىزلىك رەجەز) بولۇپ، بۇ بەھر تۈرى ئىككى بۆلەك، تۆت تۇراق، 16 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ.

## «دورا» ھېكايىسى توغرىسىدا

1. «دورا» ناملىق ھېكايىدە شاۋ شۇەننىڭ ئادەم قېنىغا چىلانغان موممىنى يەپ، شىپا تاپالماي ئۆلگەنلىكى ۋە شيا يۈنىڭ پاجىئەسى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ 2. خۇا لاۋشۇەن بىلەن شيا سى موماي ئائىلىلىرىنىڭ پاجىئەسى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۇڭگونىڭ قانداق ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؟ 3. ھېكايىنىڭ ئاخىردا شيا يۈنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە «ئالىيېشىل گۈلچەمبىرەك» كىيگۈزۈپ قويۇلغانلىقى، «چەمبىرەك تازا ئوبدان ئورالمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەتلىك»

---

① «مۇسەممەن» نىڭ لۇغەت مەنىسى — سەككىزلىك دېگەن مەنىدە. «سالىم» نىڭ لۇغەت مەنىسى — مۇكەممەل، تولۇق دېگەن مەنىدە. «مەقسۇر» نىڭ لۇغەت مەنىسى — قىسقارتىلغان، چەكلەنگەن دېگەن مەنىدە بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەھرلەرنىڭ كۆپرەك قوللىنىلىدىغان تۈرلىرى بىر خىل ۋەزىننىڭ ئاخىرىغىچە تولۇق تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلگەن بولسا «x مۇسەممەن سالىم» دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ بەھر تۈرلىرى بىر خىل ۋەزىننىڭ تەكرارلىنىشى ھەمدە يەنە بىر خىل قىسقا ۋەزىننىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولسا «x مۇسەممەن مەقسۇر» دېيىلىدۇ.

ئىگەنلىكى يېزىلغان. ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق تەسۋىرلەشتىكى
مۇددىئاسى نېمە؟ 4. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئالا-
ھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. لۇشۈن (1881 — 1936) نىڭ بۇ ھېكايىسى 1916 -
يىلى 4 - ئايدا يېزىلغان، شۇ يىلى 5 - ئايدا «يېڭى ياشلار»
ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەر-
پىدىن «چۇقان» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. تەنقىدىي رېئالىزم-
لىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك
بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ئاپتور بۇ ھېكايىدە فېئوداليزم تۈزۈمى ۋە دىنىي خۇرا-
پاتلىق ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان شەھەر
كەمبەغىلى چايخانىچى خۇا لاۋشۈەننىڭ سىل كېسىلى بىلەن
ئاغرىغان بالىسىغا ئادەم قېنىغا مىلەنگەن مومىنى يېگۈزۈش
ئارقىلىق داۋالاپ ساقايتالمىغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ۋەقەنى
ھەمدە فېئودالىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەش قىلغان شيا يۈنىڭ
زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بولغانلىقىدەك پاجىئەنى ھېكا-
يىنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن
فېئوداليزم تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرىنى، فېئودالىلىق دىنىي
خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنىڭ خەلق ئاممىسىنى نەقەدەر چوڭقۇر
زەھەرلىگەنلىكىنى، نادان، بىخۇد ھالەتتە قالدۇرغانلىقىنى
پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن فېئودالىق تۈزۈم ۋە دىنىي
خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنىڭ جاھالەتكە پاتقان، نادان ئاممىنى
ئويغىتىپ، كۈرەش يولىغا يېتەكلىمەي، ئىنقىلابنى ئامما ئىچىدە
چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزماي تۇرۇپ قىلىنغان ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ
بولۇشىدىكى مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

2. خۇا لاۋشۈەن بىلەن شيا سى موماي ئائىلىلىرىنىڭ پا-
جىئەسى ئارقىلىق ھېكايىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يىپ

ئۇچلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەھرىمان، جاسارەتلىك، ياش ھاياتىنى ئىنقىلابقا تەقدىم قىلغان كونا دېموكراتىك ئىنقىلابچى شيا يۈنىڭ باتۇرلارچە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشىگە، ھېسداشلىقىغا، قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى، كونا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان، نادان، بىخۇد، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان خۇالاۋشۈەننىڭ بىر ئىنقىلابچىنىڭ ساپ قېنى بىلەن مىلەنگەن مومىنى ئوغلىغا يېگۈزگەنلىكى، ئاخىردا شياۋ شۈەننىڭمۇ، شيا يۈنىڭمۇ ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق، ئامما بىلەن ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆزئارا باغلاپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كونا دېموكراتىك ئىنقىلابچىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نادانلىقى، خەلق ئاممىسىنى ئويغاتمىغانلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ يەنىلا نادان، بىخۇد ھالەتتە قالغانلىقى، ئاخىردا بۇ ئىنقىلابچىلارمۇ، «ئىنقىلاب» ئۇقۇمىنىڭ نېمىلىكىنى زەررىچە بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن، نادان، بىخۇد كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرى بولغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ تەييارتاپ تۇرمۇشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، «بايلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ئۆتكۈزۈلگەندە قاتمۇقات تىزىپ قويۇلىدىغان جىڭمومىلار» غا ئوخشايدىغان قەبرىستانلىققا كۆمۈلگەنلىكىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3. ھېكايىنىڭ ئاخىردا شيا يۈنىڭ قەبرىسىگە «ئال-يېشىل گۈلچەمبىرەك» كىيگۈزۈپ قويۇلغانلىقى، «چەمبىرەك تازا ئوبدان ئورالمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەتلىك» ئىكەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق، ھېكايىنىڭ ئاخىرى ئۈمىدۋارلىق روھ بىلەن

ئوتىنىڭ ئۆچمىگەنلىكى، ئىنقىلاب ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان-
لىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

4. بۇ ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھى-
دىلىكلەرگە ئىگە:

(1) بىۋاستە تەسۋىرلەش بىلەن ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. ھېكايە ۋەقەلىكى ئۇچۇق ۋە يېپىق لىنىيە بويىچە راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇچۇق لىنىيە بىۋاستە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن، يېپىق لىنىيە ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن ئەينى دەۋردىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن. خۇا لاۋشۇەن ئائىلىسىنىڭ «دورا» سېتىۋېلىشى. شياۋ شۇەننىڭ «دورا» يېيىشى ۋە «دورا» نىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلار ئۇچۇق لىنىيە بىلەن تەپسىلىي تەسۋىرلەنسە، مىللىي خائىن شيا سەنيېنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلاردىن ئىنئام ئېلىش مەقسىتىدە بىر فامىلىلىك قېرىندىشى شيا يۈنى تۇتۇپ بېرىشى. شيا يۈنىڭ تۈرمىدىكى پائالىيىتى ۋە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى يېپىق لىنىيە بويىچە تەسۋىرلەنگەن. بىر قانلىق موما ئارقىلىق ئىككى خىل لىنىيە بىر - بىرى بىلەن چېتىلىپ «چايخانىدىكى پاراڭ» ئارقىلىق ۋەقەلىك ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەڭ ئاخىردا بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىككى بەختسىز ئانىنىڭ قەبرىستانلىقتا ئۇچرىشىشى ئارقىلىق، ئىككى خىل لىنىيە بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ھېكايىدىكى پېرسوناژلاردىن خۇا لاۋشۇەن، خۇا ئانا، شياۋ شۇەن، دۈمچەك بايۋەچچى. چار ساقاللىق كىشى، كاڭداشۇ، 20 ياشلاردىكى كىشى، شيا موماي قاتارلىقلار بىۋاستە تەسۋىرلەنگەن. شيا يۈ، شيا سەنيې، قىزىلكۆز ئايى قاتارلىقلار ۋاستىلىك تەسۋىرلەنگەن.

(2) ھېكايىدىكى تەپسىلات تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژ-

لارنىڭ روھىي ھالىتى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەندىن باشقا يەنە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت، تىل (دىئالوگ)، تاشقى قىيا- پەت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىلگەن.

(3) ھېكايىدىكى تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى، كەيپىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ھېكايىنىڭ بېشىدىكى كېچە تەس- ۋىرى، قاپقاراڭغۇ كوچا تەسۋىرى، جازا مەيدانى تەسۋىرى بىلەن خۇا لاۋشۇەننىڭ روھىي ھالىتى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈل- گەن. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى قەبرىستانلىق تەسۋىرى، ئېغىر سۈكۈنات، خۇنۇك كەيپىيات، شيا يۈ بىلەن شياۋ شۇەننىڭ قەبرىسىدە ئېچىلىپ تۇرغان سوغۇقتىن قورقمايدىغان گۈللەر، شيا يۈنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان گۈلچەمبىرەك، يوپۇرماقلىرى چىقمىغان بىر تۈپ دەرەخ ۋە دەرەخ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان قاغا قاتارلىق تەسۋىرلەر بىر تەرەپتىن بالىلىرىدىن ئايرىلغان ئىككى بەختسىز ئانىنىڭ گاڭگىرىشى، ئىلتىجاسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، يەنە بىر تەرەپتىن كىتابخانلارنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلابچى شيا يۈگە، فېئوداللىق تۈزۈم، نادانلىق، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ قۇربانى بولغان شياۋ شۇەنگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئاشۇرغان.

(4) ھېكايىدە ئاپتور سىمۋول ئۇسۇلىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. ھېكايىگە «دورا» دەپ ماۋزۇ قويۇش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى رېئاللىقنىڭ رېتسېپى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەپچىل قۇرۇلما ئارقىلىق ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنى ئويغىتىپ، تەشكىللەپ، ئىنقى- لاب يولىغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت مەنىۋى «دورا» نى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## «چېنىقىش» ھېكايىسى توغرىسىدا

1. «چېنىقىش» ھېكايىسىدە قانداق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 2. مەتنىياز قانداق ئوبراز؟ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىش نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ 3. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان زۇنۇن قادىر (1912 — 1989) نىڭ بۇ ھېكايىسى 1955 - يىلى يېزىلغان. ھېكايە سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، تەرتىپ بايانىدا، 3 - شەخس تىلىدا يېزىلغان.

ھېكايىدە 50 - يىللاردا، ئېلىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغانلىقىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2. مەتنىياز ئوبرازى — ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، تىپىك مۇھىت ئىچىدە خاراكتېرى يېتىلگەن، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بەدىئىي تىپ بولۇپ، ئۇ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت كاردىن چىقارغان، ياشاش ئىرادىسىنى يوقاتقان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى، قاينام - تاشقىنلىق كوللېكتىپ ئەمگەك قوينىدا چېنىقىپ ئىشچان ئادەمگە ئايلانغان، پارتىيە رەھبەرلىكىدە قەد كۆتۈرۈپ، بەختلىك كۈنلەرگە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ تىپى.

ئاپتور ھېكايىدە كونا جەمئىيەتتە ئىش - ئوقىتىنىڭ تايىنى بولمىغان، نامرات قول - ھۈنەرۋەن مەتنىيازنىڭ يەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقى

نەتىجىسىدە چېنىقىپ، ئاخىرى ياشاش ۋە ئىنسانىلىق تۇرمۇش
لەززىتىنىڭ توغرا يولىنى تېپىۋالغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق،
سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئەمگەكچىلەرنىڭ چېنىقىش، چىقىش
يولىدۇر دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

3.ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىق-
لارغا ئىگە:

(1) تەپسىلىي يېزىش بىلەن ئىخچام يېزىش
ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. ھېكايىنىڭ باش - ئاخىرى
ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان. يەنى ھېكايىدە مەتنىيازنىڭ ھۈنەر
ئۆگىنىش، شەھەردىن يېزىغا چىقىش، ئۇنىڭ كونا جەمئىيەتتە
ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق ئىللەتلىرىنى يوقىتىۋېلىپ كاردىن چى-
قىش ئەھۋاللىرى ھەم ئىززەتخان بىلەن توي قىلىپ ئۆي-
ئوچاقلىق بولۇش ئەھۋالى ئىخچام يېزىلغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلدە ھورۇنلۇق، ئىرادىسىزلىك قىلىش، كېيىنكى چاغلار-
دىكى ئۆزگىرىش جەريانى، چۈشكۈنلۈك ۋە روھىي كېسەلدىن
قۇتۇلۇش جەريانلىرى تەپسىلىي يېزىلغان. ھېكايىنىڭ بېشى
مەتنىيازنىڭ مىدىرلاشقىمۇ دەرمانى يوق، ھەممە نەرسىدىن
بىزار ھالىتى بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرى يەنە ئۇنىڭ ھاياتقا،
ياشاشقا بولغان تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىقى، جۇشقۇن
كەيپىياتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

(2) ھېكايىدە ئاپتور ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى
بولغان تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن تولىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.
تەپسىلات تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، دىئالوگ تەسۋىرى،
پسىخىك تەسۋىر، دېتال تەسۋىرلىرى شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي،
تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرلىرى تولىمۇ جانلىق، رەڭدار
سۈرەتلەنگەن.

(3) ئاپتور ھېكايىدە بايانچى تىل ۋە پېرسوناژلار دىئا-

لوگلىرىدا ئىخچام، قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق خەلق ئېغىز تىلىدىن، ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

**ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىرى — مەسنەۋى، غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس، رۇبائىي توغرىسىدا**

1. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قانداق شەكىللىرى بار؟ 2. مەسنەۋى، غەزەل ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى، پەرقى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ؟ 3. قانداق شېئىرىي شەكىلنى مۇرەببە دەيمىز؟ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇرەببە بىلەن بارماق ۋەزنىنىڭ مۇرەببەنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈڭ؟ 4. قانداق شېئىرىي شەكىلنى مۇخەممەس دەيمىز؟ 5. قانداق شېئىرىي شەكىلنى رۇبائىي دەيمىز؟ ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىچۇ؟

1. شېئىرلار شەكىل جەھەتتىن چاچما (ئەركىن) شېئىر، نەسرىي شېئىر، ۋەزىنلىك شېئىر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىرى دېگىنىمىز، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىز قوللىنىپ كەلگەن، كلاسسىك ئەنئەنىگە ئىگە ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ شېئىرىي شەكىللىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ ۋەزىنلىك شېئىرلار (ئارۇز ۋەزنى ۋە بارماق ۋەزنى) شېئىرىي شەكىللەرگە باي بولۇپ، مەسنەۋى، غەزەل، مۇسەللەس، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببە، مۇسەممەن، مۇتەسسە، تەرجىبەند، مۇستەزات، مۇۋەششەھ، مۇساۋىيات، تەرپىين، مۇختەممەلات، رۇبائىي، مۇئەممما، قىتئە... قاتارلىق شەكىللىرى بار.

2. ھەربىر كۇپلېتى بىر بېيىتتىن (ئىككى مىسرادىن) تۈزۈلگەن، ھەربىر بېيىت ئۆز ئالدىغا قاپىيىداش بولغان، كۇپلېت چەكلىمىسىگە شۇنىڭدەك بېيىتلار ئارا قاپىيە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان شېئىرىي شەكىل مەسنەۋى دەپ ئاتىلىدۇ.

گەن، بىرىنچى كۇپلېتتىكى ئىككى مىسرا ئۆزئارا قاپىيىداش،
كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ ئالدىنقى مىسراسى ئوچۇق (قاپىيىسىز)،
2 - مىسراسى بىرىنچى بېيىتقا قاپىيىداش بولغان شېئىرىي
شەكىل غەزەل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسنەۋى بىلەن غەزەلنىڭ ئوخشاشلىقى: (1) مەيلى
مەسنەۋى ياكى غەزەل بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئۇيغۇر شېئىرىي-
يىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ قەدىمىي شەكىللىرىدۇر. (2)
مەسنەۋى بىلەن غەزەلنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھەربىر كۇپلېتى
بىر بېيىتتىن تۈزۈلىدۇ. پەرقى: ① غەزەلنىڭ لىرىكىلىق
خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇش، سۆزلىرى ئالاھىدە
تاللانغان، بەلگىلىك بىر مەزمۇننى قىزغىن، چوڭقۇر ھېس -
تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولۇش شەرت قىلىنىدۇ؛ ② غە-
زەلنىڭ بىرىنچى بېيىتىنىڭ ئىككى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش
بولۇشى، كېيىنكى بېيىتلارنىڭ جۈپ مىسرالىرى غەزەلنىڭ
بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرالىرىغا ئاخىرىغىچە قاپىيىداش بولۇپ
كېلىشى شەرت قىلىنىدۇ. قالغان مىسرالىرىنىڭ قاپىيىلىشىپ
كېلىشى شەرت قىلىنمايدۇ؛ ③ خېلى كۆپ غەزەللەر رادىفلىق
بولىدۇ. غەزەللەر ئومۇمەن 13 بېيىتتىن ئاشمايدۇ. ئۇنىڭدىن
ئاشقان بەزى غەزەللەر ئۆزىنىڭ غەزەللىك خۇسۇسى-
يىتىنى يوقىتىپ، قەسىدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. غەزەللەر كۆپىنچە
ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل ۋە ھەزەج بەھرلىرىدە يېزىلىدۇ.

3. «مۇرەببە» تۆتلۈك دېگەن سۆز بولۇپ، ھەربىر كۇپ-
لېتى تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرلار مۇرەببە دەپ ئاتىلىدۇ.
مۇرەببە ئارۇز ۋەزنىدىمۇ، بارماق ۋەزنىدىمۇ يېزىلىدۇ. ئارۇز
ۋەزنىدە يېزىلغان «مۇرەببە» لەرنىڭ ئومۇمەن 1 - كۇپلېتىنىڭ
تۆت مىسراسى قاپىيىداش. كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ ئۈچ مىسراسى
ئۆزئارا قاپىيىداش، 4 - مىسراسى 1 - كۇپلېتقا قاپىيىداش

«مۇرەببە» لەرنىڭ ھەربىر كۇپلېتى تۆت مىسرادىن تۈزۈلسە، قاپىيىلىنىش شەكلى ئومۇمەن بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ قاپىيە شەكىللىرىنىڭ خالىغان بىر قاپىيە شەكلىدە قاپىيىلەنسە بولۇۋېرىدۇ.

4. «مۇخەممەس» بەشلىك دېگەن سۆز بولۇپ، ھەربىر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەشكىل تاپقان شېئىرلاردۇر. مۇخەممەس قانچە كۇپلېت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىكى بارلىق مىسرالار بىرخىل قاپىيىدە كېلىدۇ. كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ تۆت مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش، 5 - مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتنىڭ قاپىيىسى بىلەن قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ.

5. «رۇبائىي» جەمئىي تۆتلا مىسرادىن تەركىب تاپقان ۋە بىر پۈتۈن مۇستەقىل ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى: (1) ھەربىر رۇبائىي مۇستەقىل بىر پۈتۈن ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. (2) رۇبائىينىڭ 1 -، 2 -، 4 - مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيىداش بولىدۇ. بەزى رۇبائىيلارنىڭ تۆت مىسراسىنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا قاپىيىداش بولىدۇ. مانا بۇ رۇبائىيلارنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتە باشقا تۆتلۈك شېئىرلاردىن پەرق قىلىدىغان مۇھىم بىر ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىل كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىمۇ كەڭ قوللىنىلغان، ھازىرمۇ كەڭ قوللىنىلماقتا. رۇبائىيدا شائىر ئۆز پىكرى ۋە تەسىراتلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى، يەكۈنىنى ئىنتايىن ئىخچام، مېغىزلىق ۋە تەسىرلىك سۆز بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ. ۋەزىن جەھەتتىن ئالغاندا، رۇبائىيلارنىڭ بەزىلىرى ئارۇز ۋەزنىدە، بەزىلىرى بارماق ۋەزنىدە يېزىلىدۇ.

## «تىيانشان» شېئىرى توغرىسىدا

1. «تىيانشان» شېئىرىدا تىيانشان نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟ شېئىردا خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇلۇغۋار روھى قانداق مەدھىيىلەنگەن؟ 2. شېئىردا قانداق بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلغان؟ ئۇنىڭ رولىچۇ؟

1. مۇھەممەت رېھىم (1926 — ) نىڭ بۇ شېئىرى شەكىل جەھەتتىن بارماق ۋەزنىلىك مۇرەببە شېئىر شەكلىدە يېزىلغان. خاراكتېرى: قەسىدە. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: رېئالىزم. شائىر بۇ شېئىردا تىيانشان تېغى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سىمۋول قىلىنىش ئارقىلىق تىيانشاننىڭ ئۇلۇغلۇقى، بۈيۈكلۈكىنى مەدھىيىلەپلا قالماي، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تارىخىي شەھەرلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇلۇغۋار روھىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق مەدھىيىلىگەن.

2. شائىر شېئىرىدا ئېپىگراپ ئېلىش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، رىتورىك خىتاب... قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوي - پىكرىنى ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. ئىخچام، گۈزەل، رەڭدار شېئىرىي تىل بىلەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

## «نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ» شېئىرى توغرىسىدا

«نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ» شېئىرىدا قانداق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى بىلەن مەزمۇنىنىڭ قانداق

مۇناسىۋىتى بار؟ شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ قايسى ۋەزىن تۈرىدە، قايسى بەھرىدە يېزىلغان؟

ئابدۇسالام توختى (1934 — ) نىڭ بۇ شېئىرى مۇخەممەس شېئىر شەكلىدە، قەسىدە خاراكتېرىدە. سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

بۇ شېئىردا شائىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئازادلىققا ئېرىشىپ، ھەممە يەر، ھەممە ئادەم شادلىققا، بەختكە چۆمگەنلىكى، بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ، «سول» لۇشيەنگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى زور غەيرەت - جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەردە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىپ مول، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن گۈزەل ئەتىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقانلىقىنى، ھەممە يەر توي. بايرام شادلىقىغا چۆمگەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق، شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە شېئىرغا «نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇش ئارقىلىق، يۇقىرىقى مەزمۇن بىلەن ماۋزۇنى ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل مۇسەممەن مەقسۇر ۋەزىن تۈرىدە يېزىلغان.

### «رەخمىتۇللا جارى رۇبائىيلىرى» ھەققىدە

«رەخمىتۇللا جارى رۇبائىيلىرى» نىڭ ھەربىرىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟

رەخمىتۇللا جارى (1926 — ) نىڭ بارماق ۋەزنىدە، پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىدە يېزىلغان بۇ رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىنچىسىدە — شائىر يېغىنچاق، مەنىلىك

قىلىپ كىشىلەرنى كىبىر پەيدا قىلىش، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، ماختانچاقلىق قىلىش، تەمە قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەردىن ساقلىنىش. ئۇنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى پاك قەلبىگە يۇقتۇرۇۋالماسلىققا تەۋسىيە قىلىدۇ. كىشىلەرنى ھەممىشە كەمتەر، كىچىك پېئىل، سەمىمىي سادىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئىككىنچى رۇبائىيسىدا شائىر — خەلق ئاممىسىنىڭ ئادىللىقىغا، سەزگۈرلۈكىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، كىتابخانلارنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى ئۈلگە قىلىپ، ھەممە ئىشتا ئادىل، توغرا بولۇپ، داۋاملىق ئالغا بېسىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شائىر خەلق ئىستىلىغا يات بولغان غەيۋەتچىلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

ئۈچىنچى رۇبائىيسىدا شائىر — «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دېگەن خەلق ھېكمىتىدىن پايدىلىنىپ ۋاقىتنى قەدىرلەش، مول مەزمۇنلۇق ئىجادىي ئەمگەك ئارقىلىق ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى، ئۆمۈرنىڭ ئاخىردا مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتقا قانچە ئېچىنغان بىلەنمۇ خۇددى ساداقتىن چىققان ئوق ئارقىغا يېنىپ قايتىپ كەلمىگەنگە ئوخشاش، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆتىنچى رۇبائىيسىدا شائىر — ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشتىكى، ياشاشتىكى مەقسىتى، قىممىتى ئۈستىدە توختىلىپ چەكلىك ھاياتنى چەكسىز قىممەتكە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى — ئۆز ئىجاد - ئەمگىكى ئارقىلىق كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئىز قالدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

### «تەۋپىق رۇبائىيلىرى» توغرىسىدا

«تەۋپىق رۇبائىيلىرى» نىڭ ھەربىرىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟

تېمىلى توخناجى (1901 — 1936) نىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە يۈرەك قېنى. ئاچچىق كۆز يېشى بىلەن يازغان بۇ رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىنچىسىدە — جاللات شېڭ شىسەينىڭ زۇلمى، زىياكەشلىكى تۈپەيلىدىن، ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ رايونىنى جاھالەت قاپلاپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىنقىلابچىلار، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قول - ئاياغلىرىغا كويزا - كىشەن سېلىنىپ، زۇلۇم زىندانلىرىدا پاجىئەلىك قىينىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى. ھەممىلا يەرنى تېررورلۇق قاپلىغانلىقى تولىمۇ ئوبرازلىق، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىككىنچى رۇبائىيدا شائىر تولىمۇ ئىخچام قىلىپ — ئۆز مىللىتى، خەلقىنىڭ ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز نادانلىق، جاھالەت پاتقىقىغا پاتقانلىقىنى، ھەرقانداق بىر ئەل خەلقىنىڭ بېشىغا كەلمىگەن ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ جان پىدالىق بىلەن بارلىقىنى ئۆز مىللىتىنىڭ بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىغا ئاتىغانلىقى، خەلقىنى ساۋاتسىزلىقتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن مەنئى قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىنغانلىقى يېزىلغان.

ئۈچىنچى رۇبائىيدا شائىر — ئەينى دەۋردىكى تېررورلۇق مۇھىتنى ئىخچام قىلىپ سۈرەتلەپ، ئۆزىنىڭ ھەققانىي ھەركىتى، ئىنقىلابىي پائالىيىتىگە بولغان ھەقىقىي باھاسىنى شۇنىڭدەك شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى ئازابلىق روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىگەن.

## ساتىرا ھەققىدە

بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى قانداق تۈرنى ساتىرا دەيمىز؟
ساتىرىك ئەسەرلەر قانداق يارىتىلىدۇ؟ ساتىرانىڭ مۇھىم
ۋەزىپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ ساتىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشنى
ئۆگىنىشتە نېمىگە دىققەت قىلىش لازىم؟

«ساتىرا» دېگەن بۇ لاتىنچە ئاتالغۇ رۇس تىلى ئارقىلىق بىزگە ئۆزلەشكەن. ئەدەبىياتتىكى ئىستېمال مەنىسى — ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بارلىق چاكىنىلىقلارنى، خۇنۇك، رەزىل ۋە يىرگىنچىلىك تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ئارقىلىق كەسكىن تەنقىدلەپ، كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى تازىلاشنى مەزمۇن قىلغان ئەدەبىي تۈر ساتىرا دېيىلىدۇ.

ساتىرا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلىگە ئەمەس، بەلكى خاراكتېرىگە قارىتىلغان. ئۇ ھەرقانداق ژانىردا يېزىلىدۇ.

ئاپتور ئۆزى يولۇقتۇرغان تۇرمۇش چاكىنىلىقلىرىدىن ئۇزۇل - كېسىل يىرگەنگەن، ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەن ۋە غەزەپلەنگەندىلا شۇنىڭدەك ئۆتكۈر ھەجۋىي تىلدىن پايدىلىنىپ ئېيتماقچى بولغان پىكرىنى زور بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلغاندىلا ئاندىن بىرقەدەر ياخشى ساتىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ.

بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بارلىق يامان ئىللەتلەرنى ھەر جەھەتتىن پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش قەدەمىمىزنى تېخىمۇ تېزلىتىشكە قارىتا تېگىشلىك رول ئويناش ساتىرانىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

ساتىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالىدى بىلەن تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تىل بايلىقىنى بېيىتىش، مۇنەۋۋەر ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ تىلى، يېزىلىش ئۇسۇلى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك.

## «غىلاپ بەندىسى» ھېكايىسى توغرىسىدا

1. «غىلاپ بەندىسى» ھېكايىسى قانداق شارائىتتا يېزىلغان؟ قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ 2. بېلىكوپ قانداق ئوبراز؟ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا قانداق غىلاپلىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئوقۇتقان يۇنان تىلىمۇ ئۇنىڭغا كالاچ ۋە سايىۋەنلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى دەيمىز؟ 3. بېلىكوپ نېمە ئۈچۈن بىر ئوتتۇرا مەكتەپنى ھەتتا پۈتۈن بىر شەھەرنى 15 يىلغىچە ئۆز قولىدا تۇيىنتالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەركىم ھەر نەرسىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ 4. نېمە ئۈچۈن ئۇ «رەڭگى ئۆچكەن»، «قاپىقىدىن قار ياغقان» ھالەتتە يۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر پارچە ھەجۋىي رەسىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ۋارىنكۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى ئۇنىڭ ھاياتىنى تاماملايدۇ؟ 5. تېكىستىنىڭ ئاخىرىدا: «ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا، تۇرمۇش يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشۈۋالدى»، «ئۆلگىنىش كۆرۈنمەيدۇ»، «لېكىن ئۇنىڭغا ئوخشىغان غىلاپ بەندىلىرىدىن يەنە قانچىلىك بار، كەلگۈسىدە يەنە قانچىلىك بولار؟» دەپ كۆرسىتىلگەن. مۇنداق

يېزىش قانداق چوڭقۇر مەنىگە ئىگە؟

1. ئا. پ. چېخوپ (1860 — 1904) نىڭ بۇ ماتىرىك ھېكايىسى (1898) تەنقىدىي رېئالىزمىلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 1 —، 3 - شەخس تىلىدا، چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە روسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى تەدرىجىي قانات يېيىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى شەكىللىنىۋاتاتتى. ئەكسىيەتچىل چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى كۈنسېرى يۈكسىلىۋاتقان ئىنقىلاب ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەچكە، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، مەملىكەت مىقياسىدا بېسىم كەيپىياتى پەيدا قىلغانىدى. چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق ھىمايىچىلىرى چارپادىشاھ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغدىسىدى، بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. بۇ ھېكايە مانا مۇشۇ زۇلمەتلىك رېئاللىققا قارىتىپ يېزىلغان.

ئاپتور بۇ ھېكايىدە بېلىكوپ ئوبرازىنى تىپ قىلىپ يارىتىش ئارقىلىق، ئېغىر ۋەھىمە ئىچىدە قالغان چارروسىيە جەمئىيىتىنى سۈرەتلەپ، چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان.

2. بۇ ھېكايىنىڭ باش پېرسوناژى بېلىكوپ مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇنان تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، سىرتقى قىياپىتىدىن ئىچكى دۇنياسىغىچە چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش پۈتۈن ئىدىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن، ھۆكۈمرانلاردىن نىجاتلىق تىلەيدىغان، يېڭىلىققا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان مۇتەئەسسىپ زىيالىيلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. بېلىكوپنىڭ خاراكتېرىدە — كونىلىقنى قوغداش، كونا قاراش-

لارغا جىنىنىڭ بارىچە ئېسىلىۋېلىش، يېڭىلىقتىن قورقۇش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىش، چېقىمچىلىق قىلىشتەك يىرگىنچلىك قىلمىشلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئاپتور بىلىكوپىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مۇشۇنداق رەزىل ۋە كۈلكىلىك قىلمىشلىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى «غىلاپلىرى» نى سۈرەتلەپ بەرگەن.

بىلىكوپىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى «غىلاپلىرى» دىن: ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىمۇ كالاچ كىيىپ، كۈنلۈك تۇتۇپ، قېلىن پەلتو كىيىپ يۈرۈشى، كۈنلۈك ۋە سائەتلىرىنى ھەتتا قەلەمتىراچىنىمۇ غىلاپ ئىچىگە سېلىپ ساقلاش، يول يۈرگەندە پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى توسۇۋېلىش، قۇلىقىغا پاختا تىقىۋېلىش قاتارلىق رەزىل ھەم چاكىنا «غىلاپلىرى» بار. ئۇ ئوقۇتىدىغان يۇنان تىلىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كالاچ ۋە سايىۋەنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى دېيىشتىكى سەۋەب — بىلىكوپ ئاشۇ ئۆلۈك، قىممىتى، ئىجادچانلىقى يوق يۇنان تىلى دەرسىنى ئۆتۈش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. بۇ تىل ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان، كونىرىغان تىل بولۇپ، كونىلىققا جىنىنىڭ بارىچە يېپىشىۋالىدىغان بىلىكوپ ئۈچۈن بۇ تىل ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدىغان «غىلاپلىرى» دىن بىرىدۇر.

3. يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك بىلىكوپىنىڭ ئىدىيىسىدە نۇرغۇن «غىلاپلىرى» بار. كونىلىقنى قوغداش، كونا قاراشلارغا جىنىنىڭ بارىچە ئېسىلىۋېلىش، يېڭىلىقتىن قورقۇش، ئۇنىڭغا بار ئامالى بىلەن قارشى تۇرۇش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىش، چېقىمچىلىق قىلىش ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇ ئۆز ئىدىيىسىگە سىغمىغان ئىشلارنى، پاراڭلارنى تىڭ تىڭلاپ چارپادىشاھ ھاكى-

مىيتىنى قوغدىغۇچى ئورگانلارغا چاقىدۇ. ھەرخىل يوللار بىلەن كىشىلەرنىڭ «ئەدىبىنى بېرىدۇ». ئۇنىڭ كەينىدە بۇ خىل رەزىل قىلمىشنى قوللايدىغان چارپادىشاھ ھاكىمىيىتى بار. شۇڭا بۇ يۇنان تىلى ئوقۇتقۇچىسى پۈتۈن بىر مەكتەپنى يەنى ئادەم تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇندىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى مەنىۋى بويۇنتۇرۇق بىلەن كىشەنلەپ تۇرغاچقا، ھەتتا بىر شەھەرنىمۇ 15 يىلغىچە ئۆز قولىدا تۇتالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەركىم ھەرنەرسىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4. گەرچە بېلىكوپ ھەممىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا، كۆزگە كۆرۈنمەس مەنىۋى بويۇنتۇرۇق بىلەن ھەممىنى كىشەنلەشكە بارلىقىنى ئاتىغان بولسىمۇ، كونىرى يوقىلىۋاتقان ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ۋە يېڭىلىق ئىدىيە - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، قەدەمدە بىر بۇ خىل ئىدىيە - ھەرىكەتلەر كۆزىگە چېلىقىپ تۇرغاچقا، بۇ خىل ھالەتتىن بىئارام بولغان بېلىكوپ «رەڭگى ئۆچكەن»، «قاپىقىدىن قار ياغقان» ھالەتتە يۈرىدۇ. ئاخىردا بىر پارچە ھەجۋىي رەسىم ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى «غىلاپىلىرى» نى سۈرەتلەپ بېرىپلا قالماي، پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەچكە، بۇ ئەھۋالنى ئۇققان بېلىكوپنىڭ چىرايى «قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاسماندەك» تۇتۇلۇپ كېتىدۇ. يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، روھىي دۇنياسى ئازاد كوۋالىنكو بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتنىڭ ئاخىردا بېلىكوپ دەككىسىنى يەيدۇ. ئۇ گاڭگىراپ تۇرغاندا ۋارىنكا دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كېلىپ بېلىكوپنىڭ كۈلكىلىك ھالىتىگە، تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى «غىلاپلىرى» غا قاراپ قاتتىق كۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىكوپنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ۋە تاشقى

كۆرۈنۈشىدىكى «غىلاپلىرى» قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، ھاياتى تاماملىنىدۇ.

5. ھېكايىنىڭ ئاخىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پىكىرلەر تولىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. يەنى ھەممىلا يەرنى، ۋەھىمە قاپلىغان چارپادىشاھ جەمئىيىتىدە، بۇ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى قوغدىغۇچى بىلىكوپلاردىن پەقەت بىرىنى كۆمۈش بىلەن ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقى، ئەركىنلىكنى كىشەنلەپ تۇرغان بۇنداق بىلىكوپلارنىڭ چارروسىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە يەنە بارلىقى، ئۇلارنى قوللايدىغان چارپادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقى يېزىلغان.

## «دونكىخوت» رومانىدىن بېرىلگەن پارچە توغرىسىدا

«دونكىخوت» رومانىدىن بېرىلگەن بۇ پارچىدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ ئاپتور دونكىخوتنىڭ دات بېسىپ كۆكىرىپ كەتكەن ساۋۇت - قالقانىنى سۈرتۈپ تازىلىغانلىقىنى، دۇبۇلغىنىڭ ماڭلايى بىلەن قولاق ياپقۇچىنى قېلىن كارتون قەغەزدىن ئويۇۋېلىپ چاپلاپ قويغانلىقىنى، بولۇپمۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ «ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ كېلىۋاتقان» نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن، مۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ قانداق رولى بار؟

ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتىس (1547 — 1616) نىڭ 1605 - يىلى يېزىلغان «دونكىخوت» ناملىق ساتىرىك رومانىدىن ئېلىنغان بۇ پارچە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ئايرىلىپ، تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىدىن ئارقىدا قېلىپ، راۋاجلىن-نىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رېئاللىققا قارشى زورمۇزور ئىش قىلىپ، ھەممىلا يەردە مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدىغانلىق-نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دەرسلىكتىكى رومانىنىڭ بۇ پارچىسىدا ئىككى ۋەقە نۇقتىلىق يېزىلغان. بىرىنچىسى، سەپەر تەييارلىقى؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ **شامال** تۈگمەنلىرى بىلەن ئېلىشقانلىقىدىن ئىبارەت.

ئايتور دونكىخوتنىڭ دات بېسىپ كەتكەن قالقانىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتكەنلىكى، بىر پارچە قاتتىق قەغەزنى دۇ-بۇلغىنىڭ ماڭلىيى ۋە قۇلاق ياپقۇچى قىلىپ بېكىتكەنلىكى، ئۇنى «سىناپ بېقىش» جەريانىدا پارە - پارە بولۇپ كەتكەن-دىن كېيىن قايتا ياساپ سىناپمۇ كۆرمەستىن «ئەڭ ياخشى دۇبۇلغا بولدى» دەپ ئۆزىنى - ئۆزى ئالدىغانلىقى... قاتارلىق ئىشلارنى يېزىش ئارقىلىق، دونكىخوتنى ئاچچىق مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، بىمەنە، كۈلكىلىك پېرسوناژ ئىكەنلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ «ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ كېلىۋاتقان» نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن بۇ نەرسى-لەرنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ رىتسارلاردىن بولۇش ئارزۇسىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## لوگىكا ھەققىدە چۈشەنچە

لوگىكا قانداق پەن؟ فورمال لوگىكىنىڭ ئوبيېكتى نېمە؟ تەپەككۇر شەكىللىرى دېگەن نېمە؟ تەپەككۇر قانۇنى

## يەتلىرى دېگەن نېمە؟ لوگىكىنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

لوگىكا ئىلمى مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل تەرىپىدىن بىر ئىلىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «لوگىكا» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى يۇنانچە «لېگو» ۋە ئۇنىڭغا مەنىداش «لوگوس» دېگەن سۆزلەردىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭ مەنىسى — «سۆز»، «پىكىر»، «قانۇنىيەت»، «لوگىكا ئىلمى» دېگەنلەردىن ئىبارەت. تىلىمىزدا «لوگىكا» دېگەن سۆز ۋە ئۇنىڭغا مەنىداش «مەنتىقە» دېگەن سۆزمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

لوگىكا ئىلمى دېگەن بۇ ئاتالغۇ كەڭ ھەم تار مەنىگە ئىگە بولۇپ، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا بۇ ئىلىم تەپەككۇر توغرىسىدىكى پەن بولۇپ، ئۇ فورمال لوگىكا، دىئالېكتىك لوگىكا، ماتېماتىكىلىق لوگىكا دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تار مەنىدىن ئالغاندا بۇ ئىلىم پەقەت فورمال لوگىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئۆگەنمەكچى بولغىنىمىز ئەنە شۇ فورمال لوگىكىدىن ئىبارەت.

فورمال لوگىكا — تەپەككۇر شەكىللىرى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

تەپەككۇر شەكىللىرى دېگىنىمىز — تەپەككۇرنىڭ تۈزۈلۈش - قۇرۇلۇش شەكلىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە (جۈملىدىن ئىسپات ھەم رەددىيە) ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدا قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق ۋاسىتىدۇر. ئۇ پىكىر مەزمۇنىنى باغلاش، تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ.

تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى دېگىنىمىز — كىشىلەر ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسىدىن پايدىلىنىپ پىكىر يۈرگۈزگەندە خالى

قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلغان ئاساستا تەپەككۇرنىڭ ئېنىق، زىددىيەتسىز، باش - ئايىغى ئىزچىل بولۇشىنى تەمىنلەيدىغان قانۇنىيەتلەر، يەنى بىرلىك قانۇنىيىتى (ئەينىيەت قانۇنىيىتى)، زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى، ئۈچىنچىسى يوق قانۇنىيىتى، يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە بولۇش قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت.

لوگىكىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى توغرا بىلىش ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا: (1) لوگىكا بىزنىڭ يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشىشىمىزدە زۆرۈر ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. (2) ماقالە ھەم نۇتۇقىمىزنىڭ لوگىكىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىزغا زور ياردەم بېرىدۇ. (3) ھەقىقەتنى قوغداپ، بىمەنە سەپسەتىلەرنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. (4) ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى، كەسپىي بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارغا توغرا، ئېنىق يەتكۈزۈش، چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ئۇقۇم ھەققىدە چۈشەنچە**

1. ئۇقۇم دېگەن نېمە؟ ئۇقۇمنىڭ مېغىزى، ھەجمى دېگەن نېمە؟ ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ 2. ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بېرىش دېگەن نېمە؟ ئېنىقلىما بېرىش شەكلى قانداق بولىدۇ؟ ئېنىقلىما بېرىشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ 3. ئۇقۇمغا ئىزاھ بېرىش دېگەن نېمە؟ 4. نېمە ئۈچۈن ئۇقۇمنى تۈرگە

ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز؟ تۈرگە ئايرىشتا بىر قېتىمدا نەچچە ئۆلچەمنى قوللىنىشقا بولىدۇ؟

1. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى ئۇقۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇقۇم — تەپەككۇر شەكىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئاساسىي بىرلىكتىن ئىبارەت.

ئۇقۇم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ يىغىندىسى (يەنى مەنىسى) ئۇقۇمنىڭ مېغىزى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەربىر ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ماھىيەتلىك بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمى ئوتتۇرىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇقۇمنىڭ مېغىزى كېڭەيسە (كۆپەيسە) ھەجمى تارىيىدۇ، ھەجمى كېڭەيسە مېغىزى تارىيىدۇ.

ئۇقۇم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر بولسا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمىمۇ مۇتلەق مۇقىم ھالەتتە تۇرۇۋەرمەيدۇ. شۇڭا مۇئەييەن تەپەككۇر ياكى مۇنازىرە شارائىتىدا ئۇقۇمنىڭ مېغىزى، ھەجمى مۇقىم بولۇشى كېرەك.

2. ئىنقىلانغۇچى (تەبىرلەنگۈچى) ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئېچىپ بېرىش جەريانى، ئۇقۇمغا ئېنىقلىما (تەبىر) بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بېرىش ئۇسۇلى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئۇيغۇر

تىلىدا ئىنىقلىما بېرىش شەكلى ئادەتتە: «x دېگىنىمىز — ...دىن ئىبارەت» ياكى «x دېگىنىمىز — ... دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش شەكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇقۇمغا ئىنىقلىما (تەبىر) بېرىش پىكىر قۇرۇلمىسى ئادەتتە ئىنىقلانغۇچى ۋە ئىنىقلىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپىدۇ. مېغىزى ئېچىپ بېرىلمەكچى بولغان ئۇقۇم — ئىنىقلانغۇچى ئۇقۇم بولىدۇ. ئىنىقلانغۇچى ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئايدىڭلاشتۇرغۇچى ئۇقۇم ئىنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئەدەبىيات دېگىنىمىز — تىل-يېزىقنى قورال قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەت ئەدەبىيات دەپ ئاتىلىدۇ» دېسەك. «ئەدەبىيات» دېگەن ئۇقۇم ئىنىقلانغۇچى ئۇقۇم بولىدۇ. ئىنىقلانغۇچى ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش جەريانى ئىنىقلىغۇچى بولىدۇ.

ئۇقۇمغا ئىنىقلىما بېرىشتە بېرىلگەن ئىنىقلىمىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئىنىقلانغۇچى ئۇقۇم بىلەن ئىنىقلىغۇچىنىڭ ھەجمى تەڭ بولۇشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇقۇمغا ئىنىقلىما بېرىشتە ئىنكار شەكلىنى، ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئىنىقلانغۇچى ئۇقۇمدا يەنە تەكرارلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ.

3. ئۇقۇمغا ئىزاھ بېرىش دېگىنىمىز — ئىزاھلانغۇچى ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئېچىپ بېرىش جەريانىدۇر. مەسىلەن، «ئەدەبىيات — تىل سەنئىتىدۇر»، «لۇشۈن — ئۇلۇغ ئەدىب» دېگەن ئىزاھ بېرىش شەكلىنى ئالساق، ئىزاھلانغۇچى ئۇقۇملار مېغىزىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ خىل ئۇسۇلغا ئىنىقلىما بېرىشكە ئوخشاش قاتتىق تەلەپ قويۇلمايدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئۇقۇم مېغىزىنىڭ بىر قىسمى ئېچىپ بېرىلسىلا بولىدۇ.

كەڭ بولىدۇ. ھەجمى كەڭ بولغان ئۇقۇملارنىڭ دائىرىسىنى بىر قىتىمدىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە مۇمكىن بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ئوي - پىكىرنى رەتلىك، تەرتىپلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. مەسىلەن، «شېئىر» دېگەن ئۇقۇمنى بىز مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ «لىرىك شېئىر ۋە ئېپىك شېئىر» دەپ ئىككى تۈرگە، قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىگە قاراپ «ۋەزىنلىك شېئىر، ئەركىن شېئىر ۋە نەسرىي شېئىر» دەپ ئۈچكە بۆلىمىز. ئەگەر بىز يەنە «لىرىك شېئىر»، «ئېپىك شېئىر»، «ۋەزىنلىك شېئىر» دېگەن ئۇقۇملارنى داۋاملىق تۈرگە ئايرىساق، يەنە نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

تۈرگە ئايرىشنىڭ ھەرخىل ئۆلچىمى بولىدۇ، ئەمما بىر قېتىمدا بىرلا ئۆلچەمنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بىر قېتىمدا بىر نەچچە ئۆلچەم تەڭلا قوللىنىلسا قالايمىقانچىلىق، مۇجمەللىك كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، «شېئىر» دېگەن بۇ ئۇقۇم بىرىنچى قېتىملىق ئۆلچەمدە مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ ئايرىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلچەمدە قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىگە قاراپ ئايرىلدى. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، بىر قېتىمدىلا ئىككى ئۆلچەم تەڭ قوللىنىلىپ: «شېئىر» مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا، قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىگە قاراپ لىرىك شېئىر، ئېپىك شېئىر، ۋەزىنلىك شېئىر، ئەركىن شېئىر، نەسرىي شېئىر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، دېسەك پىكىر مەزمۇنىدا مۇجمەللىك خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. بىز ئوقۇۋاتقان تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن دەرسلىك كىتابلىرى ئۆز سىستېمىسى ئاساسىدا قاتلاممۇ قاتلام تۈرگە

ئايرىش، جىنس ئۇقۇمىدىن تۈر ئۇقۇمىغا ئۆتۈش ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈلىدۇ.

## ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە

1. سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟ ماس كېلىش مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ھەربىر تۈرىنى ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈڭ.

2. ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ھەربىر تۈرىنى ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈڭ.

1. سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ماس كېلىش مۇناسىۋىتى ۋە ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئاز دېگەندە بىر قىسىم ھەجىملىرى ئۆزئارا ماس كەلسە، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ماس كېلىش مۇناسىۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ماس كېلىش مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ: (1) تولۇق ماس كېلىش مۇناسىۋىتى. (2) قىسمەن ماس كېلىش مۇناسىۋىتى. (3) بېقىندىلىق مۇناسىۋەت.

(1) ئەگەر بىر ئۇقۇمنىڭ تولۇق ھەجمى يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ تولۇق ھەجمىگە دەلمۇدەل ماس كەلسە، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولۇق ماس كېلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار تولۇق ماس كېلىدىغان ئۇقۇملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈن — «دورا» ھېكايىسىنىڭ ئاپتورى. ساۋاقداش گۈلنار مەكتىپىمىزنىڭ تولۇقسىز

1 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، بۇ قىزچاق ئائىلە ئىشلىرىدىغىمۇ ھەر دائىم ياردەملىشىدۇ.

(2) ئەگەر بىر ئۇقۇمنىڭ بىر قىسىم ھەجىمى يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ بىر قىسىم ھەجىمىگە ماس كەلسە، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قىسمەن ماس كېلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. مۇنداق مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار قىسمەن ماس ئۇقۇم-لار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچى — ئىتتىپاق ئەزاسى.

(3) ئەگەر بىر ئۇقۇمنىڭ تولۇق ھەجىمى يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ بىر قىسىم ھەجىمىگە ماس كەلسە، يەنى ھەجىمى چوڭ بولغان جىنس ئۇقۇم ھەجىمى تارراق بولغان تۈر ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالالىسا، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ. مۇنداق مۇناسىۋەت-تىكى ئۇقۇملار بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار دېيىلىدۇ.

مەسىلەن، ئاشلىق - بۇغداي.

بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملارنى جۈملىدە تەڭداش قىلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ (مەسىلەن، مەن بۈگۈن بازاردىن كۆكتات ھەم تۇرۇپ سېتىۋالدىم. دېگەندەك). لېكىن قىسمەن ئەھۋاللاردا ئىپادىلەش، ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈرىيىتىدىن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى جىنس ئۇقۇم بىلەن تۈر ئۇقۇم قاتارىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، جۇڭگو خەلقى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئوخشاشلا تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدۇ.

2. ئىككى ئۇقۇم ھەجىم جەھەتتىن تولۇق ماس كەلمە-سە، مېغىزى جەھەتتىن بىر - بىرىنى چەتكە قاقسا، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق مۇناسىۋەت ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار

مۇناسىۋىتى: (1) تەڭداش مۇناسىۋەت؛ (2) قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت؛ (3) زىت مۇناسىۋەت دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى ھەجمى ماس كەلمەيدىغان ئىككىدىن ئارتۇق تۈر ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭداش مۇناسىۋەت بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاشلىق» دېگەن جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى «بۇغداي»، «قوناق»، «گۈرۈچ»، «ئارپا»، «تېرىق»... دېگەن تۈر ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭداش مۇناسىۋەت بولىدۇ.

(2) بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى ئىككى تۈر ئۇقۇم مېغىزى جەھەتتىن بىر - بىرىنى چەتكە قاقسا، ھەجىم جەھەتتىنمۇ ئىككى تۈر ئۇقۇمنىڭ يىغىندىسى ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمىدىن كىچىك بولسا، بۇنداق مۇناسىۋەت قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار قارىمۇقارشى ئۇقۇملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «رەڭ» دېگەن جىنس ئۇقۇم ئاستىدىكى «ئاق» بىلەن «قارا» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. ھەجىم جەھەتتىنمۇ بۇ ئىككى تۈر ئۇقۇمنىڭ يىغىندىسى ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان رەڭ دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمىگە تەڭ كەلمەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە باشقا ئارىلىق ئۇقۇملار بار.

(3) بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى ئىككى تۈر ئۇقۇم مېغىزى جەھەتتىن بىر - بىرىنى چەتكە قاقسا، ھەجىم جەھەتتىن ئىككى تۈر ئۇقۇمنىڭ يىغىندىسى ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمىگە تەڭ بولسا، بۇنداق ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زىت مۇناسىۋەت بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار زىت ئۇقۇملار دېيىلىدۇ.

ياخشى نەتىجە، ياخشى بولمىغان نەتىجە.

قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت بىلەن زىت مۇناسىۋەتنىڭ پەرقى شۇكى، زىت مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا ئارىلىق ئۇقۇم بولمايدۇ. بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى ئۇلارغا يېقىن كېلىدىغان بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمىگە باراۋەر بولىدۇ. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى، ئۇلارغا يېقىن كېلىدىغان بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمىدىن كىچىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە باشقا ئارىلىق ئۇقۇملار بولىدۇ.

## ئاددىي ھۆكۈم ھەققىدە

ئاددىي ھۆكۈم ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ. كونكرېت قىلىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

1. ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ ھۆكۈم تۈزۈلۈشكە ئاساسەن نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟ 2. ئاددىي ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ ئاددىي ھۆكۈملەر سۈپىتىگە ئاساسەن نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئايرىم - ئايرىم تەبىر بېرىڭ. 3. ئاددىي ھۆكۈم مىقدارىغا ئاساسەن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ تەبىرلەڭ. 4. ھۆكۈملەر سۈپىتى ھەم مىقدارىنىڭ بىرلىكىگە ئاساسەن قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ 5. ھۆكۈملەر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ھەقىقىيلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ تەبىرلىرىنى بېرىڭ. 6. قانداق قىلغاندا ھۆكۈم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ؟

بەلگىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان تەپەك-كۇر شەكلىدۇر.

ھەرقانداق ھۆكۈم ئۇقۇمدىن تۈزۈلىدۇ. ھۆكۈمنىڭ ئالاھى-دىلىكى: ① ھۆكۈم مەلۇم بىر شەيئىگە قارىتا ئۇنى تەستىق-لايدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ؛ ② مۇئەييەن شارائىتتا ھۆكۈم يا توغرا بولىدۇ، يا خاتا بولىدۇ، يا ھەقىقىي بولىدۇ، يا ساختا بولىدۇ. ھۆكۈمنىڭ بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكىنىڭ قايسى بىرى كەم بولسا ھۆكۈم بولمايدۇ.

ھۆكۈم تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئاددىي ھۆكۈم ۋە بىرىك-كەن ھۆكۈم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2. ھۆكۈملەنگۈچى، ھۆكۈملىگۈچى ۋە باغلىغۇچىدىن تەر-كىب تاپقان ھۆكۈم ئاددىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي ھۆكۈم شەيئىلەرگە قارىتا مەلۇم بىر بەلگىنى توغرىدىن — توغرا كىرىپ تەستىقلايدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان بولغاچ-قا، فورمال لوگىكىدا بۇنداق ھۆكۈم كەسمە ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ.

ھۆكۈملەنگۈچى ئادەتتە «S» ھەرپى بىلەن، ھۆكۈملى-گۈچى «P» ھەرپى بىلەن، باغلىغۇچى سىزىق «—» بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

ئاددىي ھۆكۈملەر ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچى-سىنىڭ مېغىزى جەھەتتىن باغلىنىشى (سۈپىتى) غا ئاساسەن: ① تەستىقىي ھۆكۈم؛ ② ئىنكار ھۆكۈم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① تەستىقىي ھۆكۈم دېگىنىمىز — شەيئىلەرگە قارىتا مەلۇم بىر بەلگە تەستىقلانغان ھۆكۈم تەستىقىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەت — ئەلاچى ئوقۇغۇچى. فورمۇلىسى: S — P بولىدۇ.

بىر بەلگە ئىنكار قىلىنىدىغان ھۆكۈم ئىنكار ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ. توغرا ئىدىيە ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس. فورمۇلىسى: P — S ئەمەس.

3. ئاددىي ھۆكۈم مىقدارىغا قاراپ ① خاس ھۆكۈم؛ ② ئومۇمىي ھۆكۈم؛ ③ جۈزئىي ھۆكۈم دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① ھۆكۈملەنگۈچىسى خاس ئۇقۇمدىن ئىبارەت بولغان ھۆكۈم خاس ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈن — ئۇلۇغ ئەدىب. خاس ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىرلا يەككە شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. خاس تەستىقىي ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: بۇ P — S دۇر. خاس ئىنكار ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: بۇ P — S ئەمەس.

② ھۆكۈملەنگۈچىسى ئومۇمىي ئۇقۇمدىن ئىبارەت بولغان ھۆكۈم ئومۇمىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بېلىق — سۇدا ياشايدىغان ھايۋاندۇر. ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: ھەممە P — S دۇر. ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: ھەممە P — S ئەمەس.

③ ھۆكۈملەنگۈچىسى ھۆكۈملەنگۈچىسىنىڭ قىسمەن ھەجىمگە قارىتىلغان ھۆكۈم ياكى ھۆكۈملەنگۈچىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر خىلدىكى ئوبيېكتنىڭ بىر قىسمىغا قارىتىلغان ھۆكۈم جۈزئىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى دەرسنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. جۈزئىي تەستىقىي ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: بەزى P — S دۇر. جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: بەزى P — S ئەمەس.

4. ھۆكۈملەر سۈپىتى بىلەن مىقدارىنىڭ بىرلىكىگە ئاساسەن ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: ① خاس تەستىقىي ھۆكۈم؛ ② خاس ئىنكار ھۆكۈم؛ ③ ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم،

④ ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم؛ ⑤ جۈزئىي تەستىقىي ھۆكۈم؛ ⑥ جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈمدىن ئىبارەت (بۇلارنىڭ فورمۇلىسى يۇقىرىدا بېرىلدى).

5. ھۆكۈملەر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ھەقىقىيلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن: ① ئېھتىمالىي ھۆكۈم؛ ② رېئالىي ھۆكۈم؛ ③ مۇقەررەر ھۆكۈم دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① ھۆكۈملەنگۈچىسى ھۆكۈملىگۈچىسى تەرىپىدىن پەرەز ئاساسىدا تەستىقلانغان ياكى ئىنكار قىلىنغان ھۆكۈم ئېھتىمالىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مارستا جانلىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال جىددىيلىشىۋاتقانلار بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئەمەس.

فورمۇلىسى: S ئېھتىمال P دۇر. S ئېھتىمال P ئەمەس.

② ھۆكۈملەنگۈچى ئوبيېكتقا قارىتا نەق بىر نىمە (بىرەر بەلگە) تەستىقلانغان ياكى ئىنكار قىلىنغان ھۆكۈم رېئال ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. رېئال ھۆكۈمدە شەيئىلەر مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو سوتسىيالىستىك دۆلەت. مەھمۇد قەشقەرى — جاھان تۈركلولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى.

فورمۇلىسى: S ھەقىقەتەن P دۇر. S ھەقىقەتەن P ئەمەس.

③ ھۆكۈملىگۈچى ئەكس ئەتتۈرگەن بەلگە ھۆكۈملىگۈچى شەيئىدە مۇقەررەر مەۋجۇت ئىكەنلىكى تەستىقلانغان ياكى ئىنكار قىلىنغان ھۆكۈم مۇقەررەر ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرمىگەنلەر مۇقەررەر ھالدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. فورمۇلىسى: S مۇقەررەر P بولىدۇ. S — P بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

6. ھۆكۈم كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان بىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈم ئەمەلىيەت-

توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. ھۆكۈمنى توغرا ئىشلىتىش، توغرا چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ شەيئىگە نىسبەتەن توغرا تونۇشقا ئىگە بولماي تۇرۇپ شەيئىلەر ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن: ① ھۆكۈملەنگۈچى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىنىڭ ماسلاشماسلىقىدەك نۇقسانلاردىن ساقلىنىش كېرەك. بولۇپمۇ مىقدار جەھەتتە ھۆكۈملەنگۈچىنىڭ مېغىزىنى ياكى ھەجىمىنى تارايتىۋېتىش ياكى كېڭەيتىۋېتىشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش لازىم؛ ② تەستىق بىلەن ئىنكارنى توغرا ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. تەستىقلاشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىنكار قىلماسلىق، ئىنكار قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تەستىقلىماسلىق لازىم؛ ③ ھۆكۈملەنگۈچى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىنىڭ سۈپىتى مۇۋاپىق بولماسلىقتەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش كېرەك.

## بىرىككەن ھۆكۈم ھەققىدە

بىرىككەن ھۆكۈم ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ. كونكرېت قىلىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

1. بىرىككەن ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ بىرىككەن ھۆكۈم قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟ 2. شەرتلىك ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ يېتەرلىك شەرت، زۆرۈر شەرت دېگەن نېمە؟ شەرتلىك ھۆكۈملەر قايسى قىسىملاردىن تۈزۈلىدۇ؟ شەرتلىك ھۆكۈملەر شەرت ۋە نەتىجە بۆلەكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسى؟ 3. تاللانما ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ تاللانما ھۆكۈم قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسى؟ سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ سىغىشمايدىغان تاللانما

1. بىرىككەن ھۆكۈم دېگىنىمىز — ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي ھۆكۈمنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن ھۆكۈم بىرىككەن ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مەن ئۈرۈمچىگە يا ئايروپىلان بىلەن بارىمەن، يا ئاپتوبۇس بىلەن بارىمەن.

بىرىككەن ھۆكۈم: (1) شەرتلىك ھۆكۈم. (2) تاللانما ھۆكۈم. (3) باغلانما ھۆكۈمدىن ئىبارەت.

2. ئىككىدىن ئارتۇق ئاددىي ھۆكۈمنىڭ مەلۇم شەرتكە ئاساسەن باغلىنىپ، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بىرىككەن ھۆكۈملەر شەرتلىك ھۆكۈم دېيىلىدۇ؛ ياكى ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى مەلۇم شەرت بويىچە باغلىنىپ كەلگەن ھۆكۈم شەرتلىك ھۆكۈم دېيىلىدۇ.

شەرتلىك ھۆكۈم كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى شەرت بېقىندى جۈملە شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر تىرىشىپ ئۆگەنمىسە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

شەرتلىك ھۆكۈملەر شەرت بۆلەك، نەتىجە بۆلەك ۋە باغلىغۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر (باغلىغۇچى) سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرسە (شەرت بۆلەك) ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ (نەتىجە بۆلەك).

شەرتلىك ھۆكۈملەر شەرت بىلەن نەتىجە بۆلەكنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ: ① يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم؛ ② زۆرۈر شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم؛ ③ يېتەرلىك ھەم زۆرۈر شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ (بىز بۇ يەردە دەرسلىك كىتاب تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالدىنقى ئىككى خىل شەرتلىك ھۆكۈم ھەققىدە توختىلىمىز).

بولغان شەرتلىك ھۆكۈم. يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم بولىدۇ. مەسىلەن، مەشكە ئوت ياقسا ئۆي ئىسسىيدۇ.

شەرت بۆلىكى نەتىجە بۆلىكىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان شەرتلىك ھۆكۈم زۆرۈر شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاممىنىڭ ئىگىنى ئۈستۈرگەندىلا ئاندىن ئاممىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

يېتەرلىك شەرت — شۇ شەرت بولسا، شۇ نەتىجە بولىدىغان، لېكىن شۇ شەرت بولمىسا شۇ نەتىجىنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدىغان شەرتتۇر. يەنى — A بولسا B بولىدۇ. لېكىن A بولمىسا B نى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، كۆۋرۈك بولسا دەريادىن ئۆتكىلى بولىدۇ.

زۆرۈر شەرت — شۇ شەرت بولمىسا، شۇ نەتىجە بولمايدىغان، لېكىن شۇ شەرت بولۇش بىلەنلا شۇ نەتىجىنى بولىدۇ، دېگىلى بولمايدىغان شەرتتۇر. يەنى A بولسا B بولمايدۇ. لېكىن A بولسىلا B نى بولىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، كۆز بولمىسا كۆرگىلى بولمايدۇ. سۇ بولغاندىلا ئاندىن ھاياتلىق بولىدۇ. يۈرەك بولمىسا ئادەم ياشىيالمايدۇ.

شەرتلىك ھۆكۈمنى توغرا قوللىنىش ئۈچۈن، شەرت بۆلىكى بىلەن نەتىجە بۆلىكى ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق مۇناسىۋەت بولۇشى، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتمەسلىكى، ئوخشاش بولمىغان شەرتلىك باغلىنىش ئوخشاش بولمىغان شەرتلىك ھۆكۈم شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى لازىم.

3. شەيئىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىرنەچچە خىل ئەھۋال ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ھۆكۈم تاللانما ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، كىنو بېلەتىدىن بىرسىلا بار، شۇڭا بۇ كىنوغا ياكى سەن بار، ياكى مەن باراي.

سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئەينى بىر ئوبيېكتتا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بىر نەچچە خىل ئەھۋالنىڭ بىرلا ۋاقىتتا سىغىشىش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولغان تاللانما ھۆكۈم سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، رادىئو لېكسىيىلىرى ئاڭلىسىمۇ بولىدۇ ياكى لۇغەتتىن پايدىلىنىپ، دەرسلەرنى ئۆزى ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ، ياكى چەت ئەل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان يولداشلاردىن ئېغىزچە سۆزلىشىشنى ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ.

شەيئىلەردىكى ئىككىدىن ئارتۇق ئەھۋال بىر - بىرىنى چەتكە قاقسا بەلكى بۇ ئەھۋال ئەينى بىر شەيئىدە بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىسا، بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھۆكۈم سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئالغا بېسىش يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيە يا ئۇنى يېڭىش، يا ئۇنىڭدىن قورقۇش بولىدۇ.

سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ ئاز دېگەندە بىر تاللانمىسى، كۆپ دېگەندە ھەممە تاللانمىسى توغرا بولۇشى كېرەك. ئەگەر تاللانمىلىرىنىڭ بىرىمۇ توغرا بولمىسا، بۇ سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم خاتا بولىدۇ. سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ پەقەت بىرلا تاللانمىسى توغرا بولۇپ، قالغان تاللانمىلىرى خاتا بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئىككىدىن ئارتۇق تاللانمىسى توغرا بولۇپ قالسا بۇ سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈم خاتا بولىدۇ.

## «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى»، «يېشىللىق» دېگەن ئىككى نەسىر ھەققىدە

1. «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» ناملىق نەسىردە ئاپتورنىڭ قانداق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن؟ ئۇنىڭدىن نىمىلەرنى بىلىش مۇمكىن؟ نەسىردە ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن قايسى مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن؟ قانداق بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلغان؟ 2. «يېشىللىق» دېگەن نەسىردە تەبىئەت مەنزىرىسى قانداق سۈرەتلىنىپ، قانداق ئىدىيە ئېچىپ بېرىلگەن؟

1. جۇزىچىڭ (1898 — 1948) نىڭ «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» ناملىق لىرىك نەسىرى 1927 - يىلى 7 - ئايدا يېزىلغان. ئاپتور ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا نارازى ئىدى. يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال-لىق جۇڭگو جەمئىيىتىدە يېڭىچە ئۆزگىرىش بولۇشىنى، ئەركىن-لىكنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق رېئاللىقتىن خالىي بولۇشنى خام خىيال قىلاتتى. شۇڭا ئىدىيىسى قارىمۇقارشىلىق بىلەن تولغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. ئاپتورنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتى بۇ تېكستتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاپتور ئانچە-مۇنچە نالىمۇ قىلىدۇ، بىردەملىك ئارامخۇدالىقتىن خۇشالمۇ بولىدۇ. ئۇ «ئۆزۈمنى ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ئەركىن ھېس قىلاتتىم» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىن زېرىككەن-لىكىنى، قىسىلغانلىقىنى، نارازىلىقىنى، رېئاللىقتىن قېچىش، خالىي بولۇشتەك كەيپىياتىنى يازسا، يەنە «بۇ چەكسىز نىلۇ-پەرنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە ئايدىڭ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىناي»، «ھەممىنى ئويلىساممۇ بولاتتى، ئويلىمىساممۇ بولاتتى، شۇڭا

ئۆزۈمنى ئەركىن ھېس قىلاتتىم» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئەينى دەۋر رىئاللىقىدا دىل ھۇزۇرلانغۇدەك شارائىتنىڭ يوقلۇقىدىن زارلىنىدۇ. شۇنىڭدەك تەبىئەتنىڭ ئەنە شۇنداق مەنزىرىلىرىلا ھۇزۇرلىنىشنىڭ ياخشى ئەمىسكى دەپ ھېسابلاپ رىئاللىقتىن قاچىدۇ.

ئاپتور ئۆز ھېسسىياتىنى مۇشۇنداق ئىزھار قىلىش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئاق تېررورلۇقتىن پەيدا بولغان قانغا بويالغان رىئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى، مەلۇم دەرىجىدىكى ئىلغار ئىدىيىسىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن رىئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، تېكىرقاش، ئوتتۇرا يولدا مېڭىش، تەنھالىق، ئۈمىدسىزلىكتىن ئىبارەت مۇرەككەپ، چۈشكۈن روھىي ھالىتىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان بۇ لىرىك نەسىردە ئاپتور شەيئىلەرنى ئىلگىرى - كېيىنلىك رەت تەرتىپى بويىچە تەسۋىرلەنگەن. يەنى يول، كۆلنىڭ شەكلى، نىلۇپەر گۈلى، ئاي شولىسى، كۆل ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكلەر رەت تەرتىپى بويىچە تەسۋىرلەنگەن. تېكىستنىڭ 4 - ئابزاسىدا ئاپتور نىلۇپەر كۆلىنى تەسۋىرلىگەندە، نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان نىلۇپەر گۈلىنى تەسۋىر-لەشنى نۇقتا قىلىپ، ئالدى بىلەن نىلۇپەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ كۆزگە تاشلىنىدىغان يوپۇرمىقى، ئاندىن يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈللەر، گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى، شامالدا دولقۇنلىنىشى، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇ ئاجايىپ نەپىس تىل بىلەن سۈرەتلەنگەن.

ئاپتور مەنزىرىلەرنى كۆرۈش رەت تەرتىپى ئاساسىدا تەسۋىرلەش جەريانىدا تۈرلۈك بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن لىرىك ھېسسىياتنى ئورگانىك يۇغۇرغان ھەم رەڭدار مەنزىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ سۇ يۈزىدىن تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھالىتى ئۇسسۇلچى قىزنىڭ كۆكلىكىگە، گۈلتاجىنىڭ نۇرلۇقلۇقى مەرۋايىتقا. رىچلىقى يۇلتۇزلارغا. شامال ئېلىپ كەلگەن نىلۇپەر گۈلىنىڭ پۇرىقى ناخشا ئاۋازىغا، تۇمان نېپىز شايىغا. ئاي نۇرى ئاستىدىكى گۈللەر، يوپۇرماقلار خۇددى سۇت بىلەن يۇيۇلغاندا ... ئوخشىتىلغان. گۈللەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالىتى «بويىنىنى سوزۇپ تۇرغان»، «ئۇياتچانلىق بىلەن مارىلاۋاتقان» دەپ جانلاندۇرۇلغان. بۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر مەنزىرىلەرنىڭ ئەينەن، ئوبرازلىق، رەڭدار سۈرەتلىنىشىدە، مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن لىرىك ھېسسىيات يۇغۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

2. مەنزىرە تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان نەسىرلەردە ئاپتور ئۆزىنى تەسۋىرلىمەكچى بولغان مەنزىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، باشقا مەنزىرىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيىتىنى تېپىپ تەسۋىرلەش، ئۇنى ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. «يېشىللىق» دېگەن بۇ لىرىك نەسىردە دەل مۇشۇنداق يېزىش تەلىپى ياخشى ئېلىپ بېرىلغان. يەنى ئاپتور بىرىنچى قەدەمدە مېيۈيتەن شارقىراتمىسىنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشىنى ئاندىن مېيۈيتەن شىپاگىدا تۇرۇپ شارقىراتمىغا ئۇدۇلدا تۇرۇپ قاراپ شارقىراتمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى، يۇقىرىدىكى، تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، شىئەندىكى ئۈچ شارقىراتمىنىڭ بىرى بولغان بۇ شارقىراتمىنىڭ ئۆزىگە خاس جايلىشىشى، كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ. شارقىراتمىدا، كۆلدە ئەكس ئەتكەن تال چىچىكىگە ئوخشايدىغان يېشىللىقنى نامايان قىلغان. ئىككىنچى قەدەمدە ئاپتور شىپاگىدىن بارا - بارا تۆۋەنگە چۈشۈپ مېيۈيتەن كۆلىنىڭ يېشىللىقىنى يازغان. ئۇ يېشىللىقنى ئۆزى ئىلگىرى كۆرگەن ئوخشاش بولمىغان تۆت ئورۇندىكى ساغۇچ، بەلخ

بۇنىڭ بىلەن بۇ يېشىللىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى سۈرەتلەنگەن. ئاخىردا بۇ ئىككى يېشىللىق بىرلەشتۈرۈلگەن، رەڭدار بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇلغان، لىرىك ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇ ئارقىلىق ئاپتورنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش، ھادىسە ئارقىلىق ماھىيەتنى يېزىش تالانتى، گۈزەللىكىكە بولغان سۆيۈنۈشى، ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى نامايان قىلىنغان.

### «شۆھرەت» ناملىق نەسر ھەققىدە

«شۆھرەت» ناملىق نەسر خاراكتېر جەھەتتىن قانداق نەسر؟ ئەسەردە ئاپتور شۆھرەت قارىشىنى قانداق ۋاسىتىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان؟

ئەخمەت ئىمىن (1950 —) نىڭ «شۆھرەت» ناملىق بۇ نەسرى خاراكتېر جەھەتتىن مۇھاكىمىلىق نەسر بولۇپ، ئەسەردە ئاپتور «بەخت» دېگەن نېمە؟ ھەقىقىي بەخت ئىگىسى قانداق بولىدۇ؟ بەخت قانداق قولىغا كېلىدۇ؟ شۆھرەت تاجىسىنى كىملەر كىيىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سوئال-جاۋابلىق دىئالوگ بىلەن ئېلىپ بارغان مۇھاكىمە ۋە جاۋابلىرىنى لىرىك ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان بەخت، شۆھرەت قارىشىنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە قانات يايدۇرغان ۋە ئاخىردا قايىل قىلارلىق يەكۈن چىقارغان.

### «ماركسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ماقالە ھەققىدە

«ماركسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»

مەزمۇنى نېمە؟ تېكىستنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنەزەرىچۇ؟

«ماركسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق بۇ تەزىيە نۇتقى ئېنگېلس (1820 — 1895) تەرىپىدىن 1883 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ماركسنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا لوندون هايلىد قەبرىستانلىقىدا سۆزلەنگەن. بۇ تەزىيە نۇتقى خاراكتېر جەھەتتىن سىياسىي نەزەرىيىۋى خاراكتېردىكى مۇھاكىمە ماقالىسى بولۇپ، پۈتۈن تېكىست پىكىر تەرتىپىگە ئاساسەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن.

1 - بۆلەك (1 — 2 - ئابزاس) تە: ماركسنىڭ ۋاپات بولۇش جەريانى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان بوشلۇق شەرھلەنگەن.

2 - بۆلەك (3 — 6 - ئابزاس) تە: ماركسنىڭ كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قوشقان نەزەرىيە جەھەتتىكى تۆھپىسى شەرھلەنگەن.

3 - بۆلەك (7 — 9 - ئابزاس) تە: ماركسنىڭ كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قوشقان ئەمەلىيەت جەھەتتىكى تۆھپىلىرى، كۈرەشلىرى شەرھلەنگەن. نۇتۇقنىڭ ئاخىرىدا، «ئۇنىڭ نامى ۋە ئىشى مەڭگۈ ياشايدۇ!» دەپ يەكۈن چىقىرىلغان.

دېمەك: بۇ نۇتۇقتا ماركسنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىلىپ، ئۆمۈر بويى پرولېتارىيات ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىدەك ئىنقىلابىي روھى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن ھەمدە پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشى ئىپادىلەنگەن.

## «لېنىنغا تەزىيە» ناملىق ماقالە ھەققىدە

«لېنىنغا تەزىيە» ناملىق ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر نېمە؟ ئۇ قانچە تارماق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا شەرھلەنگەن؟ بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ شەرھلىنىشى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن قانداق زور ئەھمىيەتكە ئىگە؟ تېكىستتە مۇھاكىمە بىلەن لىرىكا قانداق بىرلەشتۈرۈلگەن؟

«لېنىنغا تەزىيە» ناملىق بۇ تەزىيە نۇتقى ستالىن (1879 — 1953) تەرىپىدىن 1924 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سوۋېتلەر پۈتۈن ئىتتىپاق 2 - قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىدا لېنىنغا تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سۆزلەنگەن تەزىيە نۇتقى ۋە ستالىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسى نامىدىن قىلىنغان لېنىننىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئورۇنداش توغرىسىدىكى قەسەمىيادى. بۇ تەزىيە نۇتقى خاراكتېر جەھەتتىن سىياسىي - نەزەرىيە خاراكتېردىكى مۇھاكىمە ماقالىسى بولۇپ، تېكىستتە لېنىنغا بولغان چوڭقۇر تەزىيە ئارقىلىق لېنىننىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى مەدھىيىلەنگەن. ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ لېنىنىزمغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن. بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر يەتتە تارماق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا شەرھلەنگەن.

تېكىستتە يەتتە تارماق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا شەرھلەنگەن بۇ مەسىلىلەر كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدىكى مۇھىم ھۆججەت. لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى غەلىبىسىرى ئالغا سىلجىتىشتىكى نۇرلۇق مایاك.

شەرھلىنىش، قەسەمياد بىلدۈرۈش داۋامىدا مۇھاكىمە بىلەن لىرىكا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، لېنىننىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىدە «ئەگ» سۆزىنى تەكرارلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ داھىيسى ئىكەنلىكىدە «يالغۇز روسىيە پرولېتارىياتىنىڭلا داھىيسى ئەمەس، يالغۇز ياۋروپا ئىشچىلىرىنىڭلا داھىيسى ئەمەس، يالغۇز مۇستەملىكە شەرقىنىڭلا داھىيسى ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش تەكرارلاش ئارقىلىق ھەمدە مۇھاكىمىنى ئوبرازلىق، لىرىك ھېسسىياتقا باي ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن «ئۇيۇلتاشتىن بىنا بولغان تاغدەك»، «خۇددى كۆز قارىچۇقۇڭلارنى ئاسرىغاندەك»، «يۆلەنچۈك»، «ماياك» دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىش، «دولقۇن غەزەپ بىلەن ئۇنى غەرق قىلىۋەتمەكچى، گۇم قىلىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇلدى. لېكىن بۇ تاغ يەنىلا تەۋرەنمەي تىك تۇرماقتا» دېگەنگە ئوخشاش سىمۋول ئارقىلىق مۇھاكىمە بىلەن لىرىكا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

## دراماتورگىيە ژانىرى ھەققىدە

دراماتورگىيە ژانىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ. كونكرېت قىلىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

1. دراماتورگىيە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟ دراماتورگىيە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي ئامىلى نېمە؟ 2. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى قايسىلار؟ 3. سەھنە ئەسەرلىرى مەزمۇنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تۈزۈلۈش شەكلى ۋە تېما جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

## 4. دراما ئۆزىگە خاس قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. دراماتورگىيە سەھنىدە ئوينىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بەلگىلىك زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى سەھنە پېرسوناژلىرىنىڭ كونكرېت ھەرىكەتلىرى، دىئالوگ، مونولوگلىرى ئارقىلىق جانلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئوينىلىش تەلىپى جەھەتتە ئەدەبىيات (سەھنە ئەسىرى)، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇ خىل ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئامىللار ئومۇمىيۈزلۈك بىرلەشكەندىلا، سەنئەتكارلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقى بولغاندىلا ئاندىن سەھنە ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: ① ئۇنىۋېرساللىقى: دراماتورگىيە سەنئىتى خىلمۇ خىل سەنئەت ئامىللىرىنىڭ زىچ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولۇپ، ئەدەبىيات، رەسساملىق، نەققاشلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل (ھەرىكەت) قاتارلىق سەنئەت ئامىللىرى بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ئۆزىگە خاس سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئىگە بۇ سەنئەت ئامىللىرى دراماتورگىيە سەنئىتىدە قوللىنىلغاندا ئەسلىدىكى مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، سەھنە ئوبرازلىرىنىڭ (پېرسوناژلىرىنىڭ) خاراكتېرىنى، سەھنە ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ؛ ② كوللېكتىپچانلىقى: بىر پارچە سەھنە ئەسىرىنىڭ (سەھنە كىتابىنىڭ) سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىشى ئۈچۈن سەھنە ئەسىرىنى يازغۇچى دراماتورگدىن باشقا يەنە رېژىسسور، كومپوزىتور، ئارتىس، مۇزىكانت، رەسسام ... قاتارلىق سەنئەت ئەھلىلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، سەھنە ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا ئاندىن دراماتورگىيە ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەي-

ۋە تاماشىبىنلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. دراماتورگىيىدە ئوبرازلار ۋە زىددىيەت ــ توقۇنۇشلار ئارتىسلارنىڭ سەھنىدىكى جانلىق ھەرىكىتى ۋە دىئالوگ ــ مونولوگلىرى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىۋاسىتە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكىدەك تىل ۋە باشقا تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ۋاسىتىلىك ئوبراز شەكىللەندۈرمەيدۇ. تاماشىبىنلار بارلىق سەھنە كۆرۈنۈشلىرىنى، ئارتىسلارنىڭ ئاۋازى، ھەرىكىتىنى بىۋاسىتە كۆرىدۇ، ئاڭلايدۇ. شۇڭا يازما ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايدىغان ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ دراماتورگىيىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ ۋە لەززەتلىنەلەيدۇ. دراماتورگىيە سەنئىتىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇنى زور ئاممىۋىلىققا ۋە ئىنتايىن زور ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە قىلىدۇ.

دراماتورگىيە سەنئىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكى بولسىمۇ لېكىن ئۇ ۋاقىت، ئورۇن، ئويناپ چىقىش شەرت ــ شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ھال دراماتورگىيە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي ئامىلى بولغان سەھنە ئەسەرلىرىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇشنى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دراماتورگىيە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي ئامىلى (ئەدەبىياتقا تەۋە بولغان ئامىلى)، شۇنىڭدەك دراماتورگىيە سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئامىللار ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي، بىرىنچى (دەسلەپكى) ئامىل سەھنە ئەسىرى (سەھنە كىتابى) دۇر. دراماتورگ سەھنە ئەسىرىنى يازىدۇ. ئاندىن شۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ تەلىپى ئاساسىدا سەنئەتكە تەۋە بولغان باشقا

ئامىللار بىرلەشتۈرۈلۈپ، سەنئەتكارلار ھەمكارلىشىپ دراماتورگىيە سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

2. سەھنە ئەسەرلىرى تۈۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: ① دراماتىك توقۇنۇش: زىددىيەت ــ توقۇنۇش سەھنە ئەسەرلىرىدىكى سۇژېت راۋاجىنىڭ ئاساسى. توقۇنۇش بولمىسا سەھنە ئەسەرلىرىمۇ بولمايدۇ، سەھنە ئەسەرلىرى بولمىسا دراماتورگىيە سەنئىتىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى توقۇنۇش بولمىسا، سۇژېتنى راۋاجلاندۇرۇپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. دراماتورگىيىدىكى توقۇنۇش ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ــ توقۇنۇشلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولۇشى لازىم. تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ــ توقۇنۇشلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىش، پېرسوناژلارنى توقۇنۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى جىددىي توقۇنۇشلار ئىچىدە ئېچىپ بېرىش سەھنە ئەسىرىنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر. سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەت ــ توقۇنۇشلارنى كۆرسىتىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. بۇ، ئاساسەن، مونولوگ ۋە پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتىدىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ (سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ــ نېمە ئۈچۈن دراماتىك توقۇنۇش بولمىسا سەھنە ئەسەرلىرىمۇ بولمايدۇ دەيمىز؟ دېگەن سوئالغىمۇ جاۋاب بولىدۇ). ② سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تىلى: سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئىككى ۋەزىپىسى بار. بىرى ــ خاراكتېرنى ئىپادىلەش؛ يەنە بىرى ــ سۇژېتنىڭ راۋاجىنى كۆرسىتىپ بېرىش. شۇڭلاشقا، تىل سەھنە ئەسىرىدە ئىنتايىن مۇھىم. سەھنە ئەسەرلىرىدە يازما ئەدەبىياتنىڭ

باشقا ژانىرلىرىدىكىدەك ئاپتور تىلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى كەڭ ـ كۇشادە، ئەركىن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ھەربىر پېرسوناژ ئۆز تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ. سۇژېت تەرەققىياتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئىندىۋىدۇئاللاشقان ھەم جانلىق، ئىخچام، ئوبرازلىق تىل بولۇشى لازىم. سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى سەھنە تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەھنە تىلى ئاساسەن دىئالوگدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مونولوگ ۋە قىسمەن ياندىما سۆزلەرمۇ بولىدۇ. ③ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسى: سەھنە ئەسەرلىرىدە سۇژېتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ دراماتىك توقۇنۇشنى، سۇژېتنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۇرۇش، ئورۇن، ۋاقىت، شەرت ـ شارائىتنى (دېكوراتسىيىنى) ئالماشتۇرۇپ زىددىيەت ـ توقۇنۇشنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن سەھنە ئەسەرلىرى پەردىلەرگە بۆلۈنىدۇ. پەردىلەر ئىچىدە يەنە كۆرۈنۈشلەر بولىدۇ. پەردە جۈملىدىن كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنۈشنى سۇژېتنىڭ ھەجمى، ئورۇن، ۋاقىت، شەرت ـ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىش ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ.

3. سەھنە ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ: تىراگېدىيە، كومېدىيە، تراگېكومېدىيە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ: دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇللۇق دراما، ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق دراما دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن: بىر پەردىلىك دراما ۋە كۆپ پەردىلىك دراما دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تېما جەھەتتىن: تارىخىي دراما، زامانىۋى دراما (ھازىرقى زامان درامىلىرى) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

4. دراما ـــ دراماتورگىيە ژانىرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا دراماتورگىيە ژانىرىدا بولۇشقا

تېگىشلىك ئاساسى ۋە ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى بولغاندىن سىرت يەنە ئۇ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: ① ئوپېرادا ناخشا ۋە مۇزىكا ئاساسى ئورۇندا تۇرسا، كومېدىيىدە، كۈلكە ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. درامىدا يۇقىرىقى ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. درامىدا ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ۋە دىئالوگ بىلەن زىچ بىرلەشكەن پېرسوناژلار ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. ② درامىدا ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتىگە تايىنىش ئارقىلىق ئوبراز يارىتىلىدۇ. دراماتىك توقۇنۇشلار، پېرسوناژلار خاراكتېرى، ۋەقەلىك تەرەققىياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دىئالوگ ئارقىلىق كۆرسىتىلگەچكە، دىئالوگ درامىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، دراما تىلىنىڭ يازما ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى جۈملىدىن سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىخچام، پۇختا، تاللانغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. شۇنداقلا ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قىلىپلاشقان ئەدەبىي تىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ③ درامىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت - توقۇنۇشلار يازما ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى، جۈملىدىن سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. درامىنىڭ سۈژىتى. زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئوپېرا ۋە كومېدىيىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، سۈژىت تەپسىلاتلىرىنىڭ بايانىمۇ ئوپېرا ۋە كومېدىيىلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا تەپسىلىيرەك بولىدۇ. درامىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار بىرقەدەر ئەتراپلىق ئېچىپ بېرىلىپ، ھەرخىل دەۋر، ھەرخىل ۋاقىتلاردىكى خىلمۇخىل كۆرەشلەر ۋە خىلمۇ

پائالىيىتى ئىپادە قىلىندۇ.

## «غۇنچەم» دىرامىسى ھەققىدە

«غۇنچەم» دىرامىسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاساسىي زىددىيەت قايسى؟ بۇ ئارقىلىق قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ بۇ زىددىيەت - توقۇنۇش قانداق قىلىپ پەيدىنپەي يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن؟ دىرامىدا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق قانداق ئېچىپ بېرىلگەن؟ دىئالوگ، مونولوگ ۋە ياندىما سۆزلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا تېكستتىن مىسال كەلتۈرۈڭ.

زۇنۇن قادىر (1912 — 1989) نىڭ «غۇنچەم» ناملىق ئۈچ پەردە، ئالتە كۆرۈنۈشلۈك بۇ مەشھۇر سەھنە ئەسىرى 1939 - يىلى يېزىلغان. خاراكتېر جەھەتتىن: تراگېدىيە. ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن: ناخشا - ئۇسسۇللۇق دراما. تۈزۈلۈش جەھەتتىن: كۆپ پەردىلىك دراما. تېما جەھەتتىن: تارىخىي دراما. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن: تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

دىرامىدا ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ماھىيەتلىك زىددىيەت ئاساسىي تېما قىلىنغان، يەنى ئاپتور ئەسەردە غۇنچەم ۋە ئۇنىڭ يىگىتى نۇرۇم باشچىلىقىدىكى كەمبەغەل دېھقانلار سىنىپى بىلەن ئۆمەر شاڭيۇ باشچىلىقىدىكى باي - پومېشچىكلار، غالچىلار، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان ئوزۇڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە تايانغان ئەزگۈچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتنى دىرامىنىڭ سۇژېتى قىلىش ئارقىلىق ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈ-

چىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنى، ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك، پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى سۈرەتلەپ، ئەزگۈچىلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى، ھىيلە - نەيرەڭلىرى، چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىنى پاش قىلغان. ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي ئازادلىق، ھەقىقىي مۇھەب-بەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوزغىلىپ كۆرەش قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىپ، مۇستەبىت تۈزۈمنى ئاغ-دۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرغان.

دراممىدا فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە، فېئودال ئەزگۈچى كۈچلەرگە قارشى ئىسيانكار ئوبرازلاردىن غۇنچەم ۋە نۇرۇم، ئامانتاي قاتارلىق ئىجابىي پېرسوناژلار بار.

دراما باشلىنىش بىلەن غۇنچەم ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى، غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ ساپ مۇھەببىتى مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ دراممىنىڭ ئېكسپوزىتسىيە قىسمى بولۇپ، ئەسەرنىڭ تۇ-گۈنى يەنى ئاساسىي زىددىيەت ئۆمەر شائىيۇنىڭ غۇنچەم ئائىلى-سىنىڭ باغچىسى بىلەن، غۇنچەمگە كۆزى چۈشۈپ نىيىتىنى بۇزۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ زىددىيەت جىددىي تەرەققىي قىلىپ ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك زىددىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ زىددىيەت-لەر داۋامىدا دراممىدىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتى ئاساسىدا ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ھەم ئورتاقلىقى (سىنىپىي ماھى-يىتى) ئېچىپ بېرىلگەن. دراما سۇژىتى ئىككى سىنىپ ئوت-تۇرىسىدىكى جىددىي كۆرەشلەر ئاساسىدا پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

ئەمدى بۇ دراممىدىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى، مونولوگلىرى، باندىما سۆزلەردىن بىردىن مىسال ئېلىپ كۆرەيلى: ① دىئالوگقا مىسال: «ھاشىمباي: شۇنداق قىلىپ نۇرلارنىڭ ھېچبىر ئىز - دېرىكى بولمىدىما شائىيۇكا؟»،

② مونولوگقا مىسال: «مەشرەپ: ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چېچەن قىز باينىڭ قوپال، ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ. ياق، نۇرمۇ بوش كەلمەيدۇ...»

③ ياندىما سۆزلەرگە مىسال: «مەشرەپ: (چۆگۈن كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوتنىڭ ئالدىغا بارىدۇ)»، «پاتەمخان: (بوش ئاۋاز بىلەن)» «نۇرۇم (تەنە بىلەن)» دېگەنگە ئوخشاش ياندىما سۆزلەر، دراماتورگنىڭ پېرسوناژلارنىڭ سۆزلەگەندىكى روھىي ھالىتى، كىمگە قارىتىپ سۆزلەۋاتقانلىقى، كونكرېت ھەرىكەتنى قانداق ئىشلەش لازىملىقى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى. بۇ ئاساسەن ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىشىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ.

# تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى يىللىق 2 - قىسىم ئەدەبىيات كىتابىنى

**«كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش توغرىسىدا» ناملىق ئەسەر ھەققىدە**

«كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش توغرىسىدا» ناملىق تېكىستتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر نېمە؟ بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر قانداق ئۇسۇللار ئاساسىدا دەلىللەنگەن؟ قانداق تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟ يەكۈن قانداق چىقىرىلغان؟

لېنىن (1870 — 1924) نىڭ بۇ نۇتقى ئۇنىڭ 1920 - يىلى پۈتۈن روسىيە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن دوكلاتىدىن ئېلىنغان.

لېنىن سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، سوۋېت خەلقى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان بىر شارائىتتا، مىليونلىغان ياشلارنىڭ، جۈملىدىن كوممۇنىزمنى ئۆگەنگۈچى بارلىق كىشىلەرنىڭ كوممۇنىزمنى

سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك مۇھاكىمە ماقالىنى يازغان. ماقالىدە قانداق قىلغاندا كوممۇنىزمنى توغرا ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىپ، كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. كۆپلىگەن دەلىللەر، پاكىتلار ئارقىلىق «ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق بىلىم بايلىقلىرى بىلەن ئۆز مېڭەڭنى قوراللاندۇرغاندىلا، ئاندىن كوممۇنىزمچى بولالايسەن» دېگەن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ماقالىنىڭ بېشىدا تومتاقلا ئوتتۇرىغا قويۇلماي، بەلكى تۆۋەندىكىدەك دەلىللەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساسىدا ھەر تەرەپلىمە، ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ، ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىلغان: ① بىتەرەپلىمە نۇقتىئىنەزەرلەرگە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان. يەنى «كوممۇنىزم كوممۇنىستىك دەرسلىكلەر، كىتابچىلار ۋە ئەسەرلەردىكى بارلىق بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت» دېگەن بىتەرەپلىمە قاراشقا رەددىيە بېرىلىپ، كوممۇنىزم تەلىماتلىرىنى ئۆلۈك يادلاش بىلەنلا ھەقىقىي كوممۇنىزمچى بولغىلى بولمايدىغانلىقى، بەلكى كوممۇنىزم تەلىماتلىرىنى خىزمەت، كۈرەش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش كېرەك، دېگەن ئارماق نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ② مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان. يەنى ئىلگىرىكىلەر ياراتقان مەدەنىيەتكە قانداق ۋارىسلىق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، «كونا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ماھىيىتى، يېتەرسىزلىكلىرى، پايدىلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ پايدىسىز تەرەپلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش، بىكار قىلىش» بىلەن بىرلىكتە پايدىلىق بىلىملەرنى قوبۇل قىلىش لازىم

زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى تاللىۋېلىشقا ماھىر بولۇش لازىم» دېگەن تارماق نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ③ پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان. يەنى ماركس كوممۇنىزم نەزەرىيىسى تەلىماتىنى يارىتىش ئۈچۈن، قانداق ئىزدەنگەنلىكىنى، ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىملەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا قانداق قوبۇل قىلغانلىقىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئاخىردا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر قايىل قىلارلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دەلىللەشنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇللىرى ئارقىلىق مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىپ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئۆزئارا باغلاش، تەنقىدىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئۆگىنىش بىلەن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلمايلا قارقويۇق يادلاش. ھەممىنى ئىنكار قىلىش بىلەن پايدىلىق تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆگىنىش داۋامىدا مانا مۇشۇ تەرەپلەر توغرا بىر تەرەپ قىلىنغاندىلا كوممۇنىزم تەلىماتى چالا - پۇلا نەرسە (بىلىم) بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن ھەقىقىي بىلىم بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يەكۈن چىقىرىلغان.

### يەشمە خۇلاسە ھەققىدە

خۇلاسە دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىدىن تەركىب تاپىدۇ؟ خۇلاسە نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ يەشمە خۇلاسە دېگەن نېمە؟ نەچچە-

گە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟ ھەربىر تۈرنى ئايرىم - ئايرىم تەبىرلەپ چۈشەندۈرۈڭ.

بىر ياكى بىرقانچە ھۆكۈمدىن يېڭى بىر ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانى خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرقانداق خۇلاسە زۆرۈر شەرت (يېتەرلىك ئاساس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە يەكۈندىن ئىبارەت ئىككى ئامىل ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يەكۈن چىقىرىشقا ئاساس بولغان ھۆكۈم زۆرۈر شەرت بولىدۇ. زۆرۈر شەرتتىن چىقىرىلغان يېڭى ھۆكۈم يەكۈن (خۇلاسە) بولىدۇ.

خۇلاسە ئاساسەن يەشمە خۇلاسە (جۈزئىي ئەقلىي خۇلاسە) ۋە يىغما خۇلاسە (يىغىنچاق ئەقلىي خۇلاسە) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يەشمە خۇلاسە: ئومۇمىيلىقتا ئىگە بولغان زۆرۈر شەرتتىن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانى يەشمە خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ. يەشمە خۇلاسە چوڭ ئاساس، كىچىك ئاساس، يەكۈندىن تۈزۈلىدۇ، ئومۇمىيلىقتا ئىگە بولغان زۆرۈر شەرت چوڭ ئاساس، ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان زۆرۈر شەرت كىچىك ئاساس، بۇ ئىككى زۆرۈر شەرتتىن ئېرىشكەن يېڭى ھۆكۈم يەكۈن بولىدۇ. يەشمە خۇلاسە: ئۈچ ھۆكۈملۈك (ئاددىي ئۈچ ھۆكۈملۈك)، شەرتلىك خۇلاسە، تاللانما خۇلاسە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۈچ ھۆكۈملۈك: ئىككى زۆرۈر شەرت بىر يەكۈندىن تەركىب تاپقان خۇلاسە ئۈچ ھۆكۈملۈك دېيىلىدۇ. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئۈچلا ھۆكۈمى ئاددىي ھۆكۈم بولىدۇ. مەسىلەن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلۈش تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك.

يولداش جاڭ سىدې خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلدى.

شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك.

بۇ مىسالنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ئاددىي ھۆكۈملىرى زۆرۈر شەرت، ئۈچىنچىسى يەكۈن بولۇپ، ئىككى زۆرۈر شەرت ئىچىدە «خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ زۆرۈر شەرتتىن يەكۈن چىقىرىشتا ۋاستە بولغانلىقتىن، «بىتەرەپ سۆز» دېيىلىدۇ. بىر ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئۈچ ھۆكۈمىدە مۇنداقلا قارىماققا ئالتە ئاتالغۇ (ئۇقۇم) بولىدۇ. ئەمما ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا ئۈچ ھۆكۈملۈكتىكى ئۈچ ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى ئۈچلا ئاتالغۇدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قالغان ئۈچ ئاتالغۇ تەكرارلىنىپ كېلىدۇ («تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك»، «يولداش جاڭ سىدې»، «خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلۈش»). بىتەرەپ سۆز بولسا، چوڭ ئاساس ۋە كىچىك ئاساستا ھەجمى ئوخشاش كېلىپ ئىككى ئاساسنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ بىتەرەپ سۆزنى بەزىدە ئوتتۇرا ئاتالغۇمۇ دەيمىز.

ئۈچ ھۆكۈملۈكنى توغرا قوللىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك: ① زۆرۈر شەرتنىڭ توغرا — خاتالىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بولمىسا خۇلاسىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى توغرا بولسىمۇ، توغرا يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. ② خۇلاسە چىقىرىش جەريانىنىڭ توغرا بولۇشىغا، بىتەرەپ سۆزنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، ئەتراپلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر. ③ ئىككى زۆرۈر شەرتنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنكار بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ④ ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئۇقۇم ئوخشاش مەنىدە ئىككى قېتىمدىن تەكرارلىنىشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئۈچ ئۇقۇمنىڭ بىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى مەنىنى ئىپادىلەپ قالسا يەنى ئۈچ ھۆكۈملۈكتىكى ئۈچ ئۇقۇم ئۇنىڭدىن ھالقىپ تۆت ئۇقۇم بولۇپ قالسا، يەكۈن يەنە توغرا بولماي قالىدۇ.

شەرتلىك خۇلاسە: شەرتلىك ھۆكۈمنى ئۆزىگە شەرت

شەرتلىك خۇلاسىنىڭ يەكۈن چىقىرىش ئاساسى، ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ يەكۈن چىقىرىش ئاساسىغا ئوخشىمايدۇ. ئۈچ ھۆكۈملۈكتە ئۇقۇملارنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى باغلىنىشىغا ئاساسەن يەكۈن كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. شەرتلىك خۇلاسىدە چوڭ ئاساسنىڭ ئالدىنقى شەرت بۆلىكى بىلەن كېيىنكى شەرت بۆلىكى ئوتتۇرىسىدىكى شەرتلىك باغلىنىشقا ئاساسەن يەكۈن چىقىرىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. شەرتلىك خۇلاسىنىڭ چوڭ ئاساسى شەرتلىك ھۆكۈم (بىرىككەن ھۆكۈم)، كىچىك ئاساسى بىلەن يەكۈنى ئاددىي ھۆكۈم بولىدۇ.

مەسىلەن، ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلسە، سەي ياخشى ئۈنىدۇ؛

بۇ ئېتىزنىڭ سېيى ياخشى ئۈنمىگەن؛ شۇڭا بۇ ئېتىزغا يېتەرلىك ئوغۇت بېرىلمىگەن.

بۇ شەرتلىك خۇلاسىدىكى چوڭ ئاساس «ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلسە، سەي ياخشى ئۈنىدۇ». بۇ چوڭ ئاساسنىڭ ئالدىنقى شەرت بۆلىكى «ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلسە»، كېيىنكى شەرت بۆلىكى «سەي ياخشى ئۈنىدۇ». كىچىك ئاساس «بۇ ئېتىزنىڭ سېيى ياخشى ئۈنمىگەن». چوڭ ئاساس ۋە كىچىك ئاساس ئاساسىدا كېلىپ چىققان يەكۈن «شۇڭا بۇ ئېتىزغا يېتەرلىك ئوغۇت بېرىلمىگەن».

شەرتلىك خۇلاسە چوڭ ئاساسنىڭ ئالدىنقى شەرت ۋە كېيىنكى شەرت بۆلىكى ئوتتۇرىسىدىكى شەرتلىك باغلىنىشنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن يېتەرلىك شەرتكە ئىگە شەرتلىك خۇلاسە، زۆرۈر شەرتكە ئىگە شەرتلىك خۇلاسە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يېتەرلىك شەرتكە ئىگە شەرتلىك ھۆكۈمنى ئۆزىگە شەرت قىلغان

شەرتلىك خۇلاسە يېتەرلىك شەرتكە ئىگە شەرتلىك خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ.

زۆرۈر شەرتكە ئىگە شەرتلىك ھۆكۈمنى ئۆزىگە شەرت قىلغان شەرتلىك خۇلاسە زۆرۈر شەرتكە ئىگە شەرتلىك خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرتلىك خۇلاسىنى توغرا قوللىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك: ① يېتەرلىك شەرتكە ئىگە شەرتلىك خۇلاسىدە، چوڭ ئاساسنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئېتىراپ قىلىنىدىكەن، كېيىنكى شەرتىمۇ ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك؛ كېيىنكى شەرتى ئىنكار قىلىنىدىكەن، ئالدىنقى شەرتىمۇ ئىنكار قىلىنىشى كېرەك. ② زۆرۈر شەرتكە ئىگە شەرتلىك خۇلاسىدە، چوڭ ئاساسنىڭ كېيىنكى شەرتى ئېتىراپ قىلىنىدىكەن، ئالدىنقى شەرتىمۇ ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك؛ ئالدىنقى شەرت ئىنكار قىلىنىدىكەن، كېيىنكى شەرتىمۇ ئىنكار قىلىنىشى كېرەك.

قىسقىسى، شەرتلىك خۇلاسە چوڭ ئاساسنىڭ ئالدىنقى شەرت ۋە كېيىنكى شەرتىنىڭ شەرتلىك باغلىنىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇلاسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، كىچىك ئاساس بىلەن يەكۈن چوڭ ئاساسنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، شەرتلىك خۇلاسىنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراشتا، ئالدى بىلەن چوڭ ئاساسنىڭ ئىچكى شەرتلىك باغلىنىشىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىغا، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇلاسە شەكلىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

تاللانما خۇلاسە: تاللانما ھۆكۈمنى شەرت قىلغان يەشمە خۇلاسە تاللانما خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ. تاللانما خۇلاسىنىڭ چوڭ ئاساسى تاللانما ھۆكۈم، كىچىك ئاساسى بىلەن يەكۈنى

ئاددىي ھۆكۈم بولىدۇ. تاللانما ھۆكۈمنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي ھۆكۈملەر (يەنى چوڭ ئاساستىكى ئاددىي ھۆكۈملەر) «تاللانما بۆلەكلەر» دېيىلىدۇ.

مەسىلەن، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش يولى يا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش يولى بولىدۇ، يا كاپىتالىستىك زامانىۋىلىشىش يولى بولىدۇ. جۇڭگو كاپىتالىستىك زامانىۋىلىشىش يولىنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش يولى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش يولى بولىدۇ.

تاللانما خۇلاسە چوڭ ئاساستىكى تاللانما بۆلەكلەرنىڭ سىغىشىش - سىغىشماسلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، سىغىشىدىغان تاللانما خۇلاسە، سىغىشمايدىغان تاللانما خۇلاسە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈمنى ئۆزىگە شەرت قىلغان تاللانما خۇلاسە سىغىشىدىغان تاللانما خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ. سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈمنى ئۆزىگە شەرت قىلغان يەشمە خۇلاسە سىغىشمايدىغان تاللانما خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ.

تاللانما خۇلاسىنى توغرا قوللىنىش ئۈچۈن، تاللانما خۇلاسىنىڭ چوڭ ئاساسىدىكى تاللانما بۆلەكلەرنىڭ چىن، ساختىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، كىچىك ئاساسنى توغرا چىقىرىشقا، شۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان تەستىقىي ئىنكار شەكلى، ئىنكار تەستىقىي شەكلىنى توغرا قوللىنىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**«يۈكسەك غايە» ناملىق ماقالە ھەققىدە**

«يۈكسەك غايە» دېگەن ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى نېمە؟ قانداق تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇل-

غان؟ ماقالە نەچچە قاتلامغا بۆلۈپ يېزىلغان؟ ھەربىر قاتلامدا
قانداق دەلىللەش ئارقىلىق تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر
ئىسپاتلانغان؟

تاۋجۇ (1908 — 1969) نىڭ «يۈكسەك غايە» دېگەن
بۇ سىياسىي - نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك مۇھاكىمە ماقالىسىدە
ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغۋار غايە قايسى؟ دېگەن مەسىلە ئۈس-
تىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ
ئۇلۇغۋار غايىسى كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەن
مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەركىزىي
نۇقتىئىنەزەر — ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ئوخشاش بولمىغان
كىشىلەرنىڭ غايىسىمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، غايە سىنىپىي-
لىققا، ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدىغانلىقى؛ نېمىنىڭ ئۇلۇغۋار
غايە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە قاراش لازىم-
لىقى قاتارلىق تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا
قويۇلغان.

ماقالە ئوي - پىكىرنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئاسا-
سەن ئۈچ قاتلامغا بۆلۈپ يېزىلغان. بىرىنچى قاتلامدا: «غايە
نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ
بېرىلىپ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى (ماقالىنىڭ 1 -، 2 - ئابزا-
سىدا)، مىسال كەلتۈرۈش ئۇسۇلى (3 -، 4 - ئابزاستا)
ئارقىلىق تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ مەسە-
لە شەرھلەنگەن. ئىككىنچى قاتلامدا: «ئادەمدە قانداق دۇنيا
قاراش بولۇشى كېرەك؟»، «قانداق جەمئىيەت ئەڭ غايىۋى جەم-
ئىيەت بولالايدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ
بېرىلىپ، يەنە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى (5 - ئابزاس)، نەقىل
كەلتۈرۈش ئۇسۇلى (6 - ئابزاس) ئارقىلىق تارماق نۇقتىئى-

ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىمە ئۈچۈن ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغۋار غايە دەيمىز؟» دىگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ. يەنە مىسال كەلتۈرۈش ئۇسۇلى (7 - ئابزاس) ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا يەكۈن قايىل قىلارلىق ھالدا چىقىرىلغان.

## يىغما خۇلاسە ھەققىدە

يىغما خۇلاسە ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ. كونكرېت قىلىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ: يىغما خۇلاسە دىگەن نىمە؟ يىغما خۇلاسە قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ تولۇق يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ؟ ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ؟ ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ؟ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى قانداق ئىزدەش كېرەك؟

بىز خۇلاسە ھەققىدە توختالغاندا، خۇلاسە — يەشمە خۇلاسە ۋە يىغما خۇلاسە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ دىگەنىدۇق. تۆۋەندە يىغما خۇلاسە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بەزى ئايرىم ۋە ئالاھىدە ئىشلاردىن شۇ خىلدىكى ئىشلار (شەيئىلەر) توغرىسىدا ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت تەپەككۇر شەكلى يىغما خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ.

يەشمە خۇلاسە ئومۇمىيلىقتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتۈش جەريانى بولسا، يىغما خۇلاسە ئومۇمىيلىقتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتۈش جەريانىدۇر. يىغما خۇلاسە تولۇق يىغما خۇلاسە ۋە قىسمەن يىغما خۇلاسە ئۇسۇلىدىن ئىبارەت تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قىسمەن يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى يەنە ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى ۋە ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئىچىدىكى ھەربىر ئايرىم شەيئىلەر ئىگە بولغان مەلۇم خۇسۇسىيەتتىن شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئىگە بولغان ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتنى (يېڭى يەكۈننى) خۇلاسىلەپ چىقىرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. تولۇق يىغما خۇلاسە ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، زۆرۈر شەرت بىر خىلدىكى شەيئىلەر ئىچىدىكى ھەربىر ئايرىم شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسىمۇ چۈشۈپ قالماسلىقى، شۇنىڭدەك زۆرۈر شەرت بولغان ھۆكۈم (يېتەرلىك ئاساس يەنى يەكۈن چىقىرىشقا ئاساس بولغان ھۆكۈملەر) ھەقىقىي بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ.

تولۇق يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبيېكت سان جەھەتتىن ئاز ھەمدە يەنە بىر - بىرلەپ ئېنىق ئىگىلەش ئىمكانىيىتى بولغان بىر خىلدىكى شەيئىدىن ئىبارەت. كۆپ ھاللاردا بىر خىلدىكى شەيئى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبيېكت سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ، ھەتتا سان - ساناقسىز بولىدۇ. بۇ خىلدىكى شەيئىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبيېكتلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن شۇ خىلدىكى شەيئىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىمىز. مانا بۇنداق ئۇسۇل قىسمەن يىغما خۇلاسە ئۇسۇلىدۇر. قىسمەن يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى ئىخچاملاش، يىغىنچاقلاش جەريانىدىكى زۆرۈر شەرتنىڭ (ئاساسىنىڭ) ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى ۋە ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىر خىلدىكى شەيئى ئىچىدىكى قىسمەن ئوبيېكت ھەقىقىدىكى ھۆكۈمنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، شۇ خىلدىكى شەيئى

ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى — مەلۇم خىلدىكى ھادىسىلەرنىڭ نۇرغۇن قېتىم قايتا-قايتا تەكرارلىنىشى ئاساسىدا چىقىرىلغان ئومۇمىي يەكۈندىن ئىبارەت. ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئوخشاش بىر خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ سانىنى تەكشۈرۈش قانچە كۆپ بولسا، يەكۈنمۇ شۇنچە ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئەگەر ئاز ساندىكى ياكى ئايرىم مىساللارنى ئاساس قىلىپ يەكۈن چىقارغاندا، دائىم بىر تەرەپلىمىلىكنى ئومۇمىي ئەھۋال دەپ قاراش خاتالىقىنى سادىر قىلىپ، ئىشەنچلىك يەكۈن چىقىرالمايمىز.

بىر خىلدىكى شەيئىلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوبيېكتنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، بۇ خىلدىكى شەيئى توغرىسىدا ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت خۇلاسىلەش ئۇسۇلى ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى بىلەن ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى قىسمەن يىغما خۇلاسىنىڭ تۈرلىرى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل خۇلاسە ئۇسۇلى بىر خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ بىر قىسىم ئوبيېكتلىرى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى خۇلاسىلەشنىڭ زۆرۈر شەرتى (ئاساس) قىلىدۇ. بىراق، ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى ئاددىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلىغا ئوخشاش مەلۇم ھادىسىنىڭ كۆپ قېتىملىق تەكرارلىنىشى ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈندىن ئىبارەت بولماستىن، بەلكى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈندىن ئىبارەت بولىدۇ.

شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى ئىزدەشتە ئاساسلىقى ئوخشاشلىق ئىچىدىن ئىزدەش ۋە ئوخشاشماسلىق ئىچىدىن ئىزدەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل

ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ئوخشاشلىق ئىچىدىن ئىزدەش ئۇسۇلىنىڭ مەنىسى مۇنداق: بىز تەكشۈرگەن ئەھۋاللار يۈز بەرگەن سورۇن ۋە باشقا ھەممە شەرت - شارائىتلار ئوخشاش بولماي، پەقەت بىرلا شەرت - شارائىت ئوخشاش بولسا، بىز بۇنىڭدىن بۇ شەرت - شارائىت بىز تەكشۈرگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

ئوخشىماسلىق ئىچىدىن ئىزدەش ئۇسۇلىنىڭ مەنىسى مۇنداق: بىز تەكشۈرگەن ئەھۋال يۈز بەرگەن سورۇن ۋە باشقا ھەممە شەرت - شارائىتلار ئوخشاش بولۇپ، پەقەت بىرلا شەرت - شارائىت ئوخشاش بولمىسا، بىز ئۇنىڭدىن شۇ شەرت - شارائىت - بىز تەكشۈرگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ چىقىرىلغان يەكۈننىڭ ئىشەنچلىك - ئىشەنچلىك ئەمەسلىكى. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ زۆرۈر شەرتىنىڭ (ئاساسلىرىنىڭ) سان جەھەتتىكى ئاز - كۆپلۈكىگە باغلىق بولماستىن، مۇھىمى ئۇنىڭ زۆرۈر شەرتىنىڭ تېپىلىپ بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر زۆرۈر شەرت بىر خىلدىكى شەيئى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا بۇ شەيئىلەر سان جەھەتتىن كۆپ بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقمۇ، ئۇنىڭدىن توغرا ۋە ئىشەنچلىك يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ. ئىلمىي يىغما خۇلاسە ئارقىلىق خۇلاسىلەپ چىقىرىلغان يەكۈن كۆپىنچە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ يەكۈنىمۇ كۆپىنچە مۇقەررەر ھۆكۈم بولىدۇ.

## ئوپېرا ۋە «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى ھەققىدە

1. ئوپېرا دېگەن نېمە؟ ئوپېرانىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟ 2. «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنىڭ خەلق داستانى شەكلىدىكى ئەسلى ھالىتى قاچانلاردا مەيدانغا كەلگەن؟ قاچاندىن باشلاپ ئوپېرا شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن؟ ئوپېرادا فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى قانداق پاش قىلىنغان؟ فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى قانداق كۆرسىتىپ بېرىلگەن؟ غېرىب - سەنەم ئوبرازىدا فېئودالىزم شارائىتىدا ئەركىن نىكاھقا ئىنتىلىش، ۋاپادارلىق، زالىم كۈچلەرگە باش ئەگمەسلىكتەك ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەلەر ئۆز ئىپادىسىنى قانداق تاپقان؟ ئوپېرادىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلار قايسىلار؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

1. ناخشا ۋە مۇزىكىنى ئاساس قىلىپ سەھنىدە ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان دراماتورگىيە ژانىرىنىڭ بىر تۈرى — ئوپېرا دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوپېرا دراماتورگىيە ژانىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دراماتورگىيە ژانىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئەمەل قىلغاندىن سىرت، تۆۋەندىكىدەك ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: ① ئوپېرانىڭ تىلى شېئىرىي تىل بولۇپ، ناخشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدا قىسمەن دىئالوگ ۋە مونولوگ بولسىمۇ، لېكىن پېرسوناژلارنىڭ تىلى شېئىرىي تىل بولۇپ، ناخشا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يورۇتۇپ

تېرى، ئەدىيەۋى ھېسسىياتى ناخشا ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەچكە، دراماتورگىيە سەنئىتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ئۇنىڭ مۇزىكىغا بولغان تەلىپى يۇقىرى. مۇزىكا ئوپېرا پېرسوناژلىرىنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىنىپ، ناخشىنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى كۈچەيتىپ، لىرىكىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ ھېس - تۇيغۇ، قايغۇ - شادلىقلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ، ئوپېرادا يەنە قىسمەن ئۇسسۇل ئامىللىرىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، ناخشا ۋە مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئامىل ئوپېرانى دراماتورگىيىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەردۇر.

2. «غېرىب - سەنەم» ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان خەلق داستانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلار ئاساسىدا مۇكەممەللەشكەن ۋە قولىيازمىلار قالدۇرۇلغان بۇ داستان ئوتتۇرا ئەسىردە تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى تۈرك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان بىر خىل ساپ مۇھەببەت قارىشىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر دائىرىسىدە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق نامايان قىلىنىشىدۇر. داستان پاك، سەممىي، چىن مۇھەببەتنىڭ سەمەرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرى تەبىقىنى قايىل قىلىپ، مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە يول قويغۇزۇشتىن ئىبارەت تۈپكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. داستاننىڭ پېرسوناژلىرى گەرچە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەيدانى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ۋە بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس

ئەتتۇرگەچكە، ئەسىرلەردىن بېرى ئەۋلادمۇئەۋلاد سۆيۈپ ئوقۇلۇپ، يادلىنىپ كېلىنمەكتە.

داستان 1935 - يىلىدىن كېيىن قەلەم ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئوپېرا شەكلىگە كىرگۈزۈلۈپ سەھنىلەردە ئوينىلىپ كېلىنمەكتە. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ پارچە ئېلى ئېزىز تەرىپىدىن قايتا رەتلەنگەن يېڭى نۇسخىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئوپېرانىڭ ئىككىنچى پەردە 2 - كۆرۈنۈشى، ئۈچىنچى پەردە 1 - كۆرۈنۈشى، تۆتىنچى پەردە 1 - كۆرۈنۈشى ۋە بەشىنچى پەردىسى بېرىلگەن.

ئوپېرادا غېرىب بىلەن سەنەمدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى، زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھى مۇرەككەپ، كەسكىن زىددىيەت مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى چوڭقۇر پاش قىلىنغان. فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چىرىكلىكى، رەزىل ئەپت - بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چىرىك فېئوداللىق ھاكىمىيەتكە بولغان قارشىلىقى، غەزەپ - نەپرىتى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئوپېرادا ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ، ۋاپادارلىق، ھەققانىيەتنىڭ كۈشەندىسى بولغان ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە باش ئەگمەي كۈرەش قىلىشتەك سۈرەتلەر ئارقىلىق دېموكراتىك ئىدىيىلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

غېرىب، سەنەم، ئىلياس، جالالىدىن، ئاغچى ئانا، مېھرىبان، داۋۇت، قاسىم قاتارلىق ئىجابىي پېرسوناژلار؛ شاھى ئاببas، ئابدۇللاشاتىر، شاۋاز، جاللاتلار سەلبىي پېرسوناژلار بولۇپ، ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققانىيەت، ئەركىنلىك، دوستلۇق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئىنتىلىش ئارزۇسى

بىلەن ئۇنى بوغقۇچى، كىشەنلىگۈچى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

## «قوشنىلار» ھېكايىسى ھەققىدە

«قوشنىلار» ھېكايىسىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ سالى، جامى ئوبرازلىرى قانداق كىشىلەرنىڭ تىپى؟ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىڭ. ھېكايىدىكى پسىخىك تەسۋىر بىلەن تىل تەسۋىرىنىڭ قانداق رولى بار؟

زوردۇن سابىر (1937 — ) نىڭ «قوشنىلار» ناملىق بۇ ھېكايىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ھېكايىدە ئاپتور سالى بىلەن جامى ئائىلىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى، ئىككى ئائىلە باشلىقىنىڭ ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە، باشقىلارنىڭ، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى، جەمئىيەت، ئائىلە ئەخلاق قارىشى، پەزىلىتى قاتارلىقلاردىكى ئوخشىماسلىقلارنى سۇژىت لىنىيىسى قىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ھەربىر شەخس، ھەربىر ئائىلىنىڭ بەخت - سائادىتى پەقەت ئاممىدىن، كوللېكتىپتىن ئايرىلمىغاندىلا كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى، ئەكسىچە بولغاندا، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، قارا ساناش ھېسابىغا ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى رەسۋاچىلىق بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى، جامائەتنىڭ نەپرىتىگە قالىدىغانلىقىدەك مەركىزىي ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن سالى — ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، پەزىلەتلىك، ئەمگەكچان، ئومۇمغا، باشقى-

لارغا نەپ يەتكۈزۈشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەقلى كۈچى ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىش يولىغا قاراپ ماڭغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىپى.

ئۇنىڭ خاراكتېرىدە نىيەت - ئىقبالى تۈز، ساددا، ئەمگەكچان، پەزىلەتلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خاراكتېرى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئائىلىسى ھەم ئۆزگىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خالىس نىيەت بىلەن ئۈن - تىنسىز، جاپالىق ئىشلەيدۇ. بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئائىلە ئىگىلىكىنى جانلاندۇرىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىغا ئۆز پەزىلىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولىدۇ. قوشنىدارچىلىق، كوللېكتىۋىزملىق مۇناسىۋەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ. ھەتتا باشقىلار ئۆزىگە قارا سىنغاندىمۇ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. مانا بۇلار سالىنىڭ ئاساسىي خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن جامى بولسا — ھەسەتخور، پىخسىق، ئاچكۆز، جاھىل، سەپرا مىجەز، قارا كۆڭۈل، بايلىق ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان پەزىلەتسىز، شەخسىيەتچى كىشىلەرنىڭ تىپى.

ئۇنىڭ خاراكتېرىدە باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى باي بولۇش، ھەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، قارا كۆڭۈللۈك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ قوشنىسى سالىغا، سالى ئائىلىسىگە باشتىن - ئاخىر ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. بۇ ئائىلىگە، ئومۇمغا بار ئامالى بىلەن زىيان سالىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ بۇ يارىماس ئىللەتلىرىنى مەجبۇرىي تاڭىدۇ. نەۋرىسىنى سالىنىڭ سامانلىقىغا ئوت قويۇشقا كۈشكۈرتىدۇ. ھەتتا قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق بولۇشىنى، ئۆزى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ھەممە ئادەمنىڭ ئاچارچىلىق ئازابىدا قىينىلىپ ئۆششۈك چۈجىسىدەك يېلىنىپ ئۆزىنىڭ قولتۇقى ئاستىغا

بىلمەيدىغان، يۈزسىزلىك، گۇمانخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، جاھىللىق، تۆھمەتخورلۇقتەك ئالاھىدىلىكلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

دېمەك، بۇ ھېكايىدىكى ئىككى تىپ بىر - بىرىگە روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ ئالاھىدە، ئۆزگىچە خاراكتېرلەر، روشەن ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق يارىتىلغان.

ھېكايىنىڭ 1 - بۆلىكىدە ئىككى ئورۇندا سالىنىڭ ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرى، 3 - بۆلىكىدە تۆت ئورۇندا جامىنىڭ ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرى نۇقتىلىق بېرىلگەن. بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ دىئالوگلىرىمۇ ئىنتايىن جايىدا بېرىلگەن. بۇ ئىچكى كەچۈرمە (پسىخىك) تەسۋىرى بىلەن دىئالوگ تەسۋىرلىرى خاراكتېرى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى پېرسوناژنىڭ بىر - بىرىگە، جەمئىيەتكە بولغان ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش قارىشى، ياشاش قارىشى، ئەخلاقىي پەزىلەت قارىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

**ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە**

ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن دۇنيا قاراشنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

يازغۇچى ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تونۇش ۋە تاللاپ ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا رىئايە قىلىدىغان پرىنسىپ ۋە ئۇسۇل ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىدۇر.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىككى خىل ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئۇسۇل بولۇپ، مۇئەييەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەمەس. ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەسەرنىڭ ژانىرى ۋە بۇ ژانىرلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مۇئەييەن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى (بايان، تەسۋىر، لىرىكا، مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈش) نى قوللىنىپ ۋە بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەريانىدا مەلۇم ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى (ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، سىمۋول، مۇبالىغە، تەكرارلاش، جانلاندۇرۇش...) نى ۋاسىتە قىلىپ بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشقا قارىتىلغان. دېمەك، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يېتەكچى پرىنسىپنى كۆرسەتسە، ئىپادىلەش ئۇسۇلى كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ۋە بۇ جەرياندا ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى:

① دۇنيا قاراش كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە بولغان ئومۇمىي قارىشىنىڭ يىغىندىسى. ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى بولغان بىر خىل ئاڭ فورمىسى. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۇنيا قاراش يالغۇز ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان پوزىتسىيىسى، ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىلا بەلگىلەپ قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان پوزىتسىيىسى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قانداق

يېتەكچى پرىنسىپ بولۇپ، بەلگىلىك دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ ئىلغار ياكى قالاق بولۇشى مەلۇم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش - ئەتتۈرەلمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ② يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ھەمىشە بىر خىل بولۇۋەرمەيدۇ. ئىلغار تەرىپى بولغىنىدەك، قالاق تەرىپىمۇ بولىدۇ. بەزىدە ئىلغارلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، بەزىدە قالاقلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۆز ئارا ئۆتۈشۈپ، ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. دۇنيا قاراشتىكى بۇ خىل مۇرەككەپلىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا تەسىر قىلماي قالمايدۇ. كونكرېت ئەسەرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمايدۇ. ③ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئايرىم - ئىككى ئۇقۇم بولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولسىمۇ، چەكلىمىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن نىسپىي مۇستەقىللىككە ئىگە بولۇپ، بەزىدە دۇنيا قاراشنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىيالايدۇ، ھالقىپ كېتەلەيدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن دۇنيا قاراش ئوتتۇرىسىدا بىرلىكمۇ بولىدۇ، قارىمۇقارشىلىقمۇ بولىدۇ. بۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز دۇنيا قاراشنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا نىسبەتەن يېتەكچىلىك رولىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

### رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە

رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قانداق كونكرېت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قانداق ئاساسي

خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ يادروسى نېمە؟

تۇرمۇشنى تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئاساسەن چىنلىق ۋە راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ.

رېئالىزم تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئاساسىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى. ئۇ يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئىلغار مەۋقەدە تۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ۋە تۇرمۇشنى سوغۇققانلىق بىلەن ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ئىجادىيەت داۋامىدا رېئاللىقنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ، تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە تونۇپ، ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەم ئۇلارنىڭ ھاياتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە شۇ ئاساستا بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، تۇرمۇش ھەقىقىتىنى تارىخىي، كونكرېت ۋە ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈشى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولىدۇ. تۇرمۇش تەسۋىرىنىڭ كونكرېتلىقى بىلەن ئوبيېكتىپلىقى رېئالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. رېئالىزمچى يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنىڭ كونكرېتلىقى ۋە ئوبيېكتىپلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئاددىي ۋە مېخانىك يوسۇندا كۆچۈرۈش ۋە خاتىرىلەش ئەمەس، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي چىنلىقنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۈچ مۇھىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ① ئۇ تەپسىلاتلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە چىن ۋە ھەقىقىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت

ئەسلى ماھىيىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپلا
قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تاشقى باغلىنىشى ۋە كونكرېت
ھېس - تۇيغۇلىرى ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈ-
رۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەپسىلاتلار — ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى
پېرسوناژلارنىڭ تىلى، ھەرىكىتى، شارائىتى توغرىسىدىكى
ئەڭ كىچىك ۋەقەلەر بولۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي تەسۋىرلىمەي
تۇرۇپ، ئەسەرنى چىنلىققا ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. تەپسىلاتلار
ياسالما ياكى ساختا بولسا، ئۇنداق ئەسەرنى رېئالىزملىق
ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. ② ئۇ تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسو-
ناژلارنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ رېئالىزملىق ئىجادى-
يەت ئۇسۇلىنىڭ تۈپ يادروسى بولۇپ، ئۇنىڭدا تىپىك پېرسو-
ناژلار تىپىك شارائىتتا يارىتىلىشى، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال-
لىق بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشى لازىم، چۇۋالچاق،
چېچىلاڭغۇ تۇرمۇش يىغىنچاقلانغان ۋە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ
قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولۇشى، رېئال تۇرمۇش كونكرېت،
جانلىق، بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇشى
لازىم. ③ رېئالىزم يازغۇچىلاردىن كۈچلۈك سىياسىي خاھىشقا
ئىگە بولۇشنى ۋە بۇ خىل خاھىش بىلەن ئوبيېكتىپ تۇرمۇش
چىنلىقىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل سىياسىي
خاھىش ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەمەس، بەلكى پېرسوناژ، ۋەقە،
مۇھىت تەسۋىرى بىلەن بىرلىشىپ، سىڭىشىپ كېتىشى كېرەك.
ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى يوشۇرۇن
بولسىمۇ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەر، تۇر-
مۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنسە،
يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى - خاھىشى بەدىئىي ئوبرازلار
ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن ئىپادىلىنىدۇ. قىسقىسى، رېئالىزملىق

ھادىسىلەرنى تاللاپ، مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يادروسى — تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت.

## «پالۋان كەلدى» ھېكايىسى ھەققىدە

«پالۋان كەلدى» ھېكايىسىدە قانداق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ سادىر پالۋان كىم؟ ھېكايىدە ئاپتور سادىر پالۋان ئوبرازىنى قانداق ياراتقان؟ ھېكايىدە ئالغا سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە نېمە؟ ھېكايىنىڭ ئېكسپوزىتسىيىسى ۋە سيۇژەت بۆلەكلىرىنى ئايرىپ بېرىڭ.

تېيىپجان ھادى (1925 — 1989) نىڭ «پالۋان كەلدى» ھېكايىسى 1980 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ھېكايە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ھېكايىدە — مانجۇ ئەمەلدارلىرى يەنىمۇ چىرىكلىشىپ، زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىپ، ھەممە يەرنى ئادالەتسىزلىك قاپلاپ، ئالۋان - ياساق، سېلىق يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، چىدىغۇسىز ھالەتكە يەتكەن، خەلق تەرەپ - تەرەپتىن قوزغىلىپ بۇ خىل دەھشەتلىك زۇلۇم، ئالۋان - ياساققا، بۇ زۇلۇمنىڭ مەنبەسى بولغان مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى باتۇرۇق بىلەن كۈرەش قىلغان ئىجتىمائىي رېئاللىق ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

سادىر پالۋان — (1798 — 1871) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە قارشى ئازادلىق كۈرىشىنىڭ

داڭلىق سەركەردىسى، مىللىي قەھرىمانى، مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى.

ئاپتور بۇ ھېكايىدە سادىر پالۋاننىڭ بارلىق كۈرەش تارىخىنى تەپسىلىي، تولۇق يازماستىن، بەلكى ئىلى جىياڭجۈنى ۋەكىللىكىدىكى فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئىچىدىكى بىر قېتىملىق پائالىيەتنى، يەنى ئۆزى خەلقنى تەشكىللىگەن رايوندىن دۈشمەنلەرنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ زالىم شىيەنگەن باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، ئايالى ۋە بالىلىرىنى دۈشمەن چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقىنى تېما قىلىش ئارقىلىق، سادىر پالۋاننىڭ دۈشمەننى مەنسىتمەيدىغان، قورقۇمسىز، پەم - پاراسەتلىك باتۇر ئوبرازىنى ياراتقاندىن باشقا ئۇنىڭ ماھارەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ھازىر جاۋاب خەلق قوشاقچىسى ئىكەنلىكىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان.

ئاپتور تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى ئەنە شۇنداق يارىتىش ئارقىلىق مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چىرىكلىكى، ئىقتىدارسىزلىقى، زالىملىقىنى پاش قىلغان. ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان سادىر پالۋاننىڭ تەڭداشسىز قەھرىمانلىقىنى، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن كۈرەش يولىنى ئۆزى ئىنتايىن ئەپچىل، ئاممىباب ئۇسۇل بىلەن خاتىرىلەپ، خەلقنىڭ كۈرىشىگە ئىلھام بېرىدىغان تالانتىنى مەدھىيىلىگەن.

ھېكايىدە ئاساسىي ۋەقەلىك باشلىنىشتىن بۇرۇن تونۇشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي شارائىتلار ھېكايىنىڭ ئېكسپوزىتسىيىسى، جاكارچىنىڭ پەرمانى ھېكايىنىڭ تۈگۈنى، شۇنىڭدىن باشلاپ سادىرنىڭ ئايالى ۋە ئىككى بالىسىنىڭ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلغانغىچە بولغان ئارىلىق ھېكايىنىڭ راۋاجى. سادىرنىڭ سەپداشلىرى بىلەن جازا مەيدانىغا كىرگەنلىكى ھېكايىنىڭ كولمىناتسىيىسى، سادىرنىڭ ئايالى ھەم ئىككى بالىسىنى جازا

مەيدانىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ تاغقا. يەنى ئۆز قوشۇنلىرى ئارىسىغا بارغانلىقى ھېكايىسىنىڭ يېشىمىدۇر.

## رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە

رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟

رومانتىزم دېگەن بۇ ئۇقۇم «رومانتىك» (خىيالپەرەس) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، يازغۇچى، سەنئەتكارلار رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، ئۈمىد - ئارزۇسى ۋە ئېستېتىك غايىسىگە ئاساسلانغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى — رومانتىزم دەپ ئاتىلىدۇ.

رومانتىزم خۇددى رېئالىزمغا ئوخشاشلا ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى ۋە ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئۇ يازغۇچى، سەنئەتكارلاردىن ئىلغار مەيداندا تۇرۇپ، مول تەسەۋۋۇر، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقە، ئوتلۇق ھېسسىيات، قىزىقارلىق تىل قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆز غايىسىگە ئاساسلانغان غايىۋى تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ — رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تۈپ پرىنسىپى.

رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:

① رومانتىزم سۇبيېكتىپ غايىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنى ساداقەتلىك بىلەن تەسۋىرلەشنى ئەمەس، بەلكى غايىۋى دۇنياغا قىزغىن ئىنتىلىشنى ئىپادىلەيدۇ، رېئاللىقنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەي، بەلكى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئاكتىپ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت

بېرىدۇ. رومانتىك يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى، رېئال شەيئىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن غايىۋىـ لەشتۇرۇش ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رومانتىزم ئاساسەن ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا مەۋجۇت نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت بولۇشنى يازغۇچى ئۆز غايىسىدە ئۈمىد قىلغان، بولۇش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈ- رۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ② رومانتىزم غايىۋىلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن تىپىك ئوبراز يارىتىدۇ. رېئالىزم تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئوبراز ياراتسا، رومانتىزم تۇرمۇشتا بولۇش ئېھتىمالىغا ئاساسەن تىپىك ئوبراز يارىتىدۇ. يەنى ئۇ تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تىپىك قەھرىمان پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان تىپىك شارائىتلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، رومانتىك يازغۇچىلار ياراتقان پېرسو- ناژلار غايەت زور جاسارەتكە، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ. رومانتىك ئەسەرلەردىكى تىپىك قەھرىمانلار بىلەن رېئالىستىك ئەسەرلەردىكى تىپىك قەھرىمانلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ③ رومانتىزم لىرىك ھېسسىياتقا باي بولىدۇ. رومانتىك يازغۇچىلار سۇبيېكتىپ غايە ۋە ئارزۇلىرىنى تەكىتـ لىگەنلىكتىن، كۆپىنچە تۇرمۇش رېئاللىقنى رېئالىزمدىكىگە ئوخشاش سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ تەسۋىرلىمەي، بەلكى تەسۋىرلەيدىغان شەيئىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەر خىل خىيالى بىلەن لىرىك ھېسسىياتىنى قوشۇۋېتىدۇ. ئەگەر رېئالىزم كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەقىل - ئىدراكنى ئاساس قىلىدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا رومانتىزم تەسەۋۋۇرغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە لىرىك

ھېسسىياتنى ئاساس قىلىدۇ. رومانتىزم ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، ئاللىگورىيىلەشتۈرۈش ۋە جانلىق، گۈزەل تىل ئىبارىلىرىنى قوللىنىش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىدۇ.

**«دانكو» ناملىق پارچە ھەققىدە**

دانكو قانداق ئىپ؟ كونكرېت تەھلىل قىلىڭ؟ ھېكايە ۋەقەلىكى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان؟ كولمىناتسىيە نۇقتىسى قايسى؟ ھېكايىنىڭ باش ۋە ئاخىرىدىكى مەنزىرە تەسۋىرىنىڭ ھېكايە مەزمۇنى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

«دانكو» ناملىق بۇ پارچە ماكسىم گوركىي (1868 — 1936) نىڭ «ئىزىرگىل موماي» (1895) ھېكايىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولۇپ، بۇ پارچىنىڭ ئۆزىمۇ مۇكەممەل ھېكايىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ پارچىدىكى ئاساسىي ۋەقەلىك رومانتىزملىق ئەجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا (باش ۋە ئاخىرى 1 -، 3 - شەخس تىلىدا)، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا (باش ۋە ئاخىرىدىكى مەنزىرە تەسۋىرىنى قوشقاندا چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا) يېزىلغان. دانكو ئوبرازى ئىزىرگىل موماينىڭ تىلى ئارقىلىق ۋاسىتىلىك تەسۋىرلەنگەن.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن دانكو — باتۇر، مەردانە، ئوت يۈرەك، بارلىقىنى خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان نىجاتكارلارنىڭ غايىۋى ئىپى. ئۇ ئۆز خەلقى ئالدىدىكى بىرى ئۆلۈم، جاپا دەھشىتىدىن قورقۇپ ئارقىغا يېنىپ يات تائىپىگە تەسلىم بولۇپ، قۇللۇقتا مەھكۇم بولۇش؛ يەنە بىرى، قۇربان بولۇشتىن قورقماي، جاڭگاللىق ۋە سازلىقنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىنى يېڭىپ يول ئېچىپ يورۇق دۇنياغا يېتىپ، ئازادە يېڭى ھايات يارىتىشتىن ئىبارەت ھايات -

كۆپچىلىكنى باشلاپ قاراڭغۇ جاڭگاللىق ئىچىدىن يول تېپىپ ماڭىدۇ. ئەمما نادان، ئۇرۇش ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ كەتكەن، يول يۈرۈش جەريانىدىكى جاپا - مۇشەققەتتىن ھېرىپ كەتكەن خەلق دانكونىڭ ئۆزلىرىنى باشلاپ، جاڭگاللىقتىن چىقىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيدۇ. بىرىنى قەستەن ئازابلاۋاتىدۇ، دەپ قاراپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. دانكو جۇشەندۇرسىمۇ كۆپچىلىك ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن دانكو مۇھەببەت، غەزەپ، ئازاب، ئېچىنىشتەك مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن ئۇلارغا خىتاب قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىنى قايرىپ قويۇپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قاراڭغۇ جاڭگالنى يورۇتۇپ، كۆپچىلىكنى ھاياتلىق مەنزىلىگە باشلاپ بارىدۇ. غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەن كىشىلەر ئۆز يولباشچىسىنىڭ كۆرەشتە ئوينىغان رولىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. بىرى ئۇنىڭ مەغرۇر يۈرىكىنى دەسسىۋالىدۇ - دە، مەشئەلدەك نۇر چېچىپ ئەتراپنى يورۇتۇۋاتقان نۇر چېچىلىپ مەڭگۈگە ئۆچمەيدىغان نۇرغا ئايلىنىپ جاھانغا تاراپ كېتىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىش، مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلەشتۈرۈلگەن دانكو ئوبرازىنى ياراتقان ھەم ئۇنىڭغا روشەن ئىچكى ھېسسىياتنى سىڭدۈرگەن.

ئاپتور ھېكايە ۋەقەلىكنى بايان قىلىشتا ۋاستىلىك بايان قىلىش، تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. يەنى رېئاللىقتىكى شەخسلەر ۋە ئۇلار ياشىغان مۇھىت ئالدى بىلەن سۆرەتلىنىپ «مەن» نىڭ ئاڭلىشى، ئىزىرگىل مومايىنىڭ سۆزلىشى، ئاساسىدا غايىۋى شەخس دانكو ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى يارىتىلغان رىۋايەتلىك، سىمۋوللۇق مۇھىت سۆرەتلەنگەن. بۇ ئارقىلىق خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھېكايە سۆزلەش ئۇسۇلىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان. ئىككى خىل مۇھىت ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان.

ئەسەردە دانكونىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە كۆكسىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە يول باشلىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئابزاسلار ھېكايىنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسىدۇر.

ھېكايىنىڭ بېشىدا تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىسى غايىۋى قەھرىمان مەيدانغا چىقىشتىن بۇرۇنقى مۇھىت بولۇپ، بۇ مۇھىت ئېزىلگۈچى مومايىنىڭ رىۋايىتىدىكى قاراڭغۇ جاڭگالنىڭ مۇھىتىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاپتور ئاساسىي ۋەقەلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن تىپىك شارائىت ھازىرلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تەسۋىردە ئاپتور دەھشەتلىك دالىدا بىر يېنىپ - بىر ئۆچۈپ تۇرغان ئۇچقۇنلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دانكو ھېكايىسىنى بايان قىلىشقا يىپ ئۇچى ھازىرلىغان. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىسى كەيپىياتنى جانلاندۇرۇپ، ھېكايىنىڭ بەدىئىي تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئاساسىي ۋەقەلىكتە تەسۋىرلەنگەن مۇھىت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

**سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە**

سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟

سوتسىيالىستىك رېئالىزم پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغان تارىخىي دەۋردىكى يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى تارىخىي -

ئىجتىمائىي ئاساس — پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتا-
رىياتنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدۇر.
ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى — ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرى-
يىسى بولۇپ، بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشىنى بىر
تەرەپتىن ئۆتمۈشتىكى ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىغا ۋارىسلىق
قىلىشتىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ھەم
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى ھەم سوتسىيا-
لىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تەرەققىياتىنى
تەتقىق قىلىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن
ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى رېئال ئىنقىلابىي تەرەققىيات
جەريانىدىن ھەقىقىي ۋە تارىخىي، كونكرېت ھالدا تەسۋىر-
لەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەدىئىي تەسۋىرنىڭ
ھەقىقىيلىكى بىلەن تارىخىي كونكرېتلىقىنى خەلقنى ئىدىيىۋى
جەھەتتىن سوتسىيالىستىك روھتا تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش
ۋەزىپىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم باشقا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدىن
تۆۋەندىكى ئۈچ خۇسۇسىيەت بىلەن پەرقلىنىدۇ: ① سوتسى-
يالىستىك رېئالىزم يازغۇچىلاردىن رېئاللىقنى ھەقىقىي، تارىخىي،
كونكرېت قىلىپ تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشنى
ھەربىر جەمئىيەت تارىخىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن
ھەقىقىي تەسۋىرلەپ، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈش — رېئالىزمنىڭ ئەڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى.
ئۆتمۈشتىكى رېئالىزممۇ مۇشۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.
ئەمما ئۆتمۈشتىكى رېئالىست يازغۇچىلار دۇنيا قارىشىنىڭ
چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تۇرمۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك تارىخىي ۋە
كونكرېت، چوڭقۇر ھالدا چۈشىنىشى مۇمكىن بولمىغاچقا،
تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر تەرەپ-

لىمىلىكلەرگە ئىگە بولاتتى. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئۆتمۈشتىكى رېئالىزمدىن تۈپ پەرقى شۇكى — ئۇنىڭ پەلسەپە ئاساسى ماركسىزم - لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدۇر. سوتسىيالىستىك رېئالىزمچى يازغۇچىلار ئەنە شۇ دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاچقىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ ھازىرنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى كۆرۈپ، رېئاللىقنى يەنىمۇ چوڭقۇر، ئومۇميۈزلۈك، ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. ② سوتسىيالىستىك رېئالىزم رېئاللىقنى ئىنقىلابنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك رېئالىزمچى يازغۇچىلار تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە پارتىيىۋىلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى دادىل ئېچىپ تاشلاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى، پارلاق كېلەچەكنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سوتسىيالىستىك رېئالىزمدا تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتى بار بولۇپ، پارلاق ئىنقىلابىي رومانتىزم روھى بىلەن جەڭگىۋار ئۈمىدۋارلىقنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى، يازغۇچىلاردىن پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىلا تەسۋىرلەشنى ئەمەس، بەلكى كۈرەشكە قاتنىشىشنى، تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ③ سوتسىيالىستىك رېئالىزم يازغۇچىلاردىن خەلقنى سوتسىيالىستىك روھ بىلەن تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مەقسىتى ئۇنى ئۆزگەرتىش. شۇڭا سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئەدەبىيات — يۈكسەك پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن خەلقنى ئىدىيىۋى ئاڭ، سەۋىيە جەھەتتىن سوتسىيالىستىك روھتا تەربىيىلەپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك

ياردەم بېرىشنى، ئۇلارنىڭ قالاق ئىدىيىلىرىنى تازىلىشىغا، ئىلغار دۇنيا قاراشنى تىكلىۋېلىشىغا، كوممۇنىستىك پەزىلەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

## «سەپداش» ھېكايىسى ھەققىدە

«سەپداش» ھېكايىسىدە قانداق ۋەقە بايان قىلىنغان؟ سابىر، مەخمۇت ئوبرازلىرى قانداق كىشىلەرنىڭ تىپى؟ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟ ھېكايىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ ھېكايىنىڭ تىلى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

مۇھەممەت باغراش (1952 —) نىڭ 1980 - يىلى ئېلان قىلىنغان بۇ تۇنجى ھېكايىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 1 -، 3 - شەخس تىلىدا. چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا (ھېكايىنىڭ بېشىدىكى «مەن» نىڭ مۇلاھىزىسى بىلەن قوشقاندا) يېزىلغان.

ھېكايىدە — شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىدا يۈك توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شوپۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كوللېكتىپ سەپەرگە چىققان سابىر، مەخمۇتتىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ كوللېكتىۋىزملىق، ئومۇمىيلىققا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن قاراملىق، شەخسىي قەھرىمانلىق، شۆھرەتپەرەسلىك تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان زىددىيىتى، ئۇزۇن، خەتەرلىك سەپەر جەريانىدا مەخمۇتنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان ھالقىلىق پەيتتە سابىرنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ، مەخمۇتنى ئەمەلىي ھەرىكىتى، ياردىمى ئارقىلىق يېتەكلىگەنلىكى، ياردەم بەرگەن-

بايان قىلىنغان.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن سابىر — كوللېكتىپ تۇرمۇش بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىدىغان، مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان، كەمتەر، كىچىك پېئىل، ئېغىر - بېسىق، مەسئۇلىيەتچان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرىدىغان، ئالىيجاناب خىسلىتى، ئۈلگىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان ئىلغار ياشلارنىڭ تىپى.

سابىر — سەپەر جەريانىدا كوللېكتىپنى ئويلاش، سەپداشلىرىغا كۆيۈنۈش، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراش مەقسىتىدە مەخمۇت بىلەن جېدەللىشىپ قالىدۇ. كېيىن سەپەر جەريانىدا مەخمۇت خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغاندا شەخسىي ئاداۋەتنى ئويلىماي، مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھ بىلەن مەخمۇتنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ھەم مەخمۇتنىڭ ناتوغرا ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، قاراملىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشىنىشىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ① كەمتەر، كىچىك پېئىل، ئېغىر - بېسىق؛ ② خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ؛ ③ ھەر ۋاقىت كوللېكتىپنى ئويلايدۇ، سەپداشلىرىغا كۆيۈنىدۇ، ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ.

مەخمۇت — كوللېكتىپ تۇرمۇشنىڭ قوينىدا، سەپداشلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۆزىنىڭ مەنمەنچىلىك، نام -

لىكلىرىنى تونۇپ، سەپداشلار پولاتتەك ئۇيۇشقان كوللېكتىپ قوينىدا بىر - بىرىگە ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتكەندىلا، ئەقىدىسى كۈچ - قۇدرەتكە، نەتىجىگە ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ياشلارنىڭ تىپى.

مەخمۇت — كەسپتە نەتىجە قازىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنى كۆرسىتىپ شۆھرەتكە، شان - شەرەپكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. مەنمەنچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغاچقا، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سەپدىشى سابىرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى، ياردىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ ھەتتا ئۇنىڭغا مۇشت سالىدۇ. «جەسەت» داۋىنىدىكى سەپەردە ماشىنا ماتورىدىن چاتاق چىققاندا ماشىنىنى توختىتىپ، چاتاقنى ئۆزى ئوڭشاپ ماڭماقچى بولۇپ، باشقا ماشىنىلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئەڭ ئاخىردا سابىرنىڭ «سوراق» سىگنالىنىمۇ جاۋابسىز قالدۇرىدۇ. ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالغاندا مەنمەنلىك قىلىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە ئاق كۆڭۈل، تەلەپچان، ئەپۇچان سەپدىشى سابىر ئۇنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ① ئۆزىنىڭ كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىشنى ئۆزىنى تۆۋەن چۈشۈرگەنلىك دەپ قارايدۇ؛ ② ئۇنىڭ كۆڭلىدە ماشىنىنى تېز ھەيدەپ شەرەپ قازىنىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئىدىيىسى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ③ مەنمەنچىلىكى كۈچلۈك، نام - شۆھرەت قازىنىشقا ئامراق؛ ④ مەنمەنلىك بىلەن سەپتىن چۈشۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. سەپداشلىرىنىڭ قەلبىنى توغرا چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىپ قاتتىق خىجالەتچىلىك ھېس قىلىدۇ.

پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ھەل بولۇش جەريانىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىقتىن ئايرىلىپ قالغان بىر كىشىنىڭ قابىلىيىتى قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قاراملىقتا، شەخسىي قەھرىمانلىقتا تايىنىپ، يەككە - يېگانە ئىشلەپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئىتتىپاق، ھەمكارلىق بولغاندىلا غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ھېكايىنىڭ تىلى جانلىق، ئوبرازلىق بولۇپ، ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىگە ماس بېرىلگەن ئىخچام دىئالوگلار ۋە بۇ دىئالوگلاردىكى مۇنازىرىلەر تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىشى، پېسخىك تەسۋىرلەرنىڭ ئىنچىكە ئىپادىلىنىشى ئورگانىك ھالدا يۇغۇرۇلغاچقا، بۇ جەرياندا ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر دەل جايىدا ئىشلىتىلگەچكە، كىتابخانلارنى ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن بىللە ئالىي سەپىرىگە قاتناشقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرگەن.

## «دېھقان» شېئىرى ھەققىدە

«دېھقان» ناملىق شېئىردا ئەمگەكچان دېھقانلارنىڭ ئۇلۇغۋار خىسلىتى قانداق مەدھىيىلەنگەن؟ شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ قايسى ۋەزىن تۈرى، قايسى بەھرىدە يېزىلغان؟

مامۇت زايىتنىڭ «دېھقان» ناملىق بۇ شېئىرى شەكىل جەھەتتىن مۇخەممەس شېئىر شەكلىدە، خاراكتېر جەھەتتىن قەسىدە خاراكتېرىدە. ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەزەج مۇسەممەن

شېئىردا دېھقانىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى، مېھنىتى، پاك، تەمەننا‑سىز، كەمتەر، ئاددىي، پىداكار خىسلىتى، تەبىئەتنى بويسۇن‑دۇرۇشتىكى مېھنىتى تولۇپ ‑ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەنگەن.

## «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرى ھەققىدە

«مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق بۇ شېئىردا ئۇن ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۈيۈك كەشپىيات مەدھىيىلىنىش ئارقىلىق قانداق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟ شېئىر ئارۇز ۋەزنى‑نىڭ قايسى ۋەزىن تۈرىدە يېزىلغان؟ شېئىردا ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ كىشى قەلبىگە روھ بېغىشلىغۇچى مەنىۋى كۈچى قانداق مەدھىيىلەنگەن؟

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم (1950 —) نىڭ «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق بۇ شېئىر شەكلى جەھەتتىن مۇخەممەس شېئىر شەكلىدە، خاراكتېر جەھەتتىن قەسىدە خاراكتېرىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەزەج مۇسەممەن سالىم ۋەزىن تۈرىدە يېزىلغان.

شائىر بۇ شېئىردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ياراتقان كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇن ئىككى مۇقامنى، بۇ بۈيۈك كەشپىياتنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسى‑دىكى ئورنىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەنئەت سۆيەر خىسلىتىنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق ھېسسىيا‑تىنى رەڭدار بەدىئىي ۋاسىتىلەر، قايناق شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

شائىر بۇ شېئىردا ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ كىشى قەلبىگە

روھ بىغىشلىغۇچى مەنىۋى كۈچىنى — ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق، ئاچلىق ئازابىنى يېڭىدىغان، تاغۇ - دەشتىلەردىن ئېشىپ، جاپا - مۇشكۇللەرنى يېڭىشتە پەرھادنىڭ كۈچىدەك كۈچ ئاتا قىلىدىغان، ھەرقانداق «دىلرەبا» دىن ئۈستۈن، جەلپكارلىقتا ئىگە بولغان، كىشى قەلبىگە گۈزەللىك، چىنلىق، پاكلىق ئاتا قىلىدىغان، نىمجانغا كۈچ ئاتا قىلىپ باھادىر قىلىدىغان، پەرىشانلىق، ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ۋىسالغا — غەلبىگە ئېرىشتۈرىدىغان دۇنيا سەنئەت خەزىنىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ماھى چولپان، سەنئەت تاجىسى، قۇدرەتلىك مەنىۋى بايلىق دەپ مەدھىيىلىگەن.

## تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە

تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ كونكرېت قىلىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ: بىرلىك قانۇنىيىتى، زىددىيەتسىز قانۇنىيەت، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى دېگەن نېمە؟ بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

بىز پىكىر قىلىش جەريانىدا ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى بولغان ئۇقۇمنىڭ ئېنىق، ھۆكۈمنىڭ توغرا، ئەقلىي يەكۈننىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىملىقىنى ئۆگەنگەنىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپلا قالماي، بەلكى لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى بولغان بىرلىك (ئەينىيەت) قانۇنىيىتى، زىددىيەتسىز قانۇنىيەت، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىمۇ ئىگىلىشىمىز زۆرۈر.

بىرلىك (ئەينىيەت) قانۇنىيىتى دېگىنىمىز — مۇئەييەن

بىر پىكىر قىلىش شارائىتىدا، ئەينى بىر ئوبيېكت توغرىسىدىكى ئۇقۇم، ھۆكۈم، مۇھاكىمە تېمىسىنىڭ باشتىن - ئاخىر بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەيدىغان قانۇنىيەت بىرلىك قانۇنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرلىك قانۇنىيىتى، بىر پىكىر قىلىش جەريانىدا، ئوي - پىكىرنىڭ بىردەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى بىر ئۇقۇم بەلگىلەنگەن بىردەك مەزمۇننى ساقلىشى لازىم. ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئەڭ تۈپكى تەلىپى. بىر ھۆكۈم، بىر ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان تېما ئوخشاشلا بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى لازىم. ئوتتۇرا يولدا خالىغانچە ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بىرلىك قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى: «ئا» دېگىنىمىز «ئا» بولىدۇ.

بىز ئېغىزاكى نۇتۇقلىرىمىزدا ۋە ماقالە يازغاندا بىرلىك قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئوي - پىكىرنىڭ مۇئەييەنلىكىنى ساقلاپ، سۆزىمىز ۋە ماقالىمىزنىڭ ئالدى - كەينىنى ئىزچىل، باش - ئاخىرىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىرلىك قانۇنىيىتى ئوخشاش بىر ۋاقىت، ئوخشاش بىر جەھەتتىكى تەپەككۇر جەريانىغا قارىتىلغان. ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەينى بىر پىكىر ئەينى بىر ۋاقىت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتسە ياكى پىكىر ئوبيېكتىدا ئۆزگىرىش بولسا، پىكىرنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

زىددىيەتسىز قانۇنىيەت (ياكى زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى) دېگىنىمىز - پىكىر قىلىش جەريانىدا ئەينى بىر شەرت ئاستىدا، ئەينى بىر ئوبيېكت توغرىسىدا بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ھەم زىت پىكىردە بولماسلىقنى تەكىت-

بولۇش قانۇنىيىتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

زىددىيەتسىز قانۇنىيەت ئوخشاش بىر پىكىر قىلىش جەريانىدا ئوخشاش بىر جەھەتتىن، ئوخشاش بىر شەيئىگە قارىتا، ئۇنى «مۇنداق» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، يەنە ئۇنى «ئۇنداق» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرمەسلىكنى ياكى ئۇنى «مۇنداق» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭ «مۇنداق» ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوخشاش بىر پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا، ئوخشاش بىر شەيئى ئۈستىدىن قىلىنغان ئىككى ھۆكۈم، مەيلى ئۇلار بىر - بىرىگە زىت بولسۇن ياكى بىر - بىرىگە قارشى بولسۇن، بىز ئۇلارنى ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا مۇئەييەنلەشتۈرسەك، زىددىيەتسىز قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. زىددىيەتسىز قانۇنىيەتنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق: «ئا» دېگىنىمىز «ئا» ئەمەس بولمايدۇ. زىددىيەتسىز قانۇنىيەت بىزنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىمىزنى توغرا يۈرگۈزۈشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم. تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇنازىرە - مۇھاكىمە قىلىش جەريانىدا، زىددىيەتسىز قانۇنىيەت بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

زىددىيەتسىز قانۇنىيەت بىرلىك قانۇنىيىتىگە ئوخشاشلا، ئوخشاش بىر ۋاقىت، ئوخشاش بىر شەرت - شارائىت ئاستىدا تەپەككۇر قىلىشقا قويۇلغان تەلەپ. ئەگەر ۋاقىت، شەرت - شارائىت ئۆزگىرىپ كەتسە، ئويلىنىش نۇقتىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. چىقىرىلغان ھۆكۈممۇ ئوخشىمايدۇ ھەم بۇ خىل ئوخشىماسلىققا يول قويۇلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا زىددىيەتسىز قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىق بولمايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ، تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقى، ئىپادىلەش ئۇنۇمى كۈچەيتىلىدۇ. بۇ زىددىيەتسىز قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى،

جەرياندا، ئوخشاش بىر شەيئىگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن پىكىرنىڭ باشتىن - ئاخىر بىرلىككە ئىگە بولۇشىنى، بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ ئۆزىدە زىددىيەت بولۇشى بىلەن ئوخشىمايدىغان باشقا ئىش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى (ياكى ئۈچىنچىسى يوق قانۇنىيىتى) دېگىنىمىز — مۇئەييەن بىر پىكىر قىلىش شارائىتى ئاستىدا بىر - بىرىگە زىت پىكىرنىڭ بىرىنىڭ جەزمەن توغرا، بىرىنىڭ جەزمەن خاتا ئىكەنلىكى، ئۈچىنچى بىر خىل ئەھۋالنىڭ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان قانۇنىيەت ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئالغاندا، راست بىلەن يالغان، توغرا بىلەن خاتا ئوتتۇرىسىدا ھەر ئىككىسىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىر - بىرىگە زىت ئىككى ھۆكۈمگە قارىتا، بۇ بولمىسا ئۇ دەپ ئېنىق تاللاش كېرەك. پىكىرنىڭ ئېنىقلىقىنى ساقلاش كېرەك. نا ئېنىق، ئىككى قىرلىق بولۇشقا قىلچە يول قويۇلمايدۇ. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى: ئۇ «ئا» بولىدۇ ياكى ئۇ «ئا» ئەمەس.

ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنى پەقەت زىددىيەت مۇناسىۋىتى بولغان ھۆكۈملەرگە قوللىنىشقا مۇۋاپىق. يەنى بىر - بىرىگە زىت ھۆكۈم بولغاندىلا، ئاندىن ئىككىسىنىڭ بىرىنى توغرا دېگىلى بولىدۇ. «ئوقۇغۇچى» ۋە «ئوقۇغۇچى ئەمەس» دېگەن بۇ بىر جۈپ زىت ھۆكۈمنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىر ھۆكۈم راست (توغرا) بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسى يالغان بولۇشى

تۇرۇش مۇناسىۋىتى بار ھۆكۈملەرگە قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس. «ئۇ ھەربىي» ۋە «ئۇ ئىشچى» دېگەن بۇ ئىككى ھۆكۈمگە قارىتا، چوقۇم ئىككىسىنىڭ بىرى توغرا دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ھۆكۈمنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا راست بولىسىمۇ. لېكىن ئوخشاشلا ھەر ئىككىلىسى يالغان بولۇشى مۇمكىن، يەنە «ئۇ ئوقۇتقۇچى» ۋەھاكازا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## «بەخت تىلەش» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «بەخت تىلەش» ھېكايىسىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ 2. شياڭلىن ھەدە قانداق ئوبراز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان؟ 3. ھېكايىدە نېمە ئۈچۈن بەخت تىلەش مەنزىرىسى ئىچىدە شياڭلىن ھەدىنىڭ چەكسىز ئەلەم بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى يېزىلغان ۋە ھېكايىگە «بەخت تىلەش» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان؟ 4. ھېكايىدە شياڭلىن ھەدىنىڭ ئوبرازى، تەقى - تۇرقى، بولۇپمۇ كۆزى نۇقتىلىق ھالدا ئۈچ قېتىم تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭ قانداق رولى بار؟ 5. بۇ ھېكايىدە نېمە ئۈچۈن لۇسى بەگنىڭ كىتابخانىسىدىكى نەرسىلەر يېزىلغان؟ لۇسى بەگنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى قانداق ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگەن؟ 6. بۇ ھېكايە ۋەقەلىكى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان؟ 7. «شۇنداق قىلىپ شياڭلىن ھەدىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىسىگە دائىر ئۆزۈم ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن ئايرىم ۋەقەلەر ئومۇمىي بىر كارتىنا بولۇپ كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى» دېگەن ئابزاس پۈتۈن تېكىستە

1. لۇشۈننىڭ (1881 — 1936) «بەخت تىلەش» ناملىق بۇ ھېكايىسى 1924 - يىلى يېزىلغان. ھېكايە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 1 —، 3 - شەخس تىلىدا، چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ئاپتور ھېكايىدە سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت «تۆت چوڭ كىشەن» نىڭ زۇلمى بىلەن، ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان شياڭلىن ھەدىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئودال - پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئەزگەن ۋە قۇل قىلغانلىقى، فېئودال ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بىلەن فېئوداللىق ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ خەلققە مەنىۋى جەھەتتىن چەكسىز زۇلۇم سالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىغا بولغان چەكسىز خەيرخاھلىقى، بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ قاتىلى بولغان فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۇزۇل - كېسىل قارشى تۇرۇش روھى گەۋدىلەنگەن.

2. شياڭلىن ھەدە — ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، ئۆز بەختى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش، ئۆزىگە تېڭىلغان تەقدىرىگە قارىتا كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىلىق كونا جۇڭگودىكى «تۆت چوڭ كىشەن» نىڭ دەھشەتلىك زۇلمى تۈپەيلىدىن نابۇت قىلىنغان، جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، سان - ساناقسىز ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى — كونا جۇڭگو يېزىلىـ

سۈرەتلىنىشىدۇر.

ئەنە شۇ قاتمۇقات كىشەننىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن تاۋار مال ئورنىدا سېتىۋېتىلىدۇ. ئىككى يولدىشى ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئوغلىنى بۆرە يەپ كېتىدۇ (بۇ كۆرۈنۈشتە تەبىئەت ھادىسىسىدەك قىلىسمۇ. ئەمەلىيەتتە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق ھاياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر). پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى فېئودالىزمنىڭ ۋەكىلى لۇسى بەگ ئائىلىسىگە سەرپ قىلىپ ئاخىرى قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. فېئودالىق ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ بىر يۈرۈش ۋەھىمىلىرى، يەكلەشلىرى تۈپەيلىدىن روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئەنە شۇ كىشەن تۈپەيلىدىن مۇستەقىل ياشاش، ئىشلەش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنىپ، 40 نەچچە يىللىق ھاياتىدا بىر كۈنمۇ راھەت كۆرەلمەي، بەختكە ئېرىشەلمەي، زۇلۇم ـ خورلۇقلاردىن قۇتۇلالماي ئاخىرى ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «دوزاخ»، «روھ» ھەققىدە ئويلاپ ئازابلىنىدۇ. «روھ» بار دەي دېسە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا تېنىنىڭ ئىككىگە پارچە قىلىنىپ يەنە «دوزاخ» ئازابى تارتىشىدىن، يوق دەي دېسە ئوغلى بىلەن دىدارلىشالماسلىقىدىن قورقىدۇ. يەنى ئاخىرقى تىنىقىدىمۇ ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ئەنە شۇ كىشەنلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى لۇسى بەگ تەرىپىدىن «شۇم پېشانە» دەپ ئاتىلىدۇ. شياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەسى فېئودالىق تۈزۈم، فېئودالىق ئەخلاقنىڭ قۇربانى بولغان كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ ئورتاق تەقدىرىدۇر.

3. ھېكايىدە بەخت تىلەش مەنزىرىسىنىڭ تەپسىلىي سۈرەتلىنىشى ۋە ھېكايىگە «بەخت تىلەش» دەپ ماۋزۇ قويۇ-

لۇشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. «بەخت تىلەش» كونا جەمئىيەتتىكى بىر خىل خۇراپىي ئادەت بولۇپ، بۇ ماھىيەت جەھەتتە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىر خىل رەزىل ۋاسىتىسى ئىدى. نەچچە مىڭ يىللىق، فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ئەمگەكچى خەلق فېئودال چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچرىغاچقا، ئۇلارمۇ ئەرۋاھلاردىن «بەخت» تىلەيدىغان بۇ خۇراپاتلىققا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغان.

ئاپتور ھېكايىدە كۆپ قېتىم «بەخت تىلەش» مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ، شياڭلىن ھەدە بىلەن لۇسى بەگ ئائىلىسىنىڭ ئىككى خىل «بەخت تىلەش» جەريانىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ ھېكايىدە نۇقتىلىق ۋە تەپسىلىي ھالدا شياڭلىن ھەدە جان ئۈزگەن ۋاقىتتىكى «بەخت تىلەش» مەنزىرىسى سۈرەتلىنىدۇ. ھېكايە لۇجېندىكى كىشىلەر ئالدىراشلىق بىلەن «بەخت تىلەش» كە تەييارلىق قىلىۋاتقاندىن باشلىنىپ، يەنە شۇ لۇجېن بازىرىدىكى، لۇسى بەگ ئائىلىسىدىكى «بەخت تىلەش» گۈلدۈر - تاراق سادالىرى ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. شياڭلىن ھەدە لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان، «بەخت تىلەش» سادالىرى ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇ ھېكايىدە بەخت تىلەش مەنزىرىسى يەنى شۇ دەۋر-دىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن شياڭلىن ھەدىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلغان. شياڭلىن ھەدىنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىشى، بۇ پاجىئەنىڭ مەنبەسى بولغان چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. ھېكايىگە «بەخت تىلەش» دېگەن ماۋزۇنى قويۇش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ياۋۇز ۋە ھىيلىگەرلىكىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، شياڭلىن ھەدە پاجىئەسىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن؛

زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن بىللە «بەخت تىلەش» پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلىقىغا ئېچىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ خۇراپىي ئىدىيە-لىرىنى تەنقىد قىلغان، «غايىب بەخت» كۆز قارىشىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باشقا بىر يول ئىزدەشكە دەۋەت قىلغان.

4. ھېكايىدە سۇژېتنىڭ راۋاجىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ شياڭلىن ھەدىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ مەزگىلدىكى تاشقى قىياپىتى، بولۇپمۇ كۆزى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ تاشقى قىياپەتتىكى، كۆزىدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرى، ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، پېرسوناژ ئوبرا-زىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

5. ھېكايىدە لۇسى بەگنىڭ كىتابخانىسىدىكى نەرسىلەر تەپسىلىي سۈرەتلىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ فېئودالىق قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ، فېئودالىق ئەخلاقنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسى، سادىق مۇرىتى ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. لۇسى بەگنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەرقانداق يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان، قارىماققا سىلىق-سىپايە، ئەدەبلىك، ماھىيەتتە ھىيلىگەر، رەھىمسىز، مۇتەئەسسىپ، جاھىل، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكى ئېچىپ بېرىلگەن.

6. ھېكايە ۋەقەلىكى چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا ئورۇنلاش-تۇرۇلغان. بۇ ئارقىلىق ئالدى بىلەن شياڭلىن ھەدىنىڭ «بەخت تىلەش» سادالىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى يېزىلىپ، كۈچلۈك سېلىشتۇرما پەيدا قىلغان. ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك كەيپىياتىنى كۈچەيتىپ، كىتابخانلارنى شياڭلىن ھەدىنىڭ

لىكىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن يەپ ئۈچى ھازىرلىغان، ئاندىن كېيىن شىائىلىن ھەدىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

7. «شۇنداق قىلىپ شىائىلىن ھەدىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىسىگە دائىر ئۆزۈم ئائىلىغان ياكى كۆرگەن، ئايرىم ۋەقەلەر ئۇمۇمىي بىر كارتىنا بولۇپ، كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى.» دېگەن بۇ بىر ئابزاس ھېكايىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بىلەن كېيىنكى بۆلىكىنى باغلايدىغان ئۆتكۈنچى ئابزاس بولۇپ، ئاپتور باشتىلا كىتابخانلارغا تەنتەنە ئىچىدە پاجىئەنى، داغدۇغىلىق «بەخت تىلەش» مەنزىرىسى ئىچىدە تراگېدىيىنى يەنى شىائىلىن ھەدىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىپ، ۋەقەلىكىنىڭ بېشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاندىن مانا مۇشۇ ئۆتكۈنچى ئابزاس ئارقىلىق، بۇ پاجىئەنىڭ، تراگېدىيىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشكە ئۆتكەن. دېمەك، بۇ ئۆتكۈنچى ئابزاس ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىگە نىسبەتەن ئالدىنقى بۆلەك بىلەن كېيىنكى بۆلەكنى، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا نىسبەتەن ئالدىنقى مەزمۇن بىلەن كېيىنكى مەزمۇننى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينىغان.

### «نېلۇپەر كۆلى» ھېكايىسى ھەققىدە

«نېلۇپەر كۆلى» ناملىق تېكىستتە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھى قانداق ئىپادىلەنگەن؟ ياش ئەمگەكچى ئاياللار قانداق قىلىپ باتۇر جەڭچىلەر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى؟ ئاخىرقى ئابزاستا نېمىلەر يېزىلغان؟ بۇ ئابزاس نېمىشقا يېزىلغان؟ ئۇنىڭ زۆرۈر-

سۇن لى (1913 —) نىڭ «نىلۇپەر كۆلى» ناملىق بۇ ھېكايىسى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ھېكايىدە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھى — ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتتىن كوللېكتىپ مەنپە-ئەتنى ئۈستۈن بىلىدىغان، بىر ئائىلىنىڭ بەخت - سائادىتى بىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ بەخت - سائادىتىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، كۈرەشكە ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، ئەپچىللىك، ھوشيارلىق بىلەن جەڭ قىلىدىغان ۋەقەلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ياش ئەمگەكچى ئاياللار ئەسلىدە ئاددىي ئائىلە ئاياللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ باتۇر جەڭچىلەر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىكى سەۋەب: بىر تەرەپتىن ئۆز ئائىلىلىرىدىن يېتىشىپ چىققان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇقى ئۇلارغا ئىلھام بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي شارائىت شۇنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار كۈرەش جەريانىدا چېنىقتى شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باتۇر جەڭچىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ھېكايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا ئەسلىدىكى ئائىلە ئاياللىرىنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلالايدىغان قەھرىمان جەڭچىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئابزاستا ئاپتور تولىمۇ ئىخچام قىلىپ قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى جەڭ قىلىشقىمۇ ماھىر خاراكتېرىنى، ھەقىقىي جەڭچىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ ئابزاسنى يازغان. ئەگەر بۇ

تولۇق ئېچىپ بېرىلمىگەن، ھېكايىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىمۇ تولۇق گەۋدىلەنمىگەن بولاتتى.

«كىشىلەر» ھېكايىسى ھەققىدە

«كىشىلەر» ھېكايىسىدە قانداق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟ ھېكايە تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق پېرسوناژلار كىملەر؟ بۇلار قانداق كىشىلەرنىڭ تىپلىرى؟

قاھار جېلىل (1943 — 1994) نىڭ «كىشىلەر» (1983) ناملىق بۇ ھېكايىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 1 ـ ، 3 ـ شەخس تىلىدا، چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ھېكايىدە ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئىنتايىن «سول» لۇشيەنىنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى، جۇملىدىن كىشىلەرنىڭ نورمال مۇناسىۋىتىگە، تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنغانلىقى، ئاشۇ مالىمانچىلىق يىللاردا سولچىل خاھىشقا ئىگە. ئىككى يۈزلىمىچى ئادەملەرنىڭ بۇ تەتۈر قۇيۇندا باش كۆتۈرۈپ ياخشى نىيەتلىك، ساپ دىل، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىنغانلىقى، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغانلىقى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىپ، «سول» لۇشيەنگە خاتىمە بېرىلىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ئەسلىگە كەلگەنلىكى، ئەينى يىللاردا ئۇۋال قىلىنغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەلنى يېتەكلەپ ئورتاق بېيىش يولىدا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىق

نىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، كىشىلەرنىڭ نورمال مۇناسىۋىتىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى پاش قىلىنغان. «سول» لۇشيەنىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىنكى يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەر، نورمال مۇناسىۋەت، تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى مەدھىيىلەنگەن. كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى، پەزىلىتى يىللار داۋامىدا يېتىلدۈ-غانلىقى، ھالقىلىق پەيتلەردە سىنىلىدىغانلىقى، ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق پېرسوناژلار رېھىم ئاكا، يۇنۇستىن ئىبارەت.

رېھىم ئاكا — ئەمگەكچان، ئەپچان، ئېغىر - بېسىق. ھەر-قانداق مەسىلىگە ئەتراپلىق قارايدىغان، ئۇۋالچىلىققا يولۇققاندا ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدىغان. «سول» لۇشيەنىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن ئامىنى يېتەكلەپ ھالال مېھنەت بىلەن بېيىش يولىدا تەر ئاققۇزۇۋاتقان پەزىلەتلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىپى.

يۇنۇس — پەزىلەتسىز، ئىككى يۈزلىمىچى، شامالنىڭ رايىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ تىپى.

### «كەپىدە» باللادىسى ھەققىدە

«كەپىدە» باللادىسىدا قانداق ۋەقە تەسۋىرلەنگەن؟ قانداق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟ باللادىدا يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ بۇنىڭ قانداق رولى بار؟ دېھقاننىڭ كەسپى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ بۇنىڭ رولىچۇ؟

رەخىم قاسىم (1936 —) نىڭ «كەپىدە» ناملىق بۇ

تۇردە، شەكىل جەھەتتىن بارماق ۋەزنىنىڭ مۇرەببە (ئاخىرىدىكى بىرنەچچە مىسرانى ھېسابقا ئالمىغاندا) شېئىر شەكلىدە، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئەسەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جىددىي خىزمەت ئارىلىقىدىكى قىسقىغىنا دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئىگىلەش، ئۇلار بىلەن سىردىشىش، ئۇلارنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولۇش يۈزىسىدىن نامرات دېھقان كەپىسىگە بارغانلىقى، بۇ جەر-يانىدىكى پائالىيىتى، سۆھبىتى ئاساسىي ۋەقە قىلىنىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولغان، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن، گۈزەل كېلەچەك يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بۇ زاتنىڭ ئانا قۇچىقىغا تەشنا بولۇپ تۇرغان بوۋاقىقا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقى، بۇ بوۋاقىقا ۋە دېھقان ئايالغا قىلغان ياردىمى. دېھقان ئايال بىلەن ئۆتكۈزگەن كەلگۈسىدىكى بەختلىك چاغلار، گۈزەل كېلەچەك ھەققىدىكى سۆھبىتى، تەسەۋۋۇرلىرى، بۈگۈنكى بەختىيار كۈندە بۇ زاتنىڭ نامى ئەل ئىچىدە يادلىنىۋاتقانلىقى مەزمۇن قىلىنغان.

شېئىردا يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى — كۆيدۈرگۈچ ھارارەتنىڭ تەسىرىدە بارلىق جانىۋارلار سالقىنلىق ئىزدەپ ئاللىقاياقلارغا مۆكۈشكەن، ئاشۇ كۆيدۈرگۈچ ھارارەتنىڭ تەپتىدە ئېكىنزارلار ئۈستىدە ئاشۇ جىمىرلاپ تۇرغان، يەر - زېمىن قىزىپ كەتكەن ھارارەت (مۇھىت) ئىچىدە ئەسەر قەھرىمانى مەيدانغا چىقىدۇ. بۇنداق يېزىش ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پەزىلىتى، ئوبرازى تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

مۇڭ يىغىپ تۇرغان، تورۇستىن شۇرقىراپ توپا قۇيۇلۇۋاتقان، پاخاللار ساڭگىلاپ تۇرغان، تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق بىسات يوق ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى زۇلۇم - كۈلپەتلىرى، غۇربەتچىلىك تۇرمۇشىغا مانا مۇشۇ ئۆيى دەپ ئاتالغان كەپە شاھىت ھەم سىمۋول قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن.

## «ۋەتەن قەسىدىسى» شېئىرى ھەققىدە

«ۋەتەن قەسىدىسى» شېئىرىدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟ ئۇنىڭ رولىچۇ؟

ئارسلان (1944 — 1996) نىڭ «ۋەتەن قەسىدىسى» ناملىق بۇ شېئىرى خاراكتېر جەھەتتىن لىرىك شېئىرلارنىڭ قەسىدە تۈرىدە، شەكىل جەھەتتىن غەزەل شەكلىدە، ۋەزىن جەھەتتىن ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەزەج مۇسەممەن سالىم ۋەزنى تۈرىدە يېزىلغان.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئوبرازلىق شېئىرىي تىل، تولۇپ - تاشقان ھېسسىياتى ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

شېئىردا ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، سىمۋول، جانلاندۇرۇش، تەكرارلاش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ، ئوي - پىكىر رەڭدار، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

# تولۇق ئوتتۇرا ئىككىنچى يىللىق 3 - قىسىم ئەدەبىيات كىتابىنى

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە

1. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشقان مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۆھپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ 2. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى قانچىنچى ئەسىردە باشلانغان؟ رەسمىي يېزىق قاچان شەكىللەنگەن؟ 3. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى كىملەر؟ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەر قايسىلار؟ 4. كلاسسىك ئەسەرلەردە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 5. كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىي مىراسلارنى ئۆگىنىشنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى نېمە؟ ئۇنى قانداق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئۆگىنىش لازىم؟

1. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو ئاسىيادىكى 5000 يىللىق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، قەھرىمان، باتۇر ۋە پەم - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ئېلىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى باي، مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان

ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ بىناكارلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئاجايىپ يادىكارلىقلىرىنى، يېقىملىق خەلق ناخشىلىرىنى، يۈكسەك بەدىئىيلىككە ۋە نەسىرگە ئىگە بولغان مۇقاماللارنى، تەسۋىرى سەنئەت جەھەتتىمۇ تەڭداشسىز ئاجايىپ گۈزەل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى ۋە بۇ زور تۆھپىلىرى بىلەن جۇڭگو ۋە جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە غايەت زور ھەسسە قوشۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇرغۇنلىغان بۈيۈك مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇردى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىزنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە ئىجادكار ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان ئاشۇ چەكسىز مول، پارلاق مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە چوڭ ھەم مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

2. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى IV، V ئەسىرلەردىن بۇرۇن يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېزىق شەكلىنىڭ ساقلانمىغانلىقى تۈپەيلىدىن بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىزگە مەلۇم بولغانلىرى پەقەت يېزىق شەكلى ساقلاپ قېلىنغانلىرىدىن بۇيانقى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېپىلغان تارىخى يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردا مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا رەسمى يېزىق شەكىللەنگەن. بۇ پىكىرنى جۇڭگو سەيياھلىرىدىن شۈەن جۈاڭ (بۇددىسىچە ئىسمى سامىتىۋ ئاچارى)، رۇس ئالىمى ئاكادېمىك رادلوف، بارتولىد، پروفېسسور مالوپ، ئىلمانىسكى، ۋېنگرىيە ئالىمى ژورژىف تورى قاتارلىقلار

ئەدەبىياتىنى مىلاددىن خېلىلا ئىلگىرى باشلانغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

3. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق تۈركەشلەپ ئاققان ئۈزۈلمەس تارىخىي ئېقىمى جەريانىدا سانسىزلىغان ئۇلۇغ يازغۇچىلار، شائىرلار، مۇتەپەككۇر ئالىم - ئۆلىمالار كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاجايىپ كۆز قاماشتۇرغۇچى پارلاق يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلۇغ ئەدىب، مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ، سىياسەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى، ئەدىب ئەھمەد يىنىنى مەھمۇد يۈكنەكى، يۈسۈپ سەككاكى، مەۋلانى لۇتفى، ئەلشىر نەۋائى، ئامانىسا، خىرقىتى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، نۆبىتى، گۇمنام، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا شاكىر، ناقىس، موللا بىلال، سېيىت مۇھەممەت، موللا مۇسا سايرامى، تەجەللى... قاتارلىق ئالىم - ئەدىبلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا مەنسۇپ بولۇپ، پەقەت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىلا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ قالماستىن، بەلكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا ۋە مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. ھەتتا بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ئىنتايىن زور ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ئۇلۇغ ئەدىب، تىلشۇناس ۋە ئالىملاردۇر. تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان «ئوغۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «خەمسە» (نەۋائىنىڭ)، «چاھاردىۋان»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «زەپەرنامە»، «غازات

ئۇزرا»، «تارىخىي رەشىدى»، «تارىخىي ئەمنىيە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ئۇسپتىخارى بولۇپ، ئۇلار تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

4. بىزنىڭ باي، رەڭدار، كۆركەم ۋە ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، قەھرىمانلىقى، ئۇمىدۋارلىقى ۋە ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكىدەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى؛ ۋەتەننى سۆيۈپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرغانلىقى، زۇلۇمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرغانلىقى؛ ئازادلىققا، باراۋەرلىك، ھۆرلۈككە، ئەركىن ھاياتقا تەلپۈنۈپ كەلگەنلىكىدەك ئۇلۇغۋار روھى ئوبرازلىق، جانلىق، گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىستىبدات كونا دەۋرلەرنىڭ چىرىكلىكى، زۇلمەتلىكلىكى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ زالىملىقى، ياۋۇزلۇقى، ئاچكۆز، تەييارتاپلىقى ئېچىپ تاشلانغان ۋە كۈچلۈك پاش قىلىنغان. قىسقىسى، بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلاردا خەلقىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، باتۇرانە كۈرەشلىرى، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈل خەلق ئىكەنلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتلىرى بىلەن تولغان گۈزەل ئىچكى دۇنياسى ئىپادىلەنگەن.

5. بۇ ئەدەبىي مىراسلارنى ئۆگىنىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇكى، قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان بۇ ئېسىل مەدەنىي مىراسلار بىزگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋاللاردىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلىم - پەن، مائارىپ

خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخي تەرەققىيات جەريانلىرىدا تىل - ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتە قانچىلىك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارىدىكى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان بىر خەلق سۈپىتىدە كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو ئەدەبىيات خەزىنىسىگە تارىختىن بۇيان غايەت زور، ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ئەدەبىي مىراسلارنى ئۆگىنىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى: ① مىللىي ئىپتىخارىمىزنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كۆرەشچانلىق روھىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزدە، بۈگۈنكى بەختلىك ھاياتىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ روشەن تونۇپ، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلىش، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىرادىمىزنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ② كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى، شەكىللىرى، قۇرۇلمىسى، بەدىئىيلىكى ھەققىدىكى ماھارەتلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك ۋە ئەينەك قىلىپ، يېزىقچىلىق قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈش، مول تارىخىي، پەننىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇش، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، ئىجادىي ماھارىتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈپ، مەدەنىي ھاياتىمىزنى بېيىتىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئىبارەت مەدەنىي مىراسلارنى ئۆگىنىشتە: بۇ ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ئېسىل روھىي ماھىيىتىنى ۋە يۈكسەك بەدىئىيلىكىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، بۇ مىراسلارنىڭ شۇ دەۋر شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بەزىبىر ئىدىيىۋى نۇقسانلاردىنمۇ خالىي ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، ئۇنى ماركسىزم -

ئىرۇۋېتىپ مېغىزىنى، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش، پايدىلىق، ئېسىل تەرەپلىرىنى شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈر.

## ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقلىرى ھەققىدە

1. قەدىمكى ئۇيغۇرلار قانداق ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن؟ قايسى جايلار ۋە زېمىنلاردا ياشىغان؟ قانداق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان؟ 2. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز قانداق مەنىلەرگە ئىگە؟ ئۇيغۇر خانلىقلىرى قايسى قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان؟ ئىچكى توققۇز قەبىلە ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە قايسىلار؟ 3. ئۇيغۇر تىلى قايسى تىل تۈركۈمىگە تەۋە؟ ئۇ قايسى تىل تارمىقىغا كىرىدۇ؟ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى، لۇغەت تەركىبى، تىل قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى سۆزلەڭ. 4. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا قانداق يېزىقلارنى ئىشلەتكەن؟ ئۇلار قايسىلار؟ 5. تۈرك ـ رونىك يېزىقى قانداق يېزىق؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان؟ بۇ يېزىق نەچچە ھەرپتىن تەركىب تاپقان؟ ئۇ قانداق يېزىلىدۇ؟ 6. ئۇيغۇرلار قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىغا قاچان كۆچتى؟ بۇ يېزىق قايسى يېزىق ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن؟ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟ بۇ يېزىق قاچانغىچە قوللىنىلغان؟ بۇ يېزىقتا يېزىلغان قانداق ئەدەبىي مىراسلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن؟ 7. ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاچان قوللىنىلدى؟ ئۇ قانداق تەرەققىيات يوللىرىنى بېسىپ ئۆتتى؟

1. ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىۋى ئورنىغا قاراپ، شەرق ئۇيغۇرلىرى ۋە غەرب ئۇيغۇرلىرى دەپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنەتتى. شەرق ئۇيغۇرلىرى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى يەنى ھازىرقى تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە ياشايتتى. غەرب ئۇيغۇرلىرى بولسا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، دۇڭخۇاڭ (دەشت ئاتا)، چىلەندىن تاغلىرى ۋە گەنسۇ (كەڭسۇ) ئەتراپىدا ياشايتتى. دېمەك، ئۇيغۇرلار مانا شۇنداق كەڭ زېمىنغا تارقالغان ۋە شۇنداق كەڭ زېمىندا ياشاپ كەلگەن. مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار «ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر» لاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر» خەلقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى (قەبىلىلىرى) ھېسابلىنىدۇ.

2. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئەسلىدە «ئۇيۇشماق»، «ياردەملەشمەك»، «ئىتتىپاق قىلماق» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر خانلىقلىرى يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى) (647 — 840 - يىللار)، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1250)، قاراخانىلار خانلىقى (870 — 1213) ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىغا كىرگەن ئىچكى توققۇز قەبىلە ۋە تاشقى توققۇز قەبىلىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى توققۇز قەبىلە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئاساسلىق قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمىسى ئىدى.

دېمەك، ئىچكى توققۇز قەبىلە (ياغلاقار، ئوتۇرقار، تۆر-

بىلەن تاشقى توققۇز قەبىلە (ئۇيغۇر، ئۇپۇغۇر، غون، بايىرقۇ، توڭرا، ئۆزگىل، قىپچاق، باسمىل، قارلۇق) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسلىق تەركىبلىرى ھېسابلىنىدۇ.

3. ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار، يۇغۇر، سالا، تۈركمەن، تۈرك، ئەزەربەيجان، باشقىرت قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە تىل بىلەن بىللە شەرقىي تۈرك تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تىل بولۇپ، بۇ تىل ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىن بىرى تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىپ بېرىپ كەلدى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تىللىڭ فونېتىكا سىستېمىسى، لۇغەت تەركىبى ھەم گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆپلىگەن ئۆزگى-رىش (يېڭىلىنىش، تولۇقلىنىش، ئىلمىيلىشىش) بارلىققا كەل-گەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ ساقلىنىپ كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ئەسىرلەر-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى، ئۇقۇملارنى بىمالال ئىپادىلەي-دىغان نەپىس، باي تىلغا ئايلىنىپ، تۈركىي تىللار ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن تىل بولۇپ شەكىللەندى. جۇملىدىن دۇنيادىكى لۇغەت تەركىبى بىر-قەدەر باي تىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىلادىيە VII ئەسىردىن باشلاپ ھەممە تۈركىي قەبىلىلىرى چۈ-شىنىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىلغا ئايلانغانلىقى ۋە XIV ئە-سىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر-نىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى،

قەدەر «چاغاتاي تىلى» (قەشقەرىيە تىلى) دېگەن نام بىلەن شەرقىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىدا ئىجاد قىلغان ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى ئۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق ئاساسلىق يېزىقلارنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توخار يېزىقى، تىبەت يېزىقى، سانسكرىت (ھىندى) يېزىقى، مانى يېزىقى... قاتارلىق يېزىقلارنىمۇ مەلۇم دائىرىدە ئىشلەتكەن.

5. تۈرك - رونىك يېزىقى تاۋۇش ئامىلى بىلەن بوغۇم ئارىلىشىپ كەلگەن يېزىق بولۇپ، بۇ يېزىق تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئىجاد قىلىنىپ، تۈرك خەلقلىرى تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى سەۋەبىدىن تۈرك يېزىقى دەپ ئاتالغان. ئۇ شەكىل جەھەتتىن نېمىسلار قوللانغان رونىك يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دۇنيادىكى تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار كېيىنچە بۇ يېزىقنى «تۈرك - رونىك يېزىقى» دەپ ئاتىغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار — «مەڭگۈ تاش» تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدىن ۋە سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يېزىق تۆت سوزۇق تاۋۇش، 36 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىدىن، جەمئىي 40 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوڭدىن - سولغا قاراپ يېزىلىدۇ. بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار 840 - يىلى غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە قوللانغان. بۇ يېزىقتا

نى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تىل ـ يېزىقى ۋە ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا غايەت زور قىممەتكە ئىگە. «مەڭگۈ تاش» لارغا ئويۇپ قالدۇرۇلغان تېكىستلەر ۋە باشقا مەدەنىي يادىكارلىقلار مانا شۇ «تۈرك ـ رونىك يېزىقى» بىلەن يېزىلغان.

6. ئۇيغۇر خەلقى IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كۆچتى ۋە ئۇنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ يېزىق سوغدى يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇش بىلەن بىللە باش، ئوتتۇرا، ئاياغ ھەرپلەرگە بۆلۈنۈش خۇسۇسىيىتى بىلەن قوللىنىشقا ئەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرك ـ رونىك يېزىقىغا نىسبەتەن بىرقەدەر ئىلمىيلىككە ئىگە ئىدى. شۇ دەۋردىكى ھەر ـ قايسى جايلار تىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى سەۋەبىدىن بۇ يېزىقتا 18 دىن 22 گىچە ھەرپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەش ھەرپ قوللىنىلاتتى. خەت بولسا سولدىن ئوڭغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا يېزىلاتتى.

بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قوللىنىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ئىسلامىيەت كەڭ تارقالغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىرگىچە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئورتاق ئىشلەتكەن بىردىنبىر يېزىق بولۇپ خىزمەت قىلدى ھەمدە كېيىن قوبۇل قىلغان ئەرەب يېزىقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە قوللانغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى «چاغاتاي» يېزىقى بىلەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە، بىرلىكتە ئىشلىتىلىپ كېلىندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بۇ يېزىق-

خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بۇ تەرەققىيات بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقى بۇ يېزىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپلا قالماي، بەلكى «قۇتادغۇبىلىك» (1439 - يىلى كۆچۈرۈلگەن ھىرات ياكى ۋېنا نۇسخىسى)، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (1444 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «A» نۇسخا ۋە 1480 - يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇقۇر بىرگە كۆچۈرۈلگەن «B» نۇسخا)، «بەختىيارنامە» (1432 - يىلى)، «تەزكىرەئىي ئەۋلىيا» (1436 - يىلى)، «مىراجنامە» (1439 - يىلى)، «ئالتۇن يارۇغ»، «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «سامىتسۇ ئاچارنىڭ تەرجىمىھالى» («شۈەن جۇاڭ تەزكىرىسى»)، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «ئوغۇزنامە»، «ئىدىقۇت تېكىستلىرى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى مۇشۇ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇردى. بۇ يېزىق ئارقىلىق يېزىلغان يادىكارلىقلارنىڭ پەقەت گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقانلىرىنىڭ سانىلا 8000 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ مىراسلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، يېزىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

7. ئەرەب يېزىقىنى ئۇيغۇرلار X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن قوبۇل قىلغان. بۇ يېزىق قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەدرىجىي ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ئەرەب يېزىقى X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پۈتكۈل قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلاپ، XV ئەسىرگە

ئىشلىتىلگەن بىردىنبىر يېزىق بولۇپ قالدى. دەسلەپتە بۇ يېزىق ئەرەب يېزىقى بويىچە ئەينەن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، XII ئەسىرگىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز قوللىنىلغانىدى. XII ئەسىرگە كەلگەندە بۇ يېزىق بىرئاز ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى ئەرەب يېزىقىغا خاس بولغان شەرتلىك بەلگىلەر ئېلىپ تاشلاندى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ماسلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەرەب تىلىدا بولمىغان «چ، پ، گ، ژ» قاتارلىق تۆت ھەرپ پارس يېزىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ XIII ئەسىردىن كېيىن «چاغاتاي يېزىقى» نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپتى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقىغا ئايلانغان بۇ يېزىق تاكى XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى يېزىق ئىسلاھاتىغا قەدەر ئەينەن قوللىنىلىپ كېلىندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغىنىغا 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. مانا شۇ جەرياندا بۇ يېزىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە تەدرىجىي ھالدا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تىلىنى خاتىرىلەش ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ئالىملىرى، ئەدىبلىرى، شائىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىپ، بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

## ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە

1. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ قايسى جايلاردا ياشىغان؟ بەزى قەبىلىلەر كېيىن قانداق بىرلەشكەن ۋە قانداق خانلىقلارنى قۇرغان؟ بەزىلىرى قانداق سىڭىشىپ كەتكەن؟ 2. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى، يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى نېمە؟ ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى نېمىدىن ئىبارەت؟

1. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى شەرقتە تاشقى موڭغۇلىيىدىن غەربتە بالقاش كۆلىگىچە، شىمالدا ئېرتىش دەريا بويلىرىدىن جەنۇبتا ھىندىستانغىچە بولغان مۇشۇ كەڭ زېمىندا قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىغان بولۇپ، شىمالىي جۇڭغار ۋادىسى، ئېرتىش دەريا بويلىرى، ئالتاي تاغ ئېتەكلىرى، بالقاش كۆلى ئەتراپى، گەنسۇ (كەڭسۇ) قاتارلىق زېمىنلار قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۆپ ئانا ماكانى ئىدى. ئۇلار مەركەزلىشىپ كەتكەن ھالدا بىر قىسمى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، بىر قىسمى بالقاش كۆلى ۋە يەتتەسۇ رايونىغا (قازاقىستاندا)، يەنە بىر قىسمى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا ماكانلاشقان.

ئورخۇن — سېلىنگا دەريالىرى ۋادىسىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار رايونىدا مىلادىيە IX ئەسىرگە كەلگەندە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىدۇ ھەم ۋابا كېسىلى تارقىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئىچىدىكى خانلىق ۋە مەنسەپ تالىشىش كۈرىشىدە مەغلۇپ بولغان ئەسكەر باشلىقى غۇيلۇ مۇخە (ئۇيغۇر) ياغلىكارخان باشچىلىقىدىكى قەدىمكى قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قارا بالغاسۇننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇر

خانلىقى مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچىدۇ. بىر قىسمى گەنسۇغا كېلىپ شىلاڭ خانلىقى (گەنجۇ ئۇيغۇرخانلىقى) نى قۇرىدۇ. ئىككىنچى بىر قىسمى تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئەزەلدىن تارتىپ بۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ ئىدىقۇت شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا قاراغۇجا خانلىقىنى قۇرىدۇ. ئۈچىنچى بىر قىسمى يەتتەسۇ ئارقىلىق پامىرنىڭ غەربىگە (قەشقەرگە) كېلىپ بۇ جايدىكى ياغما، مەركىت، چىگىل قاتارلىق قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىلار خانلىقىنى قۇرىدۇ. موڭغۇلىيەدىن سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن يەتتەسۇ قارلۇق سىياسىي ئىتتىپاقىغا سىڭىپ كېتىدۇ. لېكىن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماي ساقلاپ كەلگەن. نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئېغىر قانلىق ئېلىشىش، كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئېزىلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مىللىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەچكە ھازىرقى ۋاقىتتا يەنىلا شىنجاڭدىكى ئەڭ كۆپ سانلىق مىللەت سۈپىتىدە تارىختا يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ، مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن شىنجاڭ خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

شانلىق مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ياراتقان. ئۇلار باي مەزمۇن-
لۇق ۋە كۆركەم شەكىللىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يارىتىپلا
قالماستىن، بەلكى تىل - ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ باشقا
شەكىللىرىدىمۇ ناھايىتى يۇقىرى تەرەققىياتقا ئىگە بولغانىدى.
شېئىرىيەت، ھېكايىچىلىق، ئۇسسۇل - مۇزىكا ۋە رەسساملىق
مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىپ، ئاسىيا
ۋە جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشۇش
بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەن مەشھۇر يازما ئەدەبىياتى-
نىمۇ ياراتقان. ئەنە شۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ مۇھىم بىر
نامايەندىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدۇر.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى — ناھايىتى ئۇزۇن تارىخ-
قا ئىگە ئەڭ باي، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەدەبى-
يات ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن
ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ ئەدەبىي مىراسلار بىزگە ئۇيغۇر
خەلقى باشتىن كەچۈرگەن ھەربىر دەۋردىكى ئىجتىمائىي،
تارىخىي ئەھۋاللاردىن يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنوگراپى-
يىسى، تۇرمۇش شەكلى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى،
قائىدە - يوسۇنلىرى، كۈرەشلىرى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە
تىل - يېزىق تەرەققىياتى، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ
سەۋىيىسىنىڭ تەرەققىياتى... قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
ۋە بۇلاردىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ مىللەتلىك
جۇڭگو ئەدەبىيات خەزىنىسىگە تارىختىن بۇيان غايەت زور،
ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز بۇ مول
ئەدەبىي بايلىقلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، قەدىمكىنى ھازىر
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۈنىلىشى بويىچە، ئۇنىڭدىن ئۈبدان

تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك ئۆتكەنكى ئەجدادلارنىڭ جاپالىق ئۆگىنىپ خەلق ئۈچۈن مول مىللىي مەدەنىيەت بايلىقىنى تۆھپە قىلىپ قالدۇرغان يۈكسەك ئىجادكارلىق روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، بۈگۈنكى ئازاد دەۋرىمىزدە تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز ۋە يېڭى - يېڭى ئىجادىيەتلەرنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز زۆرۈر. مانا بۇ كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتىدۇر.

## «مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدە

1. «مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دېگەن نېمە؟ ئۇنى نېمە ئۈچۈن مۇھىم ھۆججەت دەيمىز؟ 2. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ تارىخىنى چۈشەندۈرۈڭ. 3. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» قاچان ئورنىتىلغان؟ قاچان، قەيەردىن تېپىلغان؟ قانچە قۇر خەت بار؟ بىلگە تۇنيۇقۇق كىم؟ «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا (جۈملىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچىدا) قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى نېمە؟ ئۇ قانداق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ 4. «مەڭگۈ تاش» لار قانداق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرى كۆك تۈرك خانلىقى (VII ئەسىر)غا ئائىت بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئورخۇن - يېنسەي يادىكارلىقلىرى

دەپ نام ئالغان قەبرە تاشلىرىغا يېزىلغان تېكىستلەردىن ئىبارەت. بۇلارنى بىز «مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دەپ ئاتايمىز.

«مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى قەدىمكى ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئىچىدە «مەڭگۈ تاش» خاتىرىلىرى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى جەھەتتىنلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى مەشھۇر ھۆججەت سۈپىتىدىمۇ مەشھۇردۇر. چۈنكى كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قاغانلارنىڭ نەمەبنامىسى بولغان بۇ «مەڭگۈ تاش» يادىكارلىقلىرى قاغانلارنىڭ ئۆزىگە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى، قەبىلىلەر ئارا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئېتنولوگىيىسى، دىنىي ئېتىقادلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇ جايدىكى قەبىلەرنىڭ ناملىرى، ياشىغان ئورۇنلىرى، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە بىزنى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا بۇ «مەڭگۈ تاشلار» شۇ دەۋر تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى سۈپىتىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ «مەڭگۈ تاشلار»دىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى تارىخىمىزدىكى كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان «ئۇيغۇر قۇتلۇق بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» («مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى») قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» 1889 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى

«خوخوں سايدام مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېكىستلىرى كۆلتېگىن ھەم بىلگە قاغاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ. «مەڭگۈ تاشلار»غا ئورخۇن يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى بىلەن يېزىلغان خاتىرىلەر ئويۇپ قالدۇرۇلغان. كۆك مەرمەردىن ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» 731 - يىلى دۇنيادىن ئۆتكەن قەھرىمان كۆلتېگىن نامىغا 732 - يىلى ئورنىتىلغان. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» بولسا 734 - يىلى دۇنيادىن ئۆتكەن ھۆكۈمدار بىلگە قاغان نامىغا 735 - يىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ تاشلار 1300 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە.

3. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يادىكارلىقلاردىن بىرى. ئۇ مىلادىيە 712 — 716 - يىللىرى ئارىلىقدا تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۆزى تەرىپىدىن مەرمەر تاشقا ئويۇپ تەييارلانغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن ئىككى پارچە چوڭ مەرمەر تاشقا 62 قۇر خەت قىلىپ ئويۇپ يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش بىلگە تونيۇقۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش 1897 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىنچوكتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. شۇڭا ئۇ «بايىنچوكتۇ مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بىلگە تونيۇقۇق كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئىلتەرىش خاقان، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك بىلگە خاقان قاتارلىقلارغا باش مەسلىھەتچى بولغان.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئىلتەرىش خاقان، قاپاغان خاقان ۋە بىلگە خاقان قاتارلىقلار

رۇش، تىنچلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش يولىدا ياراتقان تۆھپىلە-
رى نازۇك بىر شائىرانە تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار
پارچىلىنىپ كەتكەن ئۇششاق قەبىلىلەرنى قۇدرەتلىك كۈچ
ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك
فېئودالىق دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرگەن. «تونيۇ-
قۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى —
بۇ خىل ئىدىيە ئۆز دەۋرىنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى يارقىن ئەكس
ئەتتۈرگەن. بۇنداق ئىنتىلىش ئاساسىدا كۆك تۈرك خانلىقى ۋە
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلى-
رىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنى گۈللەندۈ-
رۇشتە ئىلغار رول ئوينىغان. بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئالغاندا
«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن
جانلىق دىئالوگ ئاساسىي ۋاسىتە قىلىنغان، ئۇنىڭ مۇقەددىمە،
خاتىمە قىسمى نەزمىي يول بىلەن يېزىلغان. جۈملىلىرى قىسقا،
تەسۋىرلىرى ساددا، مەنىسى ئېنىق، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل،
ھەربىر سۆز - جۈملىلىرىدە كۈچلۈك پەلسەپىۋى پىكىر ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان.

4. «مەڭگۈ تاش» لار تۈۋەندىكىدەك بەدىئىي ئالاھىدىلىك-
لەرگە ئىگە:

«مەڭگۈ تاش» لار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلى-
رىنى تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ
بەدىئىيلىكى ۋە تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.
① تىل جەھەتتىن ئالغاندا: «مەڭگۈ تاش» يادىكارلىقلىرىنىڭ
جۈملىلىرى قىسقا ۋە ئېنىق، تەسۋىرلىرى ساددا ۋە كۈچلۈك
بولۇپ، ئارتۇقچە جۈملىلەردىن خالىيلىقى، سۆزلەرنىڭ ئاھاڭدار-
لىقى، جۈملىلەرنىڭ قاپىيىداش پېئىللار بىلەن تەمىن ئېتىلگەن-
لىكى بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىيات بەخش

«مەڭگۈ تاش» تېكستلىرىدە قوللىنىلغان كىنايە، ئىستىئارە ھەم گۈزەل ئوخشىتىشلار، شۇنداقلا ماقال - تەمسىللەر بۇ «مەڭگۈ تاشلار»نى قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئالاھىدە تەسىرچى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.
③ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلما (كومپوزىتسىيە) جەھەتتە: بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ئېنىق ۋە ئوبرازلىق بولۇشى نەرسە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا چۈشەنچىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى باياندا مۇنداق تەسۋىر بېرىلگەن: «جەمئىي 25 قېتىم يۈرۈش قىلىپ، 13 قېتىم جەڭ قىلدۇق. قاغانلىقى بارلارنى قاغانلىقتىن، قاغانى بارلارنى قاغاندىن مەھرۇم قىلىپ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ، بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپ بويسۇندۇردۇق.»

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، تېكستلىرىنىڭ تەسىرلىكلىكى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر. بۇنى كۆلتېگىن ۋاپات بولغاندا بىلگە قاغاننىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز:

«ئىنىم كۆلتېگىن ئۆلدى، مەن ئىنتايىن قايغۇرماقتىمەن. كۆزلىرىم گويا كۆرمەس بولۇپ قالدى، ئەقىل - پاراسىتىم قاشاڭلاشتى. كۆزۈمدىن ئاققان يېشىمنى سەۋر قىلىپ توختىتىۋالدىم. قايغۇ - ھەسرەتلىك كەيپىياتىمنى بېسىۋالدىم... ئىنىلىرىم، غىلانلىرىم، بەگلىرىم، خەلقىم تولا يىغلاپ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن.»

بۇنىڭ ئەكسىچە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا جانلىق دىئالوگ ۋاستە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمى نەزىم بىلەن يېزىلغان، بۇ - ئۇنىڭ

تاش» تېكىستلىرىگە بەزىبىر ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

قىسقىسى، بۇ «مەڭگۇ تاش» تېكىستلىرىنى كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىنىڭ بىرىنچى تۈركىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى دەپ باھالاشقا، ئۇنى يازغۇچى شەخسلەرنى بولسا ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى دەپ باھالاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

«مەڭگۇ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى (ئەدەبىياتى) —نىڭ خاراكتېرى: بىئوگرافىيە (تەزكىرە - تەرجىمەھال) ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت.

## «تىيانشان مەنزىرىلىرى» ناملىق نەسر ھەققىدە

1. «تىيانشان مەنزىرىلىرى» ناملىق نەسر قانداق تۈزۈلگەن؟ «كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يايلاقلار» دېگەن بۆلەكنى مىسال ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى تەسۋىرلەش تەرتىپىنى تەھلىل قىلىڭ.

2. بۇ نەسرنىڭ ھەربىر بۆلىكىدە مەنزىرىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قانداق ئالاھىدىلىكلىرى يېزىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

3. مەنزىرە بىلەن لىرىك ھېسسىيات قانداق گىرەلەشتۈرۈلگەن؟

بى يې (1916 — ) نىڭ «تىيانشان مەنزىرىلىرى» ناملىق بۇ نەسرى 1 -، 3 - شەخس تىلىدا، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

1. مەنزىرە تەسۋىرىنى ئاساس قىلغان بۇ نەسردە تەسۋىرلىنىدىغان مەزمۇنلار كۆپ بولغاچقا، بىر پۈتۈن نەسر تاغنىڭ سىرتىدىن ئىچكىرىسىگە، تۆۋەندىن يۇقىرىسىغا قاراپ تەسۋىرلەنگەن. مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا تۆت بۆلەككە

بۆلۈنۈپ ھەربىر بۆلەك يەنە مەنزىرىلەرنىڭ تەرتىپى، ئالاھىدىلىكى، كۆرۈش سەزگۈسى بويىچە تەسۋىرلىنىپ، كومپوزىتسىيە تولىمۇ ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، تىيانشان (تەڭرىتاغ) دىن ئىبارەت بۇ غايەت زور تاغنىڭ «مەن» ۋە «سىز» نىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان رەڭدار مەنزىرىلىرى تەرتىپ بويىچە ئېنىق سۈرەتلەنگەن. مەسىلەن، «كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يايلاقلار» دېگەن بۆلەكنىڭ تەسۋىرلەش تەرتىپىنى مىسال ئېلىپ كۆرەيلى. بۇ بۆلەك سەككىز تەبىئىي ئابزاستىن تەشكىل قىلىنغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سەككىز خىل مەنزىرە ۋە شەيئىلەر يېزىلغان. بۇلار: ① ئوتلاق قىياپىتى؛ ② چارۋىچىلار؛ ③ گۈزەل چارۋىچى ئاياللار؛ ④ بۇلۇتلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يامغۇردىن كېيىنكى مەنزىرە؛ ⑤ ئوتلاقنىڭ گۈگۈم پەيتى؛ ⑥ قازاق چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن مېھماندوستلۇقى؛ ⑦ كېچىدىكى «بەختلىك مىنۇتلار»؛ ⑧ جىمجىت كېچە مەنزىرىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە ①، ②، ③، ④ تەبىئىي ئابزاسلاردا يايلاقتىكى كۈندۈز ۋاقتىدىكى مەنزىرە يېزىلغان. ⑤، ⑥، ⑦، ⑧ تەبىئىي ئابزاسلاردا كېچىلىك مەنزىرىلەر يېزىلغان. دېمەك، بۇ بۆلەكتىكى مەنزىرىلەر كۈندۈزدىن كېچىگىچە بولغان مەنزىرە تەرتىپى بويىچە يېزىلغان.

2. مەنزىرە تەسۋىرىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان نەسىرلەردە شۇ مەنزىرە تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتىنىڭ باشقا ئوبيېكتلاردىن پەرقلىنىدىغان تۈپكى ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ نەسىردە تىيانشان (تەڭرىتاغ) نىڭ باشقا تاغلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى تۆت كىچىك ماۋزۇچاقتا مەركەزلەشتۈرۈلگەن. بىرىنچى بۆلەك بەش تەبىئىي ئابزاسقا بۆلۈنگەن: ① خەتەرلىك تاغ يوللىرىدا يول مېڭىش قورالى بولغان ئات؛ ② يالتىراپ تۇرىدىغان قارلىق چوققىلار، قار سۈيىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار، ئېقىن بويىدا

مانلار؛ ④ رەڭگا رەڭ گۈل - چېچەكلەر؛ ⑤ يۇقىرىدىقى
تەبىئىي ئابزاسلاردىن چىقىرىلغان خۇلاسە. باشقا تاغلارنىڭ
دەل مۇشۇ باھار پەيتى ئۆتتۈپ كەتكەن ۋاقىتتىكى سېلىشتۇر-
مىسى يېزىلغان. ئۈچىنچى بۆلەك تۆت تەبىئىي ئابزاسقا ئاي-
رىلىپ، تىيانشاننىڭ ئۆزىگە خاس تۆت قىممەتلىك بايلىقى
يېزىلغان: ① تاڭ سەھەر پەيتىدىكى ياۋا ئات؛ ② قۇياش
كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتىكى موگۇ؛ ③ دەل مۇشۇ مەزگىلدە تازا
سەمرىگەن سۇغۇرلار؛ ④ تىك چوققىدا قاشتېشىدەك پارقىراپ
تۇرغان قارلەيلىسى تەسۋىرلەنگەن. تۆتىنچى بۆلەك سەككىز
تەبىئىي ئابزاسقا بۆلۈنگەن: ① تەبىئىي كۆل؛ ② كۆلنىڭ بۇ-
گۈنكى ئەھۋالى، كۆل بويىدىكى سېمىز قويلار؛ ③ تەبىئىي
كۆل بويىدىكى بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇش؛ ④ ياپيېشىل
ئېقىن بويىدىكى كىگىز ئۆيلەر؛ ⑤ قار سۇيى بىلەن
بۇلاق سۇيىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دەريا؛ ⑥ ئېقىن
بويىدىكى ئالما دەرەخلىرى؛ ⑦ چەكسىز كەتكەن ياۋا ئالمىلىق؛
⑧ ئالمىلىق سايىنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن.
دېمەك، بۇ نەسىردە شەيئىلەر رەت تەرتىپى بويىچە تەسۋىرلەن-
گەن. ھەربىر مەنزىرە، شەيئىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى
گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

3. بۇ مەنزىرە تەسۋىرىنى ئاساس قىلغان لىرىك نە-
سىردە مەنزىرىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ھەربىر شەيئىگە نىس-
بەتەن تۈرلۈك بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنى كىتاب-
خانلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.
سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە... قاتارلىق
بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ شەيئىلەرنىڭ ھالىتى،
باغلىنىشى ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان ساياھەتچىنىڭ ھېسسىياتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن لىرىك ھېسسى

تابخان ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاشۇ رەڭدار مەنزىرىلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈلگەن.

## «مەنزىرە توغرىسىدا» ناملىق نەسىر ھەققىدە

1. «مەنزىرە توغرىسىدا» دېگەن نەسىردە ھەربىر مەنزىرە كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەنلىكىنى تەرتىپ بويىچە سۆزلەپ بېرىڭ ھەمدە ھەربىر مەنزىرە كۆرۈنۈشىگە ماس، شۇ مەنزىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ماۋزۇ قويۇڭ. 2. ئاپتور مايدىكى شىمالنىڭ مەنزىرىسىنى يازغاندا تاڭ قۇياشى نۇر چېچىۋاتقان چاغدىكى ئىككى جەڭچىنىڭ ئوبرازىنى قانداق تەسۋىرلىگەن؟ ئۇنى رەسىملەر ئالبومىدىكى كانايچى جەڭچى بىلەن سېلىشتۇرۇپ يېزىشنىڭ قانداق رولى بار؟ ئۇنى نېمە ئۈچۈن گويا مىللەت روھىنىڭ سىمۋولىدەك كۆرۈندۇ دەيمىز؟ 3. مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن مۇھاكىمىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ قانداق رولى بار؟ ئاپتورنىڭ مۇنداق يېزىشتىكى مەقسىتى نېمە؟ 4. بۇ نەسىر تىلى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

ماۋدۇن (1896 — 1981) نىڭ «مەنزىرە توغرىسىدا» ناملىق بۇ ئېپىك نەسىرى 1 -، 3 - شەخس تىلىدا، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

1. بۇ نەسىردە ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت، ئوخشاش بولمىغان ئورۇندىكى ئالتە خىل مەنزىرە كۆرۈنۈشى يېزىلغان بولۇپ، ھەربىر مەنزىرە كۆرۈنۈشى ئىچىدە دەل شۇ ۋاقىتتىكى ئادەملەرنىڭ پائالىيىتى يېزىلىپ، بۇ مەنزىرە كۆرۈنۈشىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

قىزىرىپ كەتكەن ھاۋا، تۆگە كارۋىنى، يول باشلىغۇچى تۆگى-
دىكى قىزىل بايراق؛ ② سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك، ئايدىڭ
مەنزىرىسى، بۇ مەنزىرە ئىچىدە ئېگىزلىكتىن كەچ قايتقان
بىرنەچچە تېرىقچىنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازى؛ ③ كەچكى قۇياش
نۇرى ئاستىدىكى كۈن بويى ئالغان ئىسسىقنى ئۆزىدىن چىقىرى-
ۋاتقان، قاغجىراپ يېرىلىپ كەتكەن سېرىق توپا، شارقىراپ
ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى، كەچكى ئىشلەپچىقىرىشتىن قايتقان
ھەر يەر، ھەر جايدىن كېلىپ ئورتاق نىشان ئۈچۈن توپلانغان
كىشىلەرنىڭ (زىيالىيلارنىڭ) ئاددىي، جاپالىق ئەمما جۇشقۇن،
مەنىلىك تۇرمۇشى؛ ④ زېرىكەرلىك يامغۇرلۇق كۈن، جىمجىت
قاقاس تاغ، ئىپتىدائىي تاش ئۆڭكۈر، ئاشۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە
ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىق ۋە روشەن چۈشەنگەن، ھاياتىي
كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىككى ياش؛ ⑤ 20 — 30 تۈپ شاپتۇل
دەرىخى، تۈگمەن تېشىنىڭ بىر پارچىسى، بىر مېتىرچە كېلىدى-
غان سۇنغان خاتىرە تاش، شۇنىڭدەك قارا بۇغداي ۋە كەن-
دىر، كۆممىقوناق قاتارلىق ھەر جايدا ئۇچرىتىشقا بولىدىغان
ئاددىي مەنزىرە ئىچىدە «ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ نېمىلىكىنى
بىلمەيدىغان» ئالاھىدە جۇشقۇن كەيپىياتقا ئىگە ئىنقىلابىي
جەڭچىلەر؛ ⑥ ماي ئايلىرىدىكى شىمالنىڭ تاڭ سەھىرى، ئەتراپ
جىمجىت. مانا مۇشۇ مەنزىرە ئىچىدە مىلتىقلىق ئەسكەر ۋە
كانايچى ئەسكەرنىڭ جەسۇر قىياپىتى.

بۇ ئالتە مەنزىرە تەسۋىرى بىرلەشتۈرۈلسە، ئوخشاش بول-
مىغان ئالتە ئورۇندىكى ئاددىي مەنزىرە ئىچىدە ئۇلۇغ خىسلەتكە
يەنى روھىي ماھىيىتى يەنئەن روھى بىلەن سۇغىرىلغان كىشى-
لەر نامايان بولىدۇ. بۇ ئالتە خىل مەنزىرە تەسۋىرىنىڭ ھەر-
بىرىگە تۆۋەندىكىدەك ماۋزۇچاقلارنى قويۇشقا بولىدۇ: ① قۇم-
لۇقتىكى كولدۇرما؛ ② ئېگىزلىكتىن كەچ قايتىش؛ ③ يەنخې

گىنىش؛ ⑤ شاپتولزارلىقتا ئارام ئېلىش؛ ⑥ تاڭ سەھەردە چېلىنغان كاناي ئاۋازى.

2. ئاپتور شىمالدىكى ماينىڭ مەنزىرىسىنى يازغاندا ئىككى جەڭچىنىڭ ئوبرازىنى كۆز تىكىش، كۆزىتىش، ئاڭلاش، ھېس قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردىن تەسۋىرلىگەن. يەنى ياڭراق كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ، رەسىملەر ئالبومىدىكى كانايچى جەڭچى بىلەن، دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كاناي چېلىۋاتقان جەڭچىنىڭ ئورتاقلىقىنى ھېس قىلغان. ئاندىن تاغ ئۈستىدىكى كانايچى جەڭچى، ئۇنىڭ يېنىدا ھەيكەلدەك تۇرغان جەڭچىگە كۆز تى- كىپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش ئاسا- سىدىكى مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تاڭ سەھەردىكى كاناي- چى جەڭچى بىلەن رەسىملەر ئالبومىدىكى كانايچى جەڭچىنى سېلىشتۇرۇپ يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى: بۇنداق يېزىش ئارقىلىق بۇ ئىككى جەڭچىنىڭ جىددىيلىك، قەتئىيلىك، جەسۇرلۇق، يۈكسەك ھوشيارلىقتىن ئىبارەت ئورتاق ماھىيىتى بىرلەشتۈرۈل- گەن. ئىككى ئوبراز بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ھەم ئاپتور تاڭ سەھەردىكى كانايچى جەڭچى بىلەن رەسىملەر ئالبومىدىكى كانايچى جەڭچىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەم سېلىشتۇرۇپ يېزىش ئارقىلىق، بۇنداق جەسۇر، قەتئىي ئىرادىلىك، ھوشيار جەڭچى- لەرنىڭ ھەممىلا يەردە بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئىككى جەڭچىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىك، قەتئىيلىك، جەسۇر- لۇق ۋە يۈكسەك ھوشيارلىق دەل ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىكى جۇڭخوا مىللەتلىرى روھىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئاپتور بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇرانە كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روھ بىلەن ئۇلارنى «ماڭا مىللەت روھىنىڭ سىمۋولىدەك كۆرۈندى» دەپ يازغان.

3. ئاپتورنىڭ مەنزىرە تەسۋىرىگە بىرلەشتۈرۈپ قىسقا مۇھا-

مەنزىرە تەسۋىرلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۈچەيتىش رولى بار. ئاشۇ ئاددىي مەنزىرە تەسۋىرى ئىچىدە يېزىلغان (تەسۋىرلەنگەن) ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەرقانداق تەبىئىي مەنزىرىدىن تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ئۇلۇغ. ئاپتورنىڭ بۇنداق يېزىشتىكى مەقسىتى، مەنزىرە ھەققىدە سۆزلەپ، ماھىيەتتە مىللەت روھىنى يەنى يېڭى روھنى كۈيلەشتىن ئىبارەت.

4. بۇ نەسىرنىڭ تىلى جانلىق ۋە تەسىرلىك. ئۇنىڭدا مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ئادەم، مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن لىرىك ھېسسىيات ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈلگەن. ھەربىر مەنزىرە تەسۋىرىنى تەسۋىرلەش جەريانىدا سۈپەتلەش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول، تەكرارلاش... قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ، مەنزىرە تەسۋىرلىرى ئوبرازلىق، رەڭدار سۈرەتلەنگەن.

## IX — XIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە

IX — XIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى سۆزلەپ بېرىڭ. بۇ دەۋردىكى ئىككى خىل ئەدەبىيات قايسى؟

IX — XIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە بىر دەۋرنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبى شۇكى — كېيىنكى تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەملىكىتىمىزدە ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھازىرقى موڭغۇلىيىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، قارابالغاسۇننى مەركەز قىلىپ ئۆتكەن يايلاقلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلق-

لەر غەربىي رايونغا كۆپلەپ كۆچتى ۋە تاڭ خاندانلىقى يىمى-رىلىپ (907 - يىلى)، مەملىكىتىمىز كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. مۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭ رايونىدا، يەتتە-سۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىندا ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى يەنى تۇرپان ۋە جىمسارنى مەركەز قىلغان قوچۇ (گاۋچاڭ) ئۇيغۇرخانلىقى بىلەن قەشقەر ۋە بالاساغۇنلارنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇل-دى. بۇ ئىككى خانلىقتىكى ئىجتىمائىي ھايات ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىمۇ ئۆزئارا پەرقلەندى. بولۇپمۇ قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ پەرق چوڭىيىپ ئىككى خىل مەدەنىيەت ۋە ئىككى خىل ئەدەبىيات شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بۇددا، مانى دىنلىرى ھەم قەدىمكى يەرلىك مەدەنىيەت تەسىرىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام دىنى تەسىرىدىكى قاراخانى-لار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات ۋە ئەدەبىيات

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات ۋە ئەدەبىيات قانداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن؟

تۇرپان يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا شەرق ۋە غەربنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى-دىكى بىر تۈگۈن بولۇپ كەلگەنىدى، شۇڭا بۇ رايون ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۇكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، IX ئەسىرگە كەلگەندە غەربىي رايوندىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان، ئۇيغۇرلار بۇ رايوندا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى

بولغانىدى. كېيىنرەك بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى قاراشەھەر ۋە كۇچاغىچە كېڭەيگەنىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ خاندانلىقنىڭ ئىقتىسادى يۈكسەلدى، مەدەنىيىتىمۇ گۈللەندى. 981 — 983 - يىللىرى تۇرپانغا كەلگەن خەنزۇ سەيياھى ۋاڭ يەندى، تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب شۈەن جۇاڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىي ھاياتى ھەققىدە، جۈملىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى تۇرپان ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

ھەقىقەتەن شۇ دەۋرلەردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى تۇرپان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باي مەدەنىيىتى بىلەن ئىران، رىم، ھىندىستانغا ئوخشاش قەدىمىي ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە قوچۇ مەدەنىيىتىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن ئورۇن بولغاچقا، بۇ يەردە ھەرخىل دىنلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە شۇ دىنلارغا ئائىت مەدەنىيەتلەرمۇ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، XIII—IX ئەسىرلەردىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان رەڭدار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي يادىكارلىقلار — نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرى، تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق، مېمارچىلىققا ئائىت كۆپلىگەن ماتېرىياللار پارلاق مەدەنىيەتنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇزېيخانىلىرىنى بېيىتىپ تۇرماقتا. بۇ ماتېرىياللار يالغۇز دىنىي ئەقىدىلەرنىڭلا شاھىدى بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە گۈزەل سەنئەت، بەدىئىي تەپەككۇر سەۋىيىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلاردۇر.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىلگىرى قوللانغان

سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللاندى. بۇ يېزىق ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا مۇكەممەللىشىپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە تۈركولوگىيە ئىلمىدە ئالاھىدە باب ئاچقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى.

كېيىنكى دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، يېزىقىدا يېزىلغان مول يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى گېرمانىيىدە «تۇرپان تېكىستلىرى» نامى بىلەن توققۇز توم قىلىپ نەشر قىلىندى. بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەر تۈرلۈك تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان كىتابلاردىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر - قوشاقلىرىنى، داستانلارنى، ئاسترونومىيىگە، كالېندارچىلىققا، تېببىي ئىلمىگە ئائىت ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن قانۇن ۋەسىقىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلار ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى، جەمئىيەت تۈزۈمى، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە بىزگە بىرقەدەر تولۇق مەلۇمات بېرەلەيدۇ. بۇ بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئائىت خاتىرىلەر ۋە قوليازمىلار بىزگە يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى خېلى ئۇزاق بىر جەرياننى بېشىدىن كەچۈرۈپ، يۈكسەك بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» قىسسىسىنىڭ تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى يازما ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر.

٧

## «ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە

1. «ئوغۇزنامە» قانداق داستان؟ ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى نېمە؟ 2. «ئوغۇزنامە»نىڭ مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟ 3. «ئوغۇزنامە» قانداق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. «ئوغۇزنامە» (ياكى «ئوغۇزخان ھەققىدە قىسسە») ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى بولۇپ، ئۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپىك داستاندۇر.

ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئۇزاق ئۆتمۈشتە يارىتىلغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوس — «ئوغۇزنامە» ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇز خاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىرى تارىختىكى پۈتۈن - پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدۇر. قىسسە ئۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى، ئېتنوگراپىيىسى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولغان ئەسەردۇر.

2. قەھرىمانلىق ھەققىدىكى مەشھۇر ئېپوس «ئوغۇزنامە» مەزمۇنى جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىم: ئەسەرنىڭ بېشى (ئوغۇز خاقاننىڭ تۇغۇلۇشىدىن تاكى خاقان بولغانلىقىغا قەدەر ئارىلىقنى) ۋە ئەسەرنىڭ ئاخىرى (ئۇلۇغ

تۆركنىڭ چۆشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ قىسىم خەلق رىۋايەتلىرى، چۆچەكلىرى ۋە قەدىمكى خەلق ئەپسانىلىرى بىلەن باغلىق بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئىدىيۋى ئىشەنچلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ قىسىمدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىزگە قەدىمكى خەلق ئېپوسلىرىنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسەن ئوغۇز خاقاننىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن. تارىخىي ئىزچىللىق بىلەن بايان قىلىنغان بۇ قىسىمدىكى ۋەقەلەر بىزگە ئوغۇزخاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاق مەنبەسى ھەمدە ئوغۇزخاقان يۈرۈش قىلغان جايلارنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتلىرىدىنمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قىسىمدا يەنە كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشىغا ئوخشاش خەلق ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىگە خاس ئېلېمېنتلارمۇ ئۇچرايدۇ.

«ئوغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى قىسمىدا «ئوغۇزخاقان» نى ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى ئۆكۈزنىڭ ئاياغلىرىغا، بېلىنى بۆرىنىڭ بېلىگە، كۆكرىكىنى ئېيىقنىڭ كۆكرىكىگە ئوخشىتىدۇ ۋە «پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك ئىدى» دەپ يازىدۇ. ئىككىنچى قىسمىدا بولسا «كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق ئەركەك بۆرە» تەڭرىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوغۇزخاقانغا ھەمراھ بولىدۇ. ئوغۇزخاقان «كۆك بۆرە بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن» دەيدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا «ئوغۇزنامە» قىسسىسى قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوس بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارنى (ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىدە تىلغا ئالغىنىمىزدەك) ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە پۈتۈن

ئەسەرگە رېئال ۋەقەلىك ئىچىگە ئەپسانە - رىۋايەتلىك ئامىل سىڭدۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردىكى بەزى ئېپىزوتلار خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەر خىل باسقۇچلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «ئوغۇزنامە» قىسسىسىنى ئۆزى مەيدانغا كېلىشتىن ئاۋۋالقى خەلق ئېپوسلىرى، چۆچەكلىرىنىڭ ناھايىتى ئىخچام ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان بىر كۆرۈنۈشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

3. «ئوغۇزنامە» قىسسىسى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس بولغان بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، ۋەقەلىكىنىڭ ئىخچاملىقى بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يەنى ① ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئىخچام، ئىدىيەۋى مەزمۇنى ئېنىق، تىلى رەڭدار ۋە چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىرى ئىنتايىن جانلىق، بەدىئىي ۋاسىتىلىرى خىلمۇ خىل. ② ئېپوستا رومانتىكىلىق خىيال بىلەن رېئال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇلغان. «ئوغۇزنامە»نىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمكى زاماندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى دەلىللىرىمىزگە مىسال ئۈچۈن ئالساق: ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككى گۈزەل قىزنىڭ ئوبرازى چىرايلىق ئوخشىتىشلار، سۈپەتلەشلەر ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق مۇبالىغىلەر ئارقىلىق ئىنتايىن روشەنلىككە، جانلىقلىققا ئىگە قىلىنغان. «ئۇ قىزنىڭ پېشانىسىدە ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ، خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى... ئۇ كۈلسە، كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى. ئۇ يىغلىسا، كۆك ئاسمان بىللە يىغلايتتى» دەپ تەسۋىرلەنگەن بولسا يەنە بىر قىز: «ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى» دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ

ھەقىقەتەن پىشقان بىر بەدىئىي قۇۋۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ③ «ئوغۇزنامە» قىسسىسى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش قاپىيىلىك جۈملىلەر، شېئىرىي پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇنى شەكىل جەھەتتىن ھازىر ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

تۆمۈر نەيزە بولغىن ئورمان!
دەريا - دېڭىز تۇرسۇن ئېقىپ.
ئۇۋ يېرىدە يۈرسۇن قۇلان،
كۆن تۇغ بولغاي. ئاسمان قورغان.

ياكى:

كۆپلەپ نەيزە - ئوقلار ئاتتىم،
ئايغىر بىلەن كۆپ يول يۈردۈم.
دۈشمەنلەرنى قان يىغلاتتىم،
دوستلىرىمنى مەن كۈلدۈردۈم.

مانا بۇ مىساللار ئاھاڭدار، ئوبرازلىق بولۇپ، يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا كۈچلۈك لىرىك تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن. شۇڭا كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

دېمەك. «ئوغۇزنامە» قىسسىسى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىغا دەسلەپ ئاساس قۇرغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

## قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ھەققىدە

قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەر-

لەر نېمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؟ ئۇلاردىن مەشھۇرلىرى قايسىلار؟

XIII — IX ئەسىرلەردىكى قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرمۇ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ غەربىي رايونغا تارقىلىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا، شۇنداقلا ئەدەبىياتقىمۇ سىڭىپ كىرگەنىدى (ئالدىنقى مەزمۇنلاردا تىلغا ئالغىنىمىزدەك XIII — IX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ بىرى — بۇددا، مانى دىنلىرى ھەم قەدىمكى يەرلىك مەدەنىيەت تەسىرىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىدى). شۇڭا بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولدى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزدا چوڭ تەسىر قوزغاپ، بىر ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىدى. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى نوقۇل بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى شۇ ئەسەرلەرنى ئۆز تىلى ۋە يېزىقىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زامانلاردىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىسى، روھىي ھالىتى، تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئارزۇ - تىلەك ئىنتىلىشلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن مەشھۇر بولغانلىرى «چاشتانى ئىلىك بەگ» رىۋايىتى ۋە «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## «چاشتانى ئىلىك بەگ» داستانى ھەققىدە

1. «چاشتانى ئىلىك بەگ» داستانى قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئەسەر؟ ئۇنىڭدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 2. «چاش-

نىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟ ئۇ قانداق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە؟

1. «چاشتانى ئىلىك بەگ» داستانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر (ئاپەتلەر) ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىستىكى ۋە ئۇتۇقلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بۇ داستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانا ئۇرۇقچىلىق جامائە تۈزۈمى دەۋرىدىكى ھەر خىل قاراشلىرى شېئىرىي شەكىل، بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە بۇ ئەسەر گەرچە مىلادىيە V—VI ئەسىرلەردە يازما شەكىلگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ داستاننىڭ دەسلەپكى رىۋايەتلىك تىندىنتسىيىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بۇددا ۋە خرىستىئان دىنى كىرىپ كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. داستاننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ئەسلى نۇسخىسى 1914-يىلى تۇرپاندىن تېپىلىپ، 1931-يىلى تۇنجى قېتىم گېرمانىيىدە ئېلان قىلىنغان.

2. «چاشتانى ئىلىك بەگ» داستانى قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە ئېتىقاد قىلىش مەزگىلىدىكى بۇددا رىۋايەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا چايان بالىق شەھىرىدىكى خەلقلەرنىڭ بېشىغا جىن-ئالۋاستى، يەكچەشمىلەر بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، ۋابا كېسىلى تارقىتىپ، خەلقنى خالىغانچە قىرغانلىقى، خەلققە چەكسىز كۆيۈنگۈچى بودساتۋا نەسلىدىن بولغان چاشتانى ئىلىك بەگ باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، جىن-ئالۋاستى، يەكچەشمىلەرنى يېڭىپ خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

داستاندا چاشتانى ئىلىك بەگنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چاشتانى ئىلىك بەگ خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، جىن - ئالۋاستى، يەكچەشمىلەرنىڭ ھىيلىگەر، ۋەھشىي كاتتىباشلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ۋەھشىي، ياۋۇز كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تىنچ ياشاش ئىستىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بالايىئاپەت ۋە ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى قەھرىمان مەدھىيىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى: سەلبىي كۈچلەرنىڭ ۋەھشىي، ياۋۇز قىياپىتىنى يۇقىرى دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىجابىي قەھرىمان ئوبرازىنى تېخىمۇ باتۇر، قەھرىمان قىلىپ يارقىن سۈرەتلەپ بەرگەن. گەرچە «چاشتانى ئىلىك بەگ» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ئاپتورى (ياكى تەرجىمە قىلغۇچى) نىڭ كىم ئىكەنلىكى بىزگە تېخى مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئاپتور (ياكى تەرجىمە قىلغۇچى) نىڭ ئۆز زامانىسىدا ئۆز مىللىتى تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، بەدىئىي ئىپادىلەش سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى، ئۆز مىللىتى تىلىدىن باشقا تىللارنىمۇ خېلى مۇكەممەل بىلىدىغان پاساھەتلىك ئەدىب ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇكى: «چاشتانى ئىلىك بەگ» داستانى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بولغۇچى قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەتتۇر.

**«ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» ناملىق ماقالە ھەققىدە**

1. «ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» ناملىق ماقالىدە قانداق مەسىلە شەرھىلەنگەن؟ ماقالىنىڭ مۇقەددىمە، ئاساسىي

قىسىم ۋە خۇلاسە قىسىملىرىدا قانداق مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا
قويۇلغان؟ 2. ماقالىدە قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر
قوللىنىلغان؟ بۇ ۋاسىتىلەر قانداق رول ئوينىغان؟

1. ماۋ زېدۇڭ (1893 — 1976) نىڭ «ئۆگىنىشىمىزنى
ئۆزگەرتەيلى» دېگەن بۇ ماقالىسى (1941) دا ئەينى دەۋر-
دىكى شارائىتنىڭ، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، سۇبيېك-
تىۋىزملىق خاھىشنى تۈگىتىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن پۈتۈن
پارتىيە ئىچىدە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى،
ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى شەرھلەنگەن. ماقالىنىڭ
مۇقەددىمە قىسمىدا: كىتابخانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوز-
غاش ئۈچۈن ئىسپاتلاش زۆرۈر بولغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر
يەنى پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش
تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالى-
نىڭ 1 -، 2 -، 3 - بۆلەكلىرى ماقالىنىڭ ئاساسىي قىسمى
بولۇپ، بۇنىڭدا: ماقالىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر شەرھلەنگەن. يەنى پارتىيە
قۇرۇلغان 20 يىلدىن بېرى ماركسىزم - لېنىنىزم ئومۇمىي
ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەش-
تۈرۈش جەھەتتە خېلى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن (1 -
بۆلەكتە) بولسىمۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىل-
گىرىلەش قەدىمىگە، كۈرەش نىشانى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن
بولمىغان ئەڭ يامان ئۈچ تىپىك ئەھۋال (2 - بۆلەكتە) ئوتتۇ-
رىغا قويۇلۇپ، بۇ يامان ئەھۋاللارنىڭ مەنبەسى بولغان سۇب-
يېكتىۋىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلى بىلەن ئۇنى تۈگىتىشتىكى
توغرا ئۇسۇل، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە
بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا كەلتۈرىدىغان
زىيىنى بىلەن پايدىسى (3 - بۆلەكتە) سېلىشتۇرۇلغان. بۇ

ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئىسپاتلانغان. ماقالىنىڭ خۇلاسە قىسمىدا (4 - بۆلەكتە): ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرا ئۆگىنىشتىكى ئۇسۇل ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالىنىڭ خاتىمە (ئەڭ ئاخىرقى ئابزاس) قىسمىدا يەكۈن چىقىرىلغان. ماقالىنىڭ كومپوزىتسىيىسى مانا مۇشۇنداق ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئوي - پىكىرلەر باغلىنىشلىق، باش - ئاخىرى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىنىپ كىتابخانلارنى قايىل قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلغان.

2. ماقالىدە مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئەتراپلىق ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلاش جەريانىدا ئوخشىتىش («كۆزنى يۇمۇۋېلىپ قۇشقاچ تۇتۇش»، «قارىغۇدەك تىمىسقىلاپ بېلىق تۇتۇش»، «نىشان»، «ئوق»... دېگەنگە ئوخشاش)، سېلىشتۇرۇش (ئىككى خىل ئۆگىنىش ئىستىلى)، جۈپلەشتۈرۈش (يەنى دۈيلىيەن: «تامدا ئۆسكەن قومۇشنىڭ بېشى ئېغىر، تۈۋى ئاجىز، يىلتىزى تېيىز بولىدۇ؛ تاغدا ئۆسكەن بامبۇكنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، پوستى قېلىن، ئىچى كاۋاك بولىدۇ»...)، تەكرارلاش («بۇنداق ئىستىلنى ئۆزۈڭگە قوللانساڭ، ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزىسەن؛ كىشىنى تەربىيىلەشكە قوللانساڭ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىسەن؛ ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشقا قوللانساڭ، ئىنقىلابقا زىيان يەتكۈزىسەن»...) قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ ئاساسلارنى ئوبرازلىق، ئىسپاتلاشنى قايىل قىلارلىق ئىپادىلەپ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

### دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە

دەلىللەش دېگەن نېمە؟ دەلىللەشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟ چۈشەندۈرۈڭ. دەلىللەشنىڭ قانداق رولى بار؟

شەرھلەش (ئاساسلاش)، خاتا نۇقتىئىنەزەرگە رەددىيە بېرىش جەريانىدا قوللىنىلىدىغان لوگىكىلىق ئۇسۇل دەلىللەش دېيىلىدۇ.

دەلىللەشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللىرى بار: (1) تىپىك مىساللار ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى — بۇ خىل ئۇسۇلدا شۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرىنى يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن گەۋدىلەندۈرىدىغان تىپىك مىساللار كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، تاۋجۇنىڭ «يۇكسەك غايە» ئەسىرىدە تارىختا ئۆتكەن بىر بۆلۈك شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ غايىسى مىسال كەلتۈرۈلگەن. (2) پاكىت كۆرسىتىپ دەلىللەش ئۇسۇلى — بۇ خىل ئۇسۇلدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق توغرا نۇقتىئىنەزەر شەرھلىنىدۇ ياكى خاتا نۇقتىئىنەزەرگە رەددىيە بېرىلىدۇ. مەسىلەن، لۇشۇننىڭ «دوست دۆلەتلەر ئەجەبلەنمەكتە، توغرىسىدا»، ئېنگېلسنىڭ «ماركسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» قاتارلىق ماقالىلىرىدە مۇشۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان. (3) توغرا، ئىشەنچلىك ئىلمىي قائىدىلەردىن، ئەسەرلەردە داھىيلار، ئالىملار، مەشھۇر شەخسلەر... نىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن پايدىلىنىپ توغرا نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلەش ياكى خاتا نۇقتىئىنەزەرگە رەددىيە بېرىش ئۇسۇلى. (4) سەۋەب — نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە دەلىللەش ئۇسۇلى — بۇ خىل ئۇسۇلدا ئادەتتە سەۋەب ئارقىلىق نەتىجە ئىسپاتلىنىدۇ ياكى نەتىجە ئارقىلىق سەۋەب توغرىسىدا ياكى بىر خىل نەتىجە ئارقىلىق باشقا بىر خىل نەتىجە توغرىسىدا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. (5) ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى. بۇ مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. (6) تەمسىل كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئۇسۇلى — بۇ خىل ئۇسۇل-

دا ماقال ـ تەمسىللەر، ئەقلىيە سۆزلەردىن پايدىلىنىپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. (7) بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تەرتىپ بويىچە دەلىللەش ئۇسۇلى — بۇ خىل ئۇسۇلدا، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، سىرتىدىن ئىچكىرىسىگە ئۆتۈش ئاساسىدا قەدەممۇ قەدەم تەرتىپ بويىچە دەلىللەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. (8) كۆچمە دەلىللەش (تەتۈر دەلىللەش) ئۇسۇلى — بۇ خىل ئۇسۇلدا سەلبىي(خاتا) نۇقتىئىنەزەردىن خاتا يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق توغرا نۇقتىئىنەزەر گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ خاتا ھۆكۈمىنى توغرا دەپ تۇرۇپ، ئاندىن خاتا ھۆكۈمدىن بىمەنە (خاتا) يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسىدە بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلىشىمۇ ياكى بىرنەچچىسى قوللىنىلىشىمۇ ۋە ياكى بىرى ئاساس، باشقىلىرى قوشۇمچە قىلىپ قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن.

دەلىللەشنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشنىڭ رولى شۇكى: (1) بىز بۇ خىل ئۇسۇللارنى توغرا ئىگىلىسەك ئوقۇغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى توغرا، ئەتراپلىق تەھلىل قىلالايمىز. شۇ ماقالىلەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى (قۇرۇلمىسى) ۋە يېزىلىش جەھەتتىكى ماھارەتلىرىنى توغرا ئىگىلىيەلەيمىز. (2) يازغان مۇھاكىمە ماقالىلىرىمىزدە بۇ خىل ئۇسۇللارنى مۇۋاپىق قوللىنىش ئارقىلىق ئوي - پىكرنى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، قايىل قىلارلىق، جەلپ قىلارلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

### قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە

1. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات نېمەئۈچۈن «خاقانىيە ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان؟ قاراخانىلار دەۋرىدىكى

شەھەر مەدەنىيىتى ۋە «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» قانداق بارلىققا كەلگەن؟ شۇ دەۋردە قانداق ئىلىملەر راۋاجلانغان؟ ئۇنىڭ ۋەكىللىرى كىملەر؟ 2. قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات نېمە ئۈچۈن «قەشقەرىيە دەۋرى» دەپ ئاتالغان؟ بۇ دەۋردە قانداق تىل قوللىنىلغان؟ 3. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات نەچچە خىل ئامىلدىن تەركىب تاپقان؟

1. قاراخانىلار خانلىقى X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دەۋر سۈرگەن تۇنجى تۈرك ئۇيغۇر ئىسلام خانلىقى (ئەسكەرتىش: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «X ئەسىر» قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىغا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرگە قارىتىلغان) بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. بۇ خانلىق ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يېڭى دەۋرنى، يەنى ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتى دەۋرىنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋر ئەدەبىياتى شۇ خاندانلىق نامى بىلەن «قاراخانىلار ئەدەبىياتى» ياكى «خاقانىيە ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان.

قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەن بۇ خانلىق دائىرىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. تارقاق ۋە كۆچمەن قەبىلىلەر بارا - بارا شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردا ئولتۇراقلىشىپ، بۇ يەردە ياشىغۇچى يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىق، قول سانائەتنى گۈللەندۈرىدۇ. شەھەرلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقە كۈچىيىدۇ، شەھەرنى مەركەز قىلغان فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ ۋە بۇنداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ماس ھالدا شەھەر مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئۆزگىرىش ياسايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر يېڭى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە بىر مەدەنىيىتى، يەنى «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» بارلىققا كېلىدۇ، شۇنداقلا قەشقەر بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ ئۇلۇغ نەتىجىلەر قولغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىقىدۇ. فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق كىشىلەر شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر.

2. XI ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ خانلىرى پەن - مەدەنىيەتكە ئېتىبار بەرگەن. بولۇپمۇ مەسچىت، قەلئە، شەھەر قورۇلۇشىغا، مەدرىسلەرنى تەشكىل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان قەشقەردە بۇنداق پائالىيەتلەر ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. ساراي ئەتراپىغا شائىرلار، ئالىملارنى توپلاپ ئىلىم - پەن تەھسىل قىلدۇرۇش، دىداكتىكا (پەند - نەسىھەت) يازدۇرۇش ئىشلىرى ئەۋج ئالغان. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇيغۇر پەن - مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا ناھايىتى زور بىر يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە بىر «قەشقەرىيە دەۋرى»نى تەشكىل قىلغان ۋە يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ دەۋر ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئورخۇن ئەدەبىي تىلىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە تېخى دېيەرلىك ئۇچرىمىغان ساپ ۋە نەپىس بىر تۈر-

كىنى تىل ئىدى. بۇ تىلنى مەھمۇد قەشقەرى «خاقانىيە تىلى»، ئەھمەد يۈكنەكى «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتىغان.

3. بۇ دەۋردە يېڭى بىر گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىدە بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە يېڭى بىر دەۋردىكى تەرەققىياتى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇڭا بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ئىسلام دىنى ۋە پەلسەپىسىنىڭ رامكىسى ھەم مەلۇم دەرىجىدىكى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئىجابىي تەسىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامىلدىن تەركىب تاپقان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ دەۋردىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرى ئاساسەن، دىداكتىك ئەدەبىياتتىن ئىبارەت.

### مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى - پائالىيىتى ھەققىدە

1. مەھمۇد قەشقەرى كىم؟ ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى سۆزلەڭ. 2. مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋر قانداق دەۋر ئىدى؟ ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىشىدە شۇ ۋاقىتتىكى دەۋر شارائىتى، ئائىلىسى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى قانداق رول ئوينىغان؟

1. مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى XI ئەسىردە ياشاپ، ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسىدۇر. ئۇ تەخمىنەن 1028 - يىللىرى ئەتراپىدا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر شەھىرىگە تەۋە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

مەھمۇد قەشقەرى باشلانغۇچ مەلۇماتىنى ئائىلىدە ۋە ئوپالئازىختا ئالغان، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى شەيخ ئىمام زاھىد ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى مۇددەرىسلىك قىلغان «مەدرىسەئىي ھامىدىيە»دە ۋە شۇ چاغلاردا پۈتۈن شەرق دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان «مەدرىسەئىي ساچىيە» دە ئالغان. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى تۈرك تىلى ۋە تۈرك تىلى گراماتىكىسىنى، ئىلمىي مەنتىقە (لوگىكا)، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ئىلىملەرنى ئىگىلىگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى نۇرغۇن ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە شۇ چاغدا ئومۇمىي ئادەت ۋە مەجبۇرىيەت ھېسابلانغان ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ، چېۋەر چەۋەنداز ۋە ئۇستا مەرگەنلەردىن بولۇپ يېتىشكەن.

ئالىمنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد 1058 - يىلى ئوردىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا قازا تاپقان، بەختكە يارىشا ئالىم بۇ قىرغىنچىلىق ئىچىدە ئامان قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىم 1058 — 1059 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى، يېزا - قىشلاقلارنى، بىپايان يايلاق ۋە دالا - قىرلارنى ئارىلاپ 15 يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياسىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ پەرقلىرىنى، ئېتنوگرافىيىسى (كېلىپ چىقىش مەنبەسى)نى، تارىخىنى، جۇغراپىيىۋى جايلىشىشىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۆزى يازماقچى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» قامۇسى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان. 1072 -

ىسسىنىڭ پايتەختى باغداتقا بېرىپ، 1074 - يىلىغىچە «دىۋان» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى پۈتكۈزۈپ چىققان. 1074 - يىلىدىن 1076 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ، تولۇقلاپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاببا سىلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 - خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقەددەس بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

ئالىم 1118 - يىللىرى ئەتراپىدا 89 يېشىدا باغداتتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانى ئوپالغا ئورۇنلاشقان. ئۇ ئوپالغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «مەدرىسەئىي مەھمۇدىيە» دەپ ئاتالغان بىر مەدرىس بىنا قىلىپ، ئۇنىڭدا سەككىز يىل مۇددەرىسلىك قىلغان ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئالاھىدە مەلۇماتلىق نۇرغۇن شاگىرتلارنى، ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم»، «ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى» دەپ ئاتىغان. 1126 - يىلى ئەتراپىدا 97 يېشىدا ئوپال يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

2. مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان ئىجتىمائىي شارائىتتىن قارىغاندا، بۇ دەۋر قاراخانىلار تەۋەلىكىدە ئىلىم - مەرىپەت يۈكسەلگەن دەۋر بولۇپ، ئالىمنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بىن يۈسۈپ ۋە بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەسەن بىن سۇلايمان قاتارلىق قاراخانىلار ھاكىمىيىتىدە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ھامىيسى بولغان شەخسلەر ئىدى. بۇنداق شەرت - شارائىت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلىم ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن تولۇق ئىمكانىيەت بەرگەنىدى.

ئائىلىۋى ھاياتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىمنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى خوجا سەيپىددىن ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ

بىردىنبىر پەرزەنتى بوۋى رابىيەنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئەخلاقلىق، ئوقۇمۇشلۇق قىلىپ تەربىيىلىگەچكە، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئالىي مەلۇماتلىق، زېرەك ئايال بولۇپ يېتىشكەن بوۋى رابىيە ئوغلى مەھمۇدنى كىچىكىدىن ئەتراپلىق ماھارەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشكە تىرىشقان. ئالىمنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۆز ھاياتىدا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا بارسخانغا① ھاكىم بولغان مەرپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. مۇنداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن مەھمۇد كىچىكىدىن ھەم قەلەم، ھەم ئەلەم تەربىيىسىنى ئالغانىدى. لېكىن ئۇ بىر سەركەردە (قوماندان) بولۇش ئارزۇ - ئىستىكىدە بولماي، بەلكى ئىلىم ئۆگىنىش ئارزۇ - ئىستىكىدە بولغان. شۇڭا ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە تىرىشقان، پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى ئىلىم ئىگىلەشكە سەرپ قىلغان، ئىلىم - پەنگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. كېچە - كۈندۈز ھارماي - تالماي تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مانا مۇشۇنداق ئۆلمەس ئىلمىي ئىشقا ئاتىغان. ئالىمنىڭ ئون نەچچە يىل قىر - سەھرالارنى كېزىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ تەتقىق قىلىش روھى. «دىۋان» دا مىسال كەلتۈرۈلگەن خەلق قوشاقلىرى بىلەن خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. گۈزەل ئىنسانىي خىسلىتى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ. بولۇپمۇ ئانىسى بوۋى رابىيەدىن سىڭگەن تەربىيىنىڭ نەتىجىسى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تېخىمۇ مۇھىمراقى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەنگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە جاپالىق ئەمگەك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

---

① بارسخان — قاراخانىلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى، ئىسسىق كۆلنىڭ بويىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ھازىر خارابىسى بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن «پەند - نەسىھەتلەر» ھەققىدە

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى قاچان، قەيەرلەردە نەشىر قىلىنىپ ساقلانغان؟ 2. «دىۋان» قانداق زۆرۈرىيەت ۋە مەقسەت بىلەن يېزىلغان؟ 3. «دىۋان»نىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى نېمىدىن ئىبارەت؟ 4. «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئاساسەن نەچچە قىسىمدىن تۈزۈلگەن؟ 5. نېمە ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئۇلۇغ ئەسەر ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان ئۆلمەس بىر تۆھپە دەيمىز؟ 6. «پەند - نەسىھەتلەر» دە قانداق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

1. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى باغداتتا تۇرغان مەزگىللىرى ئىچىدە 1072—1074 - يىللىرى يېزىپ پۈتتۈرگەن. 1074 - يىلدىن 1076- يىلىغىچە «دىۋان»نى قايتا تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ، تولۇقلاپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 - خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقەددەس بىئەمۇرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ 1266 - يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتى دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولیازما نۇسخىسى ھازىرغىچە تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەرنى 1917 — 1919 - يىللىرى تۈركىيىلىك كىلىسلى رىفئەت ئۈچ توم قىلىپ نەشىر قىلغان. «دىۋان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى 1939 — 1941 -

يىللىرى بەسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئىستامبۇلدا، ئۆزبېكچە تەرجىمىسى 1960 — 1963 - يىللىرى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان. «دىۋان» يەنە نېمىسچە قاتارلىق بىرنەچچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنماقتا. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

2. مەهمۇد قەشقەرى ياشانغان مەزگىللەردە ياشىغان باغدات شەهىرى ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي جەهەتلەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشىشىدە مۇهىم ئورۇن تۇتقانىدى. شۇڭلاشقا تۈركىي تىل مەهمۇد قەشقەرى ئۆزى ئېيتقاندەك «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن» ۋە ئورنى كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە ئېهتىياجى چۈشكەن، تىل جەهەتتىن ئۆزئارا چۈشەنچە هاسىل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. مەهمۇد قەشقەرى ئەنە شۇ زۆرۈرىيەت بىلەن، بولۇپمۇ تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلىش مەقسىتى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ بۇ زور قامۇسىنى يېزىپ چىققان.

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ چوڭ قامۇسى. ئۇ ئىنتايىن كەڭ ساهەنى(مەزمۇننى) ئۆزئىچىگە ئالغان. ①«دىۋان» دا قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ئىشلىتىپ كەلگەن هەممە سۆزلۈكلەر دېگۈدەك گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كەڭ ۋە ئىلمىي ئاساستا شەرهلەپ بېرىلگەندىن باشقا، قەدىمكى ماقال - تەمسىل، هېكمەتلىك سۆزلەر ۋە شېئىر - قوشاقلاردىن نۇرغۇن مىساللار كەلتۈرۈلگەن؛ ② «دىۋان» دا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، ئىجتىمائىي هاياتى، ئېتنـ

③ ئۇنىڭدا يەنە ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئادەم ئەزالىرى، يېمەك-ئىچمەك. كىيىم - كېچەك، ھەرخىل سايمانلار، ھايۋانات - ھاشاراتلار، دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر، مەدەن تاشلار قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ئىسىملىرى، تارىخىي ئەھمىيەتلىك پاكىتلار ھەم تۈركىي تىللاردا ھەرىكەت - ھالەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ۋە باشقا ھەرخىل سۆز تۈركۈملىرى قالدۇرۇلماي بېرىلگەن؛ ④ تېررىتورىيىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، خەلقلەرنىڭ كۆچۈشى، دەريا سىستېمىلىرى، تاغ تىزمىلىرى، ئۆتكەللەرنىڭ ھالىتى، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئورنى، يوللارنىڭ يىراق - يېقىنلىقى، ھەتتا جايلارنىڭ مەنزىرىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە باشقىلار بېرىلگەن. قىسقىسى، ئاپتور كۆرگەن ۋە تەكشۈرگەنلىكى نەرسەلەرنىڭ ھەممىسى توپلىنىپ ئەسلى بويىچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئاپتور ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭ بىلىمگە ئاساسەن دىۋاننى ناھايىتى سىستېمىلىق، رەتلىك ۋە چۈشىنىشلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئومۇمەن ئالغاندا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ۋە تىلشۇناسلىق تارىخىدا مىسلىسىز زور نەمۇنە بولۇپلا قالماي، بۈگۈنكى ئىلىم دۇنياسىدىمۇ غايەت زور مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر بولۇپ تونۇلماقتا. چۈنكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ تۇنجى ئۇستازى ۋە تۈركولوگىيە پېنىگە ئاساس سالغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جاھان تۈركولوگلىرى، تارىخچىلىرى، ئەدەبىياتشۇناسلىرى مەھمۇد قەشقەرىگە ئۇستاز سۈپىتىدە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئۇنىڭ كىتابىغا ئاسلانماقتا. بولۇپمۇ بۇ ئەسەر قەدىمكى تۈركىي تىللىرىنى بارلىق گرامماتىكىلىق قائىدىلىرى بىلەن تەتقىق

خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماتېرىياللارنىڭ شەخسەن ئاپتور تەرىپىدىن ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىشلەر نەتىجىسىدە توپلانغانلىقى تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4. دىۋاندىكى ئەدەبىي پارچىلار ئاساسەن ئىككى قىسىمدىن يەنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. يەنى ئۇلۇغ ئالىم ئۆز كىتابىدا قەدىمكى دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىر - قوشاقلىرى ۋە ناھايىتى كۆپلىگەن ماقال - تەمسىللىرىنى كىرگۈزگەن. بۇ شېئىر - قوشاقلاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈرىشى، ھاياتى ۋە بىرمۇنچە پەلسەپىۋى ھېكمەتلىك پىكىرلىرى ئىپادە قىلىنغان؛ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەن. ماقال - تەمسىللەردە ناھايىتى ئىخچام، ئاممىباب سۆزلەر ئارقىلىق ئەينى زاماندا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى، ئەقىل - پاراسىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كۆپىنچە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق خىتاب ۋە ۋەز - نەسىھەتلەردىن ئىبارەت. «دىۋان» نىڭ بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە قەدىمكى دەۋرلەردىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئىنتايىن ياخشى قامۇسى ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرەلەيمىز.

5. «تۈركىي تىللار دىۋانى» شۇ دەۋرنىڭ تىلى ۋە تارىخى توغرىسىدىكى قامۇس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئىخچام ئانتولوگىيىسىدۇر. شەرقىي ياۋروپادىن تاكى يىراق شەرققىچە، ياۋروپا - ئاسىيانىڭ شىمالى،

ئورۇنلاشقان بارلىق تۈركىي مىللەتلەر بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر ئاۋۋال ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم بىلەن پەخىرلىنىدۇ، چۈنكى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوتتۇرا زامان قىسمىنى بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن سۆز ئاچماي ئۆتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇنقى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىياتــى ۋە ئېتنوگرافىيىسى پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇلغان. گەرچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بارلىق تۈركىي خەلقلەر تىلى، تارىخــى، خەلق ئېغىز ئەدەبىــياتــى، يازما ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەنلىكتىن، ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىگىلا مەنــسۇپ بولغان ئۆلمەس ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ئەڭ مەشھۇر ئەسەردۇر. بۇنداق ئورتاقلىق ئۇنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. شۇڭا بىز بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى ئۆگەنگىنىمــىزدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت خاسلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۇنىــڭ پۈتۈن تۈركىي مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان قىممەتلىك بىر بايلىق، قىممەتلىك بىر تارىخىي ئىلمىي ئەسەر ئىكەنلىــكىــنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان ئۆلمەس زور تۆھپە ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان چۈشىنىشىمىز لازىم.

6. «پەنــد ـ نەسىھەتلەر»نىڭ 1 ـ، 8 ـ، 9 ـ كۇپلېتلىرى قوشاق شەكلىدە، باشقا پارچىلار مەسنەۋى شېئىر شەكلىدە يېزىلغان. بۇ شېئىر ـ قوشاقلار دىۋاننىڭ ھەرقايــسى بابلىرىدا مۇناسىپ ئورۇنلاردا مىسال ئېلىنــغان جايلاردىن

پەند - نەسھەت خاراكتېرىدىكى بۇ شېئىر - قوشاقلار-دا ئەۋلادلارغا، ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ نەسھەتىگە قۇلاق سېلىپ، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بۈيۈك ئالىم بولۇپ، ئەل ئارىسىغا ئىلىم - مەرىپەت نۇرى تارقىتىش، بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەت-لەش، سۆزىنى ئاڭلاپ، پەزىلىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئىلىم - ھېك-مەت ئىزدەش، مەغرۇرلۇق، ماختانچاقلىقتىن ساقلىنىش، مال - دۇنيانى ئەمەس بىلىمنى دوست تۇتۇش، ئائىلىدە ۋە جەمئىيەت-تىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىناق ئۆتۈش، يىراقنى ئويلاش، ھەر ئىشقا ئۆز يولى بويىچە مۇئامىلە قىلىش، ھادىسىگە قاراپ ئالدانماسلىق، خىيالنى رېئاللىق دەپ بىل-مەسلىك، تاشقى جەھەتتىنلا گۈزەل بولۇپ قالماي بەلكى ئىچكى ماھىيەت، قەلب جەھەتتىنمۇ گۈزەل ۋە پەزىلەتلىك بولۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نامىنى تەمەننا سىز، داۋراڭسىز ھالدا ۋە كۆز - كۆز قىلمىغان ئاساستا ئەل ئارىسىغا تارىتىش توغرىسىدا نەسھەت قىلغان.

بۇ شېئىر - قوشاقلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئىخچام، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، مۇنداقلا قارىماققا «توخۇ»، «قىرغاۋۇل»، «تون»، «ئاش»، «شورمەل»، «مەرۋايىت» ھەققىدە سۆزلىنىۋات-قاندەك قىلىنسىمۇ ئەمەلىيەتتە يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە قىلىن-غان بۇ مەجازى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پەلسە-پەۋى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقال-غان نەمۇنىلەردىن مىسال ئېلىنغان بۇ پارچىلار ئارقىلىق بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىدىئولوگىيىسى، پەزىلىتى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسىنى چۈشىنەلەيمىز.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچە ھەققىدە**

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىم؟ ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەڭ. 2. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىزگىچە قانچە خىل قول يازمىسى يېتىپ كەلگەن؟ ئۇلار قايسىلار؟ 3. «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋە خاسىيەتلىكلىكى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن كىتاب شۇنچىلىك شۆھرەت قازانغان؟ 4. «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى نېمىدىن ئىبارەت؟ 5. «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى نېمىدىن ئىبارەت؟ 6. داستاندىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق رېئال ئەھمىيىتى بار؟

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى، مەشھۇر پەيلاسوپى، ئالىمى، ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغان داڭلىق جامائەت ئەربابىدۇر.

ئۇ تەخمىنەن 1018 — 1019 - يىللىرى قاراخانىلارنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھرىدە تۇغۇلغان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1069 — 1070 - يىللىرى 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قاراخانىلار مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىكى مۆجىزىلەرنىڭ بىرى بولغان نادىر ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت - سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم)نى يېزىپ، شۇ دەۋردىكى قاراخانىلار پادىشاھى بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئوردا ۋەزىرى ھېسابىدىكى خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى ئالغان.

دە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ قەشقەر شەھرىدە ساقلىنىپ، قوغدىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

2. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىزگىچە ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن 1439 - يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلۈپ كېيىنرەك نېمىس تۈركولوگلار تەرىپىدىن ۋېناغا ئېلىپ كېتىلگەن ھىرات ياكى ۋېنا نۇسخىسى. ئىككىنچىسى، XIV ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن، ھازىر قاھىرەدە ساقلىنىۋاتقان مىسىر ياكى قاھىرە نۇسخىسى، ئۈچىنچىسى، XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكىستان پەرغانە ئوبلاستىنىڭ نەمەنگان شەھرىدە ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن، ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقىدا ساقلىنىۋاتقان، ئەڭ قەدىمىي ۋە تولۇق نۇسخا — نەمەنگان ياكى پەرغانە نۇسخىسىدۇر.

3. «قۇتادغۇبىلىك» ئۆز زامانىسىدا دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئوبدان قوللانمىسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازىنىپ داڭق چىقارغان، شۇڭا بۇ ئەسەر قايسى پادىشاھ ۋە قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا، ئۇنىڭ خاسىيەتلىكلىكى ۋە گۈزەللىكى تۈپەيلىدىن شۇ ئەلنىڭ ھاكىم ۋە ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ ئالاھىدە ناملارنى بەرگەن. چىنلىقلار «ئەدەبۇل مۇلۇك» (دۆلەت باشقۇرۇش قائىدىلىرى)، ماچىنلىقلار «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەت باشقۇرۇش ئەينىكى)، شەرق مەملىكەتلىرىدە «زىننەتۇل ئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئىي تۈرك» (تۈركلەر شاھنامىسى) ۋە بەزىلەر «پەندنامەئىي تۈرك» (تۈركلەر نەسىھەتنامىسى) دېگەن ناملار بىلەن بايان قىلىدۇ. بۇغراخان بۇ كىتاب ئۈچۈن ئاپتورغا «خاس ھاجىپ» (ئالاھىدە مۇشاۋىر — ۋەزىر) دېگەن نامنى

چۈشەندۈرىدىغان بىر پاكىت.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇنچىلىك شۆھرەت قازىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس، چۈنكى بۇ ئەسەردە: ① ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئەڭ ئىلغار ئىدىيىلەر جەملەنگەن بولۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك خاھىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەن؛ ② ئاپتور ئۇلۇغ ئەدىب سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ بىر پەيلاسوپ ۋە ئالىم سۈپىتىدە دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت ھەققىدە، دۆلەت ۋە جەمئىيەت، ئەخلاقىي پەزىلەت ھەمدە ئىلىم - مەرىپەت ھەققىدە ئاجايىپ قىممەتلىك پىكىرلەرنى بايان قىلغان؛ ③ ياخشى خىسلەت، ئار - نومۇس، ئادالەتنى ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق؛ تەييارتاپلىق، يالغانچىلىق، خەسىسلىكنى زىيانلىق دەپ ھېسابلاپ شۇ ئاساستا ئاپتور ئادالەت، بەخت - سائادەت، ئەقىل - ئىدراك ۋە قانائەتتىن ئىبارەت تۆت سىمۋولنى دۆلەت باشقۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان خىسلەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

4. «قۇتادغۇبىلىك» 82 باب (ئەسكەرتىش: بۇ داستاننىڭ 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا بۇ داستان كېيىن قوشۇلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەرنىڭ سىرتىدا 85 بابقا بۆلۈنگەنلىكى، بۇ 85 بابقا ئاخىرىدىكى ئۈچ پارچە شېئىرنى (خاتىمىنى) قوشقاندا 6645 بېيت، 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقانلىقى سۆزلەنگەن)، 6644 بېيت (13288 مىسرا) تىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى دىداكتىك داستان بولۇپ، باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى شېئىر شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا نەسرىي ھەم نەزمىي يول بىلەن يېزىلغان ئىككى مۇقەددىمىدىن تاشقىرى، ياشلىق باھارىغا ئېچىنىش ھەم

ئەسەردە ئاپتور، ئاساسەن دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ھەم ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئۇسۇلدا يەنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق كۆركەم ئەدەبىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان. ئەسەردە تاللىۋېلىنغان ئوبرازلار: پادىشاھ كۈنتۇغدى — ئادالەت ۋە قانۇنغا، ۋەزىر ئايتولدى — بەخت - سائادەتكە، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش — ئەقىل - ئىدراكقا، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى ئودغۇرمىش — قانائەتكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئەسەردىكى ۋەقەلىك باشتىن - ئاخىر تۆت شەخس ئوتتۇرىسىدىكى سوئال-جاۋاب ۋە مۇنازىرە بىلەن راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتى شۇ يەردىكى: ئاپتور تۆت سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋابلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھ ۋە ئوردا خادىملىرىغا كۆپلىگەن پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى سىنىپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئۇلارغا قانداق پوزىتسىيىدە ۋە قانداق ئالاقىدە بولۇش لازىملىقىنى سۆزلەيدۇ. شۇنداقلا ئوردا خادىملىرى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بۇرچى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىدىن بىز ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ئۈستىدىلا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەينى زاماندىكى قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيمىز.

5. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا تۇتقان ئورنى غايەت زور. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈكسەك بىر ئۆلگە: ① بۇ

كى تۆنجى قېتىملىق مۇنىمىنتال (ھەشمەتلىكلىكى بىلەن كاتتا تەسىر قوزغىغان، مول مەزمۇنغا ئىگە) ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭدا XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى ۋە بەدىئىي ماھارەتنىڭ يۈكسەك پەللىسى نامايان قىلىنغان؛ ② «قۇتادغۇبىلىك» يالغۇز دىداكتىك (پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى) ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى لىرىك ئەسەردۇر؛ ③ «قۇتادغۇبىلىك» تە دراماتىك ئېلېمېنتلارمۇ بار. بۇ ھەقتە تۈرك ئەدەبىياتشۇناسى كىلىسلى رىفئەت، ئايتولدىنىڭ ئۆلۈمىنى «ئىنتايىن كۈچلۈك بىر دراما» دەپ توغرا باھا بەرگەن.

ئومۇمەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك بىر نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

6. دەرسلىك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئىنسان بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى بايانىدا» دېگەن بۇ پارچە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 6 - بابى بولۇپ، شائىر داستانىنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رامكىسى بويىچە ئالدى بىلەن خۇداغا (1 - باب)، پەيغەمبەر (2 - باب)، چاھارىيالارغا (3 - باب) مەدھىيە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شاھقا (4 - باب) مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «يەتتە يۇلتۇز، ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» دېگەن بابىتىن (5 - باب) كېيىنلا ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلايدىغان بىردىنبىر نەرسىنىڭ بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مەركىزىي ئىدىيىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەقىل، پەزىلەت،

ھەقىقىي ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ساۋات ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىنى ساقلاشتىكى ئەڭ ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەتتا قۇلمۇ بىلىمنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، ئوقۇشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىپ بۇ شەرتىنى ئورۇنداندىلا. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى، بىلىم ۋە ئەقىل كىمدە، قەيەردە بولسا ئۇلۇغلۇق، كۈچ - قۇدرەتنىڭ شۇ يەردە، شۇ كىشىدە ئىكەنلىكى. ئەكسىچە بىلىمسىز كىشىلەر جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام. بېجىرىم بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە ھەممىسى كېسەل بولىدىغان-لىقى، ئۇنى ساقايتىشنىڭ بىردىنبىر زۆرۈر شەرتى ئەقىل ۋە بىلىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەڭ ئاخىرىدا شائىر «جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل، بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل» دەپ بىر پۈتۈن شېئىردىن (بۇ بابتىن) خۇلا-سە چىقارغان.

ئىلىم - پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈن-كى دۇنيادا شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ھېلىھەم توغرىلىقى ئىسپاتلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شېئىرنى ئۆگىنىش، روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش بىزنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە، ئىلمىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىزدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچە ھەققىدە**

1. ئەھمەد يۈكنەكى كىم؟ قايسى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ئەسىرى بىزگە يېتىپ كەلگەن؟ شائىر-

نىڭ ھاياتى - پائالىيىتى ھەققىدە نىمىلەرنى بىلىسىز؟

2. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نەچچە باب، نەچچە مىسرادىن تەشكىل تاپقان؟ قاچان يېزىلغان، قانداق نۇسخىلىرى بار؟ ئۇنىڭدا قانداق كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

3. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»داستانىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچىدا قانداق ئىجابىي ۋە ناتوغرا پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

1. ئەدىب ئەھمەد يىنى مەھمۇد يۈكنەكى XII ئەسىر-نىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋ-رىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر شائىرلارنىڭ بىرى. بىزگىچە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق بىرلا ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. شائىرنىڭ تولۇق تەرجىمىھالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. داستانغا قوشۇمچە قىلىنغان (باشقىلار تەرىپىدىن) شېئىرلاردىن ئۇنىڭ ئىسمى ئەھمەد، ئاتىسى مەھمۇد بولۇپ، قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يۈكنەك دېگەن يەردىن ئىكەنلىكى ۋە كۆزىنىڭ تۇغما ئەما ئىكەنلىكى مەلۇم.

2. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» 14 بابلىق چوڭ ھەجىملىك، دىداكتىك خاراكتېرىدىكى داستان بولۇپ، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىنرەك باشقىلار تەرىپىدىن يەنە ئۈچ پارچە شېئىر قوشۇلۇپ 512 مىسراغا يەتكەن. بۇ ئەسەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرى مۇسەممەن مەقسۇر ۋەزىن تۈرى (يەنى پەئۇلۇن ۋەزنىنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشى، پەئۇل ۋەزنىنىڭ قوشۇلۇشى)دە يېزىلغان. شائىر بۇ داستانىنى XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان. ئەسەرنىڭ بىزگىچە ئۈچ قوليازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن.

«A» نۇسخا. ئىككىنچىسى: ئىستانبۇلدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا فۇرمۇ قۇر بىللە كۆچۈرۈلگەن «B» نۇسخا. ئۈچىنچىسى: ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «C» نۇسخا بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا.

داستاندا شائىر ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتى، بىلىملىك بولۇشنىڭ، تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى، بەخت - سائادەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى، تىلغا پىششىق بولۇشنىڭ پايدىسى، تىلنىڭ پەزىلىتى يەنى سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇش، لازىم بولغىنىدىن ئارتۇق سۆزلىمەسلىك، راستچىل، سەممىي بولۇش، سىر ساقلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەمدە ئادىل بولۇش، ئۆچ - ئاداۋەت ساقلىماسلىق قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلغان. نادانلىق، جاھىللىق، خەسىسلىك، ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىقتەك ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلغان.

داستان تىل خۇسۇسىيىتى، مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

3. دەرسلىك كىتابتا كىرگۈزۈلگەن «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىدا شائىر بىلىم ئىگىلىرىنى ئالتۇن تىللاغا، ئۇستىخان (سۆڭەك)نىڭ ھاياتىي كۈچ مەنبەسى بولغان يىلىككە، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ئەرگە؛ بىلىمسىزلەرنى بولسا قىممىتى يوق يارماققا، يىلىكسىز ئۇستىخانغا، ئايالغا ئوخشىتىش ھەمدە بىلىملىك كىشىلەر ئۆلسىمۇ ئۇلارنىڭ نامى، تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقى، بىلىمسىزلەرنىڭ جىسمى گەرچە تىرىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ روھى ئۆلۈكلۈكى، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقلۇقى... قاتارلىق مىساللار ئارقىلىق بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر-

دەرىجىدە مەدھىيىلىگەن. بىلىمسىز نادانلارنى، جاھىللارنى تەنقىد قىلىغان. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، بىلىم ئارقىلىق دۇنيانى تونۇپ، ئۆز قىممىتىنى جارى قىلدۇ-رۇپ، بىلىم ئارقىلىق دۇنيانى (جۇملىدىن ئۆز تەقدىرىنى) ئۆزگەرتىپ قۇدرەت تېپىشقا دەۋەت قىلغان.

شائىر بۇ پارچىدا يۇقىرىقىدەك ئەجايىب پىكىرلەرنى تەشەببۇس قىلىش داۋامىدا دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دېگەن فېئوداللىق ئەخلاقىنى، باشقا دىنىي ئېتىقادتىكىلەرنى كەمسىتىدىغان دىنىي ـ ئەقىدىنىمۇ ۋاستىلىك يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل قاراشقا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

## «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟ باقى، باھارخان ئوبرازلىرى قانداق كىشىلەر-نىڭ تىپى؟ 3. ھېكايىنىڭ ھەربىر بۆلىكىدە قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 4. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى-دىن بىرى، مەشھۇر دراماتورگ، يازغۇچى زۇنۇن قادىر (1912 — 1989) نىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق بۇ ھېكا-يىسى (1946) چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا، 1 -، 3 - شەخس تىلىدا، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە 40 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرى-مىدىكى شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ تىپىك مۇھىتى يەنى كومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ (جۇملىدىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ) ئادالەتسىز تۈزۈمى، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ زۇلمى، قاتمۇ قات ئالۋان - ياساق، شۇنىڭدەك نامۇۋاپىق ئۆرپ - ئادەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان، ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان باقى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تراگېدىيىسىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى تەڭسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتى، ياشاش شارائىتى ۋە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

2. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى باقى — ئەسلىدە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان دېھقان بولۇپ، ئادالەتسىز تۈزۈم، قاتمۇقات زۇلۇم تۈپەيلىدىن چىقىش يولى تاپالمىغان، ياشاش ھوقۇقىدىن، ئىنسانىي تەلەپ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان مىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى.

ئاپتور ھېكايىدە ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن زىددىيەتلەر ئىچىدىن ئادەمخور جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيىتى بولغان تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىكتىن ئىبارەت زىددىيەتنى، ئەنە شۇ زىددىيەت (مۇھىت) ئىچىدە ھاياتى ۋاقىتسىز نابۇت قىلىنغان كىشىلەر ئىچىدىن باقى ئوبرازىنى سۈرەتلەپ، ئەينى دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى، ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ تەقدىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

باھارخان — ئەسەر باش قەھرىمانى باقى ئوبرازىنى سۈرەتلەش، ئەينى دەۋردىكى تەڭسىز ئىجتىمائىي مۇھىتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان يانداش پېرسوناژ. ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جاپاكەش،

گۈزەل خۇلقىنى، پەزىلىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئايال بولۇپ، ئادالەتسىز تۈزۈم، قاتمۇقات زۇلۇم تۈپەيلىدىن ھاياتىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرەلمەي ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىدۇر.

3. ھېكايە باش تېمىنىڭ ئېھتىياجى، كومپوزىتسىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلەكتە: باقى ۋە باھارخانغا ئوخشاش مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئېزىلگۈچىلەرگە ئازاب - ئوقۇبەت؛ قانخور زالىملارغا، سۈتخور بايلارغا، يەر ئىگىلىرىگە پايدا - مەنپەئەت، مەئىشەت ئېلىپ كېلىدىغان مەنبە يەنى يېزا مۇھىتى — ئورما ئورۇش، خامان ھەيدەش داۋام قىلىنىۋاتقان جاپالىق ھايات، ئەنە شۇ مۇھىت ئىچىدە ماغدۇرىدىن كەتكەن باقىنىڭ نىمجان ھالىتى، باقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ يەر ئىگىلىرى، ئارىدا پايدا ئالغۇچى ئورتاقچى دەللاللار ۋە قاتمۇقات سېلىق تۈپەيلىدىن ماغدۇرىدىن كېتىشتىكى بىر بۆلۈك سەۋەبلەر سۈرەتلەنگەن. ئىككىنچى بۆلەكتە: باقى ئائىلىسىنىڭ خانىۋەيران بولغان، ماغدۇرىدىن كەتكەندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ نىمجان ھالىتى، ئاچلىق ئازابى ۋە بۇ ئائىلىدىكى دېتال تەسۋىرلىرى (نەرسە - كېرەكلەر) ئارقىلىق سۈرەتلەنگەن. ئۈچىنچى بۆلەكتە: باقىنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت باغلىغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان مۇھەببەتلىك ھاياتى ۋاستىلىك تەسۋىرلەش (يەنى باقىنىڭ تىلى بىلەن)، قىستۇرما بايان قىلىش ۋە باقىنىڭ ماغدۇرىدىن كەتكەندىن كېيىنكى ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇنىڭدەك «مەن» ھېسسىياتى ئاساسىدا سۈرەتلەنگەن. تۆتىنچى بۆلەكتە: باقى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ماغدۇرىدىن كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر ھەمدە باقى،

ھېكايىنىڭ سۇژېت بۆلەكلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىش مۇمكىن: كۆچ - قوۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ھاياتقا تولۇپ - تاشقان مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان باقىنىڭ ماغدۇرىدىن كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ باشلىنىشى ھېكايىنىڭ تۈگۈنىدۇر. باقىنىڭ شەھەرگە كىرىپ كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يولغا قويغان ئادالەتسىز تۈزۈم تۈپەيلىدىن قاتمۇقات «ئۆتكۈشسىزلىق» لارغا ئۇچرىشى، ئېتىدىن ئايرىلىشى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ نامۇۋاپىق ئۆرپ - ئادەت تۈپەيلىدىن ئۆكۈزدىن ئايرىلىشى، قاتمۇقات ئالۋان - ياساقلار تۈپەيلىدىن يەردىن ئايرىلىشى (ھېكايىنىڭ 4 - بۆلىكى)، شۇنىڭدەك باقى ھايات كەچۈرگەن يېزا، ئائىلە مۇھىتى، بۇ جەرياندىكى ئەھۋاللار (ھېكايىنىڭ 1 -، 2 - بۆلىكى) قىسقىسى: ئەينى دەۋردىكى قاتمۇقات زۇلۇم (سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم) تۈپەيلىدىن دېھقان بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان دېھقانچىلىق قىلىش ئىقتىدارىدىن، ئادەمدەك ياشاش شارائىتىدىن مەھرۇم قىلىنىشى، باھارخاننىڭ ئۆلۈمى قاتارلىقلار ھېكايىنىڭ راۋاجىدۇر. باقىنىڭ ئۆلۈمى، زۇلۇم ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرلەردىكىگە قارىغاندىمۇ ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئاشۇ دەۋردە قارا يېتىم بولغان باللارنىڭ «ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟» دېگەن سوراقلىق قاراشلىرى ھېكايىنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسىدۇر. كىتابخان ھېكايىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە باقىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان (بۇ ھېكايىنىڭ 3 - بۆلىكىدە قىستۇرما بايان بىلەن بېرىلگەن) ۋاقتى بىلەن بۇ پاجىئە ئىختىيارسىز كۆز ئالدىدا سېلىشتۇرما بولۇپ، قەلبى لەرزىگە كېلىدۇ. باقىنىڭ مۇڭلۇق قەبرە ئاستىغا كىرىپ كېتىشى ھېكايىنىڭ يېشىمىدۇر (ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرگەندە).

4. ھېكايىنىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ: ① ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە: ھېكايىدە باشتىن ـ ئاخىر تەسۋىر (جۈملىدىن ئۇنىڭ تۈرلىرى)، لىرىكا، بايان ئۆزئارا زىچ گىرەلەشتۈرۈپ يېزىلغان. ھېكايىنىڭ ھەربىر بۆلىكىدە جۈملىدىن ھەربىر تەبىئىي ئابزاستا مۇشۇنداق ئەپچىل ئۇسۇل قوللىنىلغاچقا سۈرەتلەنگەن ھەربىر مەنزىرە، ھەربىر پېرسوناژ ئىنتايىن نەپىسلىككە، جانلىقلىققا ئىگە قىلىنغان. ② تىل جەھەتتە: ھېكايىنىڭ تىلى ئىخچام ۋە لىرىكىلىق، ئوبرازلىق بولۇپ، خەلق ناخشىلىرى، خەلق ماقالى، سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، رىتورىك خىتاب، رىتورىك سوراق، سۈپەتلەش، كىنايە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوي ـ پىكىر ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. پېرسوناژلار تىلى جۈملىدىن ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلار تىلى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قىلىنغان. شۇ جەرياندا يەرلىك شېۋىلەر ئىنتايىن جايىدا قوللىنىلغان. ③ كومپوزىتسىيە (قۇرۇلما) جەھەتتە: ئاپتور ھېكايىدە باقى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ماغدۇرىدىن كېتىشىدىكى سەۋەبلەر، ماغدۇرىدىن كەتكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشى، ئاخىرقى تەقدىرىنى ھېكايىنىڭ ئاساسىي سۇژېت لىنىيىسى قىلىپ، بۇ ئاساسىي لىنىيە ئىچىگە باقىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغلىرىنى قىستۇرما بايان ئۇسۇلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ (3 ـ بۆلەكتە) روشەن سېلىشتۇرما قىلغان ھەمدە باشتىن ـ ئاخىر 3 ـ شەخسنىڭ (باقى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ) پائالىيىتى ھېكايىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ لىنىيە 1 ـ شەخس «مەن» نىڭ سەزگۈسى، ھېسسىياتى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە «مەن» نىڭ ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلغاچقا، ھېكايە تىلى خۇددى لىرىك نەسىرنىڭ تىلىغا ئوخشاش تولىمۇ لىرىكىلىق چىققان.

## «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايە ھەققىدە

1. «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايىدە، ئاپتور نۇردۇن ھاكىمنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەن. بۇنداق يېزىش ئۇسۇلىنىڭ نۇردۇن ھاكىم خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە قانداق رولى بار؟ 2. ئاپتور ھېكايىدە نۇردۇن ھاكىم ۋە مەخسۇت ھاكىم ئوبرازلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق قانداق ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن؟ 2. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. ئەخەت تۇردى (1940 — ) نىڭ «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ئاپتور ھېكايىدە ئەسەر ماۋزۇسىنىڭ، ئىدىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەسەر باش قەھرىمانى نۇردۇن ھاكىمنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدىكى ھېسسىياتى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ھېكايىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى قىلىپ نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن. باشقا ئەھۋاللارنى قىستۇرما بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئاساسىي لىنىيە ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، نۇردۇن ھاكىمنىڭ روھىي ھالىتى، ھېسسىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. بۇنداق يېزىش ئۇسۇلى نۇردۇن ھاكىمنىڭ ناتوغرا مۇناسىۋەتكە، داستىخانغا تايىنىش ئارقىلىق ئاتالمىش ھۆرمەت، ئىناۋەت تاپقان ئەمما روھىي دۇنياسى قۇپقۇرۇق، ئىلىم - مەرىپەتتىن ئەسلا خەۋىرى يوق خاراكتېرى، يارىماس خىزمەت ئىستىلى،

ئىدىيىۋى پەزىلىتى، ھايات مەنتىقىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

2. ئاپتور ھېكايىدە نۇردۇن ھاكىم ۋە مەخسۇت ھاكىم ئوبرازلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىلىم - پەن كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلىملىك، پەزىلەتلىك، قابىلىيەتلىك رەھبەرىي كادىرلارغا موھتاج دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

3. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە: ① ئېپىگىراف بىلەن ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى، مەركىزىي ئىدىيە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن؛ ② ھېكايىنىڭ باش - ئاخىرى ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان. يەنى ھېكايە ئىمتىھان ئېلىنىش ھەققىدىكى باياندىن باشلىنىپ ئاخىرى ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسى ۋە كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان سوراق بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان؛ ③ تىل جەھەتتە ئاپتور نۇردۇن ھاكىمنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش جەريانىدا ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق ۋاسىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ ئارقىلىق نۇردۇن ھاكىمنىڭ خاراكتېرىنى، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئوبرازلىق، جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

## XII ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە

1. XII ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى كىملەر؟ ئۇلار شۇ دەۋر مەدەنىيىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ 2. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى قانداق رول ئوينىغان؟ ئۇيغۇر تىلى نېمە ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان؟

1. قەدىمي تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XII ئەسىر-

بۇ دەۋرلەردە ياشىغان نەسىردىن رابغۇزى، مەۋلانى لۇتفى، يۇسۇپ سەككاكى، ئاتايى ۋە ئەلىشىر نەۋائىلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى مۇھىم نامايەندىلىرىدۇر.

بۇ دەۋرلەردە زالىم شاھلار، قانخور ئەمەلدارلار، مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا قالغان خەلقنىڭ ئادالەتسىزلىككە، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە، جاھالەتكە، ئىچكى نىزالارغا قارشى نارازىلىق گۈلخانلىرى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىغان، بۇ ھال ئەينى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا روشەن ئەكس ئەتكەنىدى.

بۇ دەۋرلەردە ئاشۇ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، جاھالەتكە مەدھىيە ئوقۇغۇچى ساراي شائىرلىرى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىلىق) تەرەپدارلىرىنىڭ پاسسىپ، چۈشكۈن ئەدەبىي ئېقىمى ئەدەبىيات گۈلشىنىنى تۇمانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. لېكىن بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بولغان نەسىردىن رابغۇزى، مەۋلانى لۇتفى، يۇسۇپ سەككاكى، ئاتايى ۋە ئەلىشىر نەۋائىلار شۇ دەۋردىكى ئىلغار ئەدەبىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىپ، خەلقنىڭ نىجاتلىق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى گۇمانىستىك ئەسەرلىرى بىلەن تۇمانلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئەدەبىيات گۈلشىنىگە باھار ئاپتىپى بەخش ئېتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى سەھىپىلەر ئاچقانىدى.

2. XIII ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ئىشلىگەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرى ۋە دۆلەت

بىلەن بۇ ئىمپېرىيىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا يەنىلا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مەدەنىي ھاياتقا كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى) بۇ دەۋردە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت يېزىقى بولغان، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى) بولسا، موڭغۇل تىلى ئۈچۈن رەسمىي ئېلىپبە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينىغانىدى.

ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي جەھەتتىن گۈزەل، چۈشىنىشلىك. كۆپ ئىپادىلىك تىل بولغانلىقتىن، چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئۇ «چاغاتاي تىلى» نامى بىلەن ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىغان. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى: گۇمانىستىك ئەدەبىياتتىن ئىبارەت.

## لۇتفى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن غەزىلى ھەققىدە

1. لۇتفى كىم؟ لۇتفىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ. 2. لۇتفى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئۇ قانداق ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن؟ 3. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن «غەزەل» دە قانداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ قانداق مەجازى ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟

ئەسىردە ياشىغان، تۈركىي خەلقلەرگىلا ئەمەس، پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرق دۇنياسىغا تونۇلغان، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا ئۆز دەۋرىنىڭ «مەلىكۇل كالامى» دەپ نام ئالغان رومانتىك يىرىك ۋە لىرىك شائىرى.

لۇتفى شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرىدە (بەزى مەنبەلەردە ئۇ ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن ھىرات ۋە ماۋارەئۇننەھىر قاتارلىق جايلاردا ياشىغان دېيىلىدۇ) تەخمىنەن 1367 - يىلى تۇغۇلۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزگەن ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆز زامانداشلىرىدىن سەككاكى قاتارلىقلار بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇيغۇر تىلىدا ياراتقان ئاجايىپ لىرىك ئەسەرلىرى بىلەن چوڭ شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭدىن باشقا لۇتفىنىڭ پارس تىلىدا يازغان بىر قاتار لىرىك ئەسەرلىرىمۇ بەدىئىيلىك جەھەتتىن شۇ دەۋردە لۇتفىغا زامانداش بولغان مەشھۇر پارس شائىرلىرىدىن خۇجا ھاپىز شىرازى، شەيخ سەئدى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. لۇتفىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان مۇكەممەل بىر دىۋانى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە قولىيازما نۇسخىلىرى ھازىر تاشكەنت، لېنىنگراد، ئۇلۇغ بىرىتانىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. بۇ دىۋان 280 غەزەل، ئىككى قەسىدە، 18 قىتئە ۋە بىرقانچە تۇيۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لۇتفىنىڭ غەزەللىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى، مەجازى ۋاسىتىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى جەھەتتىن XV ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرى-

ئەسەرلىرى تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى مەشھۇر شائىرلارغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

لۇتفىنىڭ لىرىك غەزەللىرىدىن باشقا «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لۇتفىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى — XV ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى شەرەپىددىن ئەلىيەزدىنىڭ پارس تىلىدىكى «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن شېئىرىي داستان شەكلىدە يېزىپ چىققانلىقىدۇر. «سەپنەتۇش شۇئەرا» ناملىق كىتابتا «بۇ ئەسەر 20 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق مەسنەۋى شەكلىدىكى شېئىرىي داستان» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1466 - يىلى ۋاپات بولغان.

2. لۇتفى ئۆز ئەسەرلىرىدە رېئال ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، ئادالەتنى، ھۆرلۈك - سائادەتنى، ئاياللار باراۋەرلىكىنى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان. رېئال ھاياتتىكى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى خىيالىي جەننەتنىڭ مەئىشتىدىن يۇقىرى بىلگەن. چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، پىداكارلىق، ساداقەت، قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ۋە بۇ خىل ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ساداقەت، ۋاپادارلىققا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپ، دىيانەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىققا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرگەن. چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچى ياۋۇز قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان زالىم شاھلارنى قاتتىق قامچىلىغان.

3. دەرسلىك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «غەزەل» دە شائىر ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس

ئۇنىڭغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەس پەزىلەتلەرنىڭ بىرى ۋاپادارلىق ئىكەنلىكىنى؛ بۇ خۇددى تەندىكى جانغا، گۈلنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقىغا ئوخشىتىلىپ ئەگەر ئادەمدە ۋاپادارلىق بولمىسا ئۇ قۇياشتەك نۇرلۇق، ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئادەمگە پەقەت ئازاب - ئوقۇبەت كېلىدىغانلىقى، ئىنساندا ۋاپادارلىق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە شۇنىڭغا لايىق مېھرىبانلىقمۇ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

شائىر بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش داۋامىدا رىتورىك سوئال، ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى (مەجازى ۋاسىتىلەرنى) قوللانغان.

## نەۋائىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى، ئىجادىيىتى ھەققىدە

1. ئەلىشىر نەۋائى كىم؟ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟ 2. نەۋائى ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يىرىك نەمۇنىلەر نېمىلەردىن ئىبارەت؟ «چاھاردىۋان» دا قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 3. «خەمسە» ناملىق داستانلار توپلىمى نەچچە داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى مەدھىيىلەنگەن ۋە نېمىلەر پاش قىلىنغان؟ 4. نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى قانداق؟

1. ئەلىشىر نەۋائى XV ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەڭداشسىز تەسىر

بۈيۈك گۇمانىست (ئىنسانپەرۋەر) شائىر.

غىياسىددىن كىچىك ئوغلى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي (تولۇق ئىسمى — غىياسىددىن بارلاس ئىبنى نىزامىددىن ئەلىشىر بولۇپ، «نەۋائىي» ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. سۆز مەنىسى — مۇزىكىلىق، ئاھاڭدار، ناۋا قىلماق، كۈي، پەرۋاز قىلماق دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. نەۋائىي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە بۇ تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن. بەزى ماتېرىياللاردا شاگىرتلىرى ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ ناۋا مۇقامىنى ئىجاد قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. نەۋائىي يەنە «پانىي» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئىشلەتكەن. مەنىسى — ۋاقىتلىق، يوقالغۇچى دېگەن مەنىدە. بۇ تەخەللۇسنى پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە قوللانغان) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرىدە (ھازىر بۇ شەھەر ئافغانىستان تەۋەلىكىدە) 1441 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇغۇلۇپ، 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاپات بولغان ھەم شۇ شەھەرگە دەپنە قىلىنغان.

نەۋائىينىڭ ئائىلىسى ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى بىلەن يېقىن ئالاقىدە ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى غىياسىددىن بارلاس خوراسان شاھى ئۇبۇلقاسىم بابۇر سارىيىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغانىدى. نەۋائىي كىچىكىدىنلا ئىلىم - بىلىم، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئىنتايىن زور ئىشتىياق بىلەن بېرىلگەنىدى. ئۇ باشلانغۇچ ساۋاتىنى ھىراتتا چىقارغان. ئۇنىڭ ئاجايىپ قابىلىيىتى ۋە تالانتى ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىلا ھەممىگە مەلۇم بولغانىدى. لېكىن ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسى ھىراتتىن ئىراقنىڭ تەفت شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىشقا توغرا كەلگەچكە، ئوقۇشنى تەفت شەھىرىدە داۋاملاشتۇردى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەندە بابۇر شاھ تەختكە چىقتى. نەۋائىينىڭ دادىسى يەنە

ئەلىشىر ئوقۇشىنى يەنە ھىراتتا داۋام قىلدى. ئەلىشىر كىچىكىدىن تارتىپلا بەكمۇ ئىرادىلىك، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق بالا ئىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلگەنىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن تولۇق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئالىمى ۋە مەشھۇر شائىرىغا ئايلاندى. ئاساسىي ئۆمرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، شېئىرىيەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتتى.

نەۋائىي ئۆز زامانىسىدىكى خوراسان مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ (1469 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان) ساۋاقدىشى ۋە دوستى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ بىر مەزگىل ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، بىرقاتار خەلقپەرۋەر تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ تەشەببۇسى، شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن شائىرلار، مۇزىكانتلار، مۇئەررىخلەر تەرىپىدىن بىرقاتار ئۆلمەس قىممەتلىك ئەسەرلەر يارىتىلغان. بىراق ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى جاھىل كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئوردىدىن ھەم پايتەخت ھىراتتىنمۇ ھەيدەلگەن. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ زىددىيەتلەر ئىچىدە باشتىن كەچۈرگەنلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىجتىمائىي بىلىم بەرگەن. بۇ بىلىم ۋە سەرگۈزەشتىلەر ئۇنى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە تېما بىلەن تەمىنلىگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن شۇ چاغلاردا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يازغانىدى. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن بىللە پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشقان،

تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئاجايىپ پارلاق ئۈلگىلەرنى ياراتقانىدى.

2. نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق شېئىرلار دىۋانى ھەم «خەمسە» داستانلار توپلىمى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يىرىك نەمۇنىلەردۇر.

«خەزائىنۇل مەئانى» ئاساسەن غەزەللەردىن ئىبارەت بولۇپ، لىرىك شېئىرلارنىڭ 16 خىل لىرىك تۈرلىرىدىن تەركىب تاپقان، جەمئىي 48803 مىسرالىق 3130 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چاھار (تۆت) دىۋان» (بۇ «چاھار دىۋان» غەرايىببۇسسىغەر — بالىلىق غارايىپلىرى، نەۋادىرۇششەباب — يىگىتلىك نادىرلىقلىرى، بەدايىئۇلۋەسەت — ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى، خەۋائىدۇلكىبەر — قېرىلىق پايدىلىقلىرىدىن ئىبارەت تۆت دىۋاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۇر. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى سەمىمىيلىككە، گۈزەللىككە، ۋاپادارلىققا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببەت بىلەن، ساختىپەزلىككە، ۋاپاسىزلىققا نىسبەتەن چەكسىز نەپرەت بىلەن تولغان لىرىكىلاردۇر.

3. «خەمسە» داستانلار توپلىمى — «ھەيراتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى)، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار» (يەتتە سەييارە)، «سەددى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) قاتارلىق بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شائىر بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كلاسسىك شائىرلار يازغان، خەلق ئىچىدە رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن مەشھۇر ئەنئەنىۋى ۋەقەلىك ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا دادىل پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىجادىي، جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن جانلىق، تىپىك قەھرىمانلارنىڭ لىرىك ئوبرازىنى ياراتقان. نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنى بەدىئىي جەھەتتىن يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ داستانلار توپلىمىدىكى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە

باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق، سەنئەتكارلىقتىن ئىبارەت ئالىيجاناب گۈزەل پەزىلەتنى چوڭقۇر ئىشتىياق ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن مەدھىيىلىگەن. زالىم پادىشاھلارنىڭ، مەككارلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى پاش قىلغان.

4. نەۋائى ئەسەرلىرى تېماتىك مەزمۇن، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ خىل بولۇشى، ھەجمى جەھەتتىن كۆپلۈكى بىلەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى، باشقا تېمىلارغا ئائىت ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە شۇ دەۋر ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، سەنئەتكار دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدىن چوڭ ئوزۇق ئالغان نەۋائى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. نەۋائىدىن كېيىن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىر ئۇستازى ساناپ ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان. نەۋائى ئەسەرلىرى تۆت ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان قولدىن چۈشۈرۈلمەي ئەتىۋارلىق بىلەن ئوقۇلۇپ كېلىندى. ئۇيغۇر مەدرىسە، مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ كەلدى. مەشھۇر ئۇيغۇر مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نۇرغۇن ساز - نەغمىلىرى نەۋائىنىڭ غەزەللىرى بىلەن بېيىتىلدى. بولۇپمۇ نەۋائىنىڭ ئادالەت، ھەققانىيەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، راستچىللىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى كېيىنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن غايەت زور تەسىر ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە.

## نەۋائىنىڭ «تىل ھەققىدە» شېئىرى ۋە «پەرھاد - شىرىن» داستانى ھەققىدە

1. نەۋائىنىڭ «تىل ھەققىدە» ناملىق شېئىرىدا قانداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 2. «پەرھاد - شىرىن» داستانىنىڭ باش تېمىسى نېمە؟ 3. ئەسەردىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار قايسىلار؟ 4. پەرھاد ۋە شىرىن ئوبرازلىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلىڭ. 5. پەرھاد بىلەن شاپۇرنىڭ دوستلۇقى ئەسەردە قانداق بايان قىلىنغان؟

«تىل ھەققىدە» ناملىق بۇ قىتئە (پارچە) خاراكتېر جەھەتتىن لىرىك شېئىرلارنىڭ قەسىدە تۈرىگە، شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى شېئىر شەكلىگە كىرىدۇ.

1. شائىر بۇ شېئىرىدا ئوخشىتىش، رىتورىك خىتاب، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئىپادە قىلىدىغان ئالاقە قورالى، ئىلىم - پەننىڭ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ۋاستە بولغان تىلنى تەرىپلەپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەققىي تونۇپ، ئۇنىڭ ساپلىقى، گۈزەللىكىنى قوغداشنى، شۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرى ئارقىلىق ئۆز قەلبىنى ۋە ئۆزگە قەلبلەرنى نۇرلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

2. «پەرھاد - شىرىن» داستانىنىڭ باش تېمىسى — ئەمگەكچانلىق، باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق، سەنئەتكارلىقتىن ئىبارەت ئالىيجاناب گۈزەل پەزىلەتنى مەدھىيىلەش، زالىم پادىشاھلارنىڭ، ھەككارلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئۈستىلىق بىلەن پاش قىلىشتىن ئىبارەت.

شاپۇر، مېھمانبانۇ: سەلبىي پېرسوناژلار — خسراۋ، جادۇگەر موماي (ياسمەن)، شىرۇيا قاتارلىقلاردۇر.

4. داستاننىڭ باش قەھرىمانى پەرھاد — ئەمگەكچانلىق، ئىجادكارلىق، باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق خىسلەتلىرىگە، ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ۋە ئۆتكۈر پاراسەتكە ئىگە بولغان ئالىيجاناب، شەخسىيەتسىز پىداكارلارنىڭ ئوبرازىدۇر.

نەۋائىي بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشىنى شۇنىڭدەك كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىپادىلىگەن.

داستاننىڭ يەنە بىر باش قەھرىمانى بولغان شىرىن — قەيسەر ئىرادىلىك، خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، بىلىملىك، ۋىجدانلىق، چىن ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە ۋاپادارلارنىڭ ئوبرازىدۇر.

نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتى ئەمگەكچانلىق، باتۇرلۇق، ساداقەت، ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك. زالىم كۈچلەر ئالدىدا باش ئەگمەسلىكتەك ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن، يۈكسەك خەلقچىللىق روھى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ داستان ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

5. چىنماچىن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئىرانلىق يىگىت شاپۇرنىڭ دوستلۇقى ئەسەردە ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە كۈرەش ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور بۇلارنىڭ دوستلۇقىنى ئەسەرنىڭ بېشىدىن يېشىمىگە قەدەر بىر پۈتۈن ئەسەرگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقىي دوستلۇق، ھەمكارلىق كىشىلەرنىڭ يۇرتى، ئېتىقادى، مەرتىۋىسى، بايلىقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى چىن ئىنسانىي خىسلەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلۇشى

ىنكلا مەككۇلۇك ۋە يىمىرىلمەس بولىدىغانلىقىنى، بۇ خىل دوستلۇقنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ياۋۇزلۇق، ئەپلاسلىق ۋە قارا كۈچلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى، ئەل ئارىسىدا ئادالەت ۋە ئاساپىشلىق باش كۆتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

### «خەسىس» ناملىق پارچە ھەققىدە

1. «خەسىس» ناملىق پارچىدا تەسۋىرلەنگەن گرانتې قانداق ئوبراز؟ ئاپتور بۇ ئارقىلىق نېمىنى پاش قىلغان؟

2. پارچىدا گرانتېنىڭ خاراكتېرى قايسى ۋەقەلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن؟

1. «خەسىس» ناملىق بۇ پارچە، XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان فرانسىيىنىڭ تەنقىدىي رېئالىست يازغۇچىسى بالزاك (1799 — 1850) نىڭ «يېۋگېنى ـ گرانتې» رومانىنىڭ «ئائىلىدىكى ھەسرەت» بابىدىن ئېلىنغان.

گرانتې — ئەسلىدە بىر سوغىچى بولۇپ، XVIII ئەسىردە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان ۋەزىيىتى ئاستىدا، بىسىمدارلىق، ھايانكەشلىك، كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ بىردىنلا بېيىپ كەتكەن. پۇل ـ مال ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىنى ئىشقا سالىدىغان ھەتتا خوتۇنى ۋە قىزىنىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن شىلىپ قىيناپ كەلگەن، زومىگەر، رەھىمسىز، پىخسىق، ئاچكۆز ۋە ھىيلىگەر، بۇرژۇئازىيىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىپادىسىنى تاپقان تىپىك ئوبرازدۇر.

ئاپتور كاپىتالىزمنىڭ گۈللىنىش شارائىتىدا يېتىشكەن

تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قىپيالىڭاچ پايدا - زىيان، پۇل مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلغان.

2. ئاپتور بۇ پارچىدا گرانتېنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى كارىل، يېڭىگىنىگە سوۋغا سۈپىتىدە ساقلىشىغا بەرگەن پەرداز قۇتىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئالتۇن قۇتىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن تارتىۋالماقچى بولغانلىقى، مال - دۇنيا ئۈچۈن خوتۇنىنى، قىزىنى ئۆمۈربويى ئازابلىغانلىقى، ئايالى ئاشۇ ئازاب تۈپەيلىدىن جان ئۈزگەندىن كېيىن ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن قىزىنىڭ ئانىسىنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقى، پالەچ بولۇپ قالغان، سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئالتۇن جۇغلانغان ھۇجرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يېتىپ، ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى قىزىغا بېرىشكە ئىشەنمىگەنلىكى، جان ئۈزۈش ئالدىدا پوپنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خرىستوسنىڭ مۇقەددەس بۇتىنى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن لېۋىگە ئېلىپ بارغاندا، گرانتې كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئاچكۆزلۈكى بىلەن ئالتۇن يالىتىلغان بۇتنى قاماللاپ تۇتۇۋالغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر ۋە ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىدا «ھەممە نەرسىلىرىمگە ياخشى قارا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ماڭا ھېساب بېرىسەن» دېيىشى گرانتېنىڭ ساختا، رەھىمسىز، مال - مۈلۈك دېسە جېنىنى ساتىدىغان، ئاچكۆزلۈك، ھىيلىگەرلىك ئادىتىگە ئايلانغان خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن.

### «پلىيۇشكىن» ناملىق پارچە ھەققىدە

1. «پلىيۇشكىن» ناملىق بۇ پارچىدا پلىيۇشكىننىڭ كۆرۈنۈشى قەلەندەردەك، ئەمەلىيەتتە بولسا چوڭ باي ئىكەنلىكى قايسى تەرەپلەردىن يېزىلغان؟ 2. ئۇنىڭ نومۇسسىز، پىخسىق

ئىكەنلىكى ۋە يەنە چوڭ ئىسراپخور ئىكەنلىكى قايسى جەھەتلەردىن يېزىلغان؟ 3. ئاپتورنىڭ مۇنداق رەزىل پومېشچىك ئوبرازىنى سۈرەتلىشىنىڭ قانداق ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بار؟ 4. بۇ پارچە بىلەن ئالدىنقى پارچىدا تەسۋىرلەنگەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ئىككى ئادىمىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇلاردا قانداق ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىقلار بار؟ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدا قانداق ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىقلار بار؟

1. «پلىيۇشكىن» ناملىق بۇ پارچە XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن روسىيىنىڭ مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى گوگول (1809 — 1852) نىڭ «ئۆلۈك جانلار» ناملىق رومانىدىن ئېلىنغان. پارچىدا پلىيۇشكىننىڭ يىرتىق، مەينەت، رەتسىز كىيىم - كېچەكلىرى، ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلەندەردەك سىياقى سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭ ئىگىلىكىدە كۆپلىگەن يەرلىرى، تۈگمەنلىرى، سوكنا فابرىكىلىرى، ياغاچچىلىق قىلىدىغان ستانوكلىرى، نۇرغۇن بۇغداي، ئۇن، سوكنا، قوي تېرىسى، قۇرۇتۇلغان بېلىق، سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە ۋە باشقا بىر تالاي تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بارلىقى يەنە كېلىپ نۇرغۇن يانچىلارغا ئىگە ئىكەنلىكى يېزىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى قەلەندەردەك، ئەمەلىيەتتە بولسا كاتتا باي ئىكەنلىكى يېزىلغان.

2. پلىيۇشكىننىڭ ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنياسى بولسىمۇ يېيىش، كىيىش، ئولتۇراق جاي مەسىلىسىدە ئىنتايىن بېخىل. ئەنە شۇ بېخىللىقى تۈپەيلىدىن قىزى ۋە ئوغلى قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ «ئامراق» ئىككى نەۋرىسىنى ئىككى تىزىدا ئولتۇرغۇزۇپ خۇددى ئات ئۈستىدە كېتىپ بارغاندەك ئوينىتىدۇ. ئەمما پەقەت كىچىككىنە بىر تۈگمىنى ئويۇنچۇق قىلىپ بەرگەندىن

باشقا ھېچقانداق سوۋغات بەرمەيدۇ. كۆرگەنلا نەرسىنى يىغىپ دۆۋىلەيدۇ. ھەتتا ئۇ ماڭغان پولنى سۈپۈرۈشنىمۇ ھاجىتى يوق. ئۇ گەرچە مۇشۇنداق تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ مال ـ دۇنيا توپلىسىمۇ ئەمما ھەددىدىن زىيادە بېخىل بولغانلىقتىن مال ـ دۇنياسى بۇزۇلۇپ، چىرىپ، قۇرتلاپ كاردىن چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان ئىسراپخور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3. ئاپتور پلىيۇشكىندىن ئىبارەت رەزىل پومېشچىك ئوبرازىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى ئاساسىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ زۇلمەتلىكلىكى، چىرىكلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پاش قىلىپ، بۇ خىل تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر ھالدا ھالاك بولۇش قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

4. «خەسىس» ناملىق پارچىدا XVIII ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تەۋرىنىپ، داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتى ئاستىدا بېسىمدارلىق، ھايانكەشلىك. كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش يولى بىلەن باش كۆتۈرگەن كاپىتالىست گرانتې ئوبرازى يارىتىلغان. «پلىيۇشكىن» ناملىق پارچىدا چار-پادىشاھى يولغا قويغان مۇستەبىت يانچىلىق تۈزۈمى شارائىتىدا يەرگە تايىنىپ، يانچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن بېيىغان پومېشچىك پلىيۇشكىن ئوبرازى يارىتىلغان.

بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوخشاشلىق: ھەر ئىككىلىسى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپقا مەنسۇپ، ھەر ئىككىلىسى بېخىل. ئاچكۆز، زومىگەر ۋە رەھىمسىز. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر: گرانتې سودا كاپىتالىستى، ئۇنىڭ بېيىش يولى كاپىتالغا. سودىغا تايىنىپ بېيىش ۋە كاپىتال (ئالتۇن) يىغىش. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، زومىگەرلىك، رەھىمسىزلىك بولغاندىن باشقا يەنە ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

پليۇشكىن بولسا فېئودال پومېشچىك. ئۇنىڭ بېيىش ئۇسۇلى يانچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش. يەرگە تايىنىپ بېيىش ۋە مال ـ مۈلۈك توپلاشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، رەھىمسىزلىك، زومىگەرلىك بولغاندىن باشقا يەنە ھاماقەتلىك، دۆتلۈكمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بۇ ئىككى پېرسوناژنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىكى ئوخشاشلىق شۇكى، ھەر ئىككى پېرسوناژ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يارىتىلغان. ھەر ئىككى پېرسوناژ نەپرەت، ئىنكار قىلىش، مەسخىرە ۋە ھەجۋىي قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن. ھەر ئىككى پېرسوناژنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى، بېيىش ئۇسۇلى چىڭ تۇتۇپ يېزىلغان. بۇلارنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماشلىق شۇكى، «خەسىس» ناملىق پارچىدا ئاپتور گرانتېنىڭ ئىگىلىكىنى يېزىشنى قوشۇمچە قىلىپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى، سۆزى ۋە ھەرىكىتىنى تەپسىلىي يېزىش ئارقىلىق خاراكتېرى يارىتىلغان. «پليۇشكىن» ناملىق پارچىدا ئاپتور پليۇشكىننىڭ روھىي دۇنياسى، تىلى ۋە ھەرىكىتىنى يېزىشنى قوشۇمچە قىلىپ ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى، ئىگىلىكىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش ئارقىلىق خاراكتېرى يارىتىلغان.

# تولۇق ئوتتۇرا ئىككىنچى يىللىق

# 4 - قىسىم ئەدەبىيات كىتابىنىڭ

**XIV — XVI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە**

1. XIV — XVI ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي نامى قانداق ئاتالغان؟ سەئىدىيە خانلىقى قاچان قۇرۇلغان؟ ئۇنىڭ مەركىزى قايسى جاي ئىدى؟ بۇ نېمە ئۈچۈن «سەئىدىيە سۇلتانلىقى» دەپ ئاتالغان؟ 2. سۇلتان سەئىدخان قانداق كىشى؟ قانداق ئەسەرلىرىنى بىلىسىز؟ ئۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللانغان؟ 3. ئابدۇرەشىتخان كىم؟ ئۇ قانداق پائالىيەتلەر بىلەن (مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە) شۇغۇللانغان؟ قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟ 4. ئابدۇرەشىتخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا قانداق يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەن؟ پەن - مەدەنىيەت ساھەسىدە قانداق تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن؟ ئۇنىڭ ۋەكىللىرى كىملەر؟

1. XIV — XVI ئەسىرلەردە (باشقا مەنبەلەردە بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XVI — XVII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دېيىلگەن) ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى ئىنتايىن

پەن يۇكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن بىر دەۋر ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر «ئالتۇن دەۋر» ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى شۇ دەۋرنى ياراتقۇچى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن «سەئىدىيە ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان. سەئىدىيە سۇلتانلىقى 1514 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان (1678 - يىلى يىمىرىلگەن). كېيىنرەك خانلىقنىڭ مەركىزى يەكەنگە يۆتكەلگەن. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىسى ۋە سۇلتانى سەئىدخان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خانلىق ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ «سەئىدىيە سۇلتانلىقى» دەپ ئاتالغان.

2. سۇلتان سەئىدخان ئىلىم - مەرىپەتنى قەدىرلەيدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئىخلاسمەن، ھىممەتلىك، شىجائەتلىك، خۇش تەبىئەتلىك شائىر پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ بىزگىچە «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» دە خاتىرىلەنگەن ئىككى پارچە غەزىلى يېتىپ كەلگەن.

سەئىدىيە سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇلتان سەئىدخان دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردە خانلىقنى مۇستەھكەملىدى ۋە زوراۋان پادىشاھ ئابابەكرى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىن غەنىيمەت ئالغان ئالتۇن - كۈمۈش، مال - مۈلۈكلەرنى پۇقرا ۋە ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئۇن يىلغىچە پۇقرالاردىن باج ئالماسلىقنى بەلگىلىدى. مۇستەبىت ھۆكۈمران ئابابەكرى دەۋرىدە سەرگەردان بولۇپ چەت جايلارغا كەتكەن كىشىلەرنىڭ ماكانىغا قايتىپ، تىرىكچىلىق ئىشلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىشى ھەققىدە پەرمان چىقىرىپ ۋەيران بولغان ئېكىنلىكنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنداق ئىجتىمائىي ئاساس

ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىدا گۈللەپ ـ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

3. ئابدۇرەشىتخان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XVI ئەسىردە ياشىغان مەرىپەتپەرۋەر شائىرى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى، ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە گۈللەندۈرگۈچىسى.

ئابدۇرەشىتخان 1510 ـ يىلى تۇغۇلغان (1570 ـ يىلى 60 يېشىدا ۋاپات بولغان). ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن يەكەن ۋە قەشقەرلەردە ئوقۇدى، مەرىپەت ئىزدىدى. ئۇ دادىسى سەئىدخاننىڭ تەسىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەربىيىسى نەتىجىسىدە كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم ـ مەرىپەتنى، مەدەنىيەتنى قەدىرلەيدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشى بولۇپ يېتىلدى.

1533 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرەشىتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ سۇلتان بولغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن خانلىقنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك چارىلەرنى ئىشقا سالدى. ئۇ خانلىققا تەۋە بولغان بارلىق جايلاردىكى تالانت ئىگىلىرىنى، قابىلىيەتلىك ئالىم، ئەدىبلەرنى، مۇزىكانتلارنى، ھۈنەر ئەھلىلىرىنى ئۆز يېنىغا يىغىپ ئۇلارنى مەدەنىيەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلدى. شۇ سەۋەبتىن سەئىدىيە خانلىقى مەدەنىيىتى ئالاھىدە گۈللەپ ياشنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇستا خەتتات، مۇزىكانت ۋە مەرىپەتپەرۋەر شائىر

ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىيات رەشىدى»، «سالاتىننامە» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان

4. سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە (1533 — 1570) جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە كۆپلىگەن ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆز تەۋەلىكىدە ھەرقايسى رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق، قول سانائىتى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھەممىلا يەردە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەردە «خاقانىيە مەدرىسى» بىنا قىلدۇرۇلدى. يەكەندىمۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن جانلىق بولغان ئىلمىي پائالىيەت ۋە ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملار بەس - بەستە سايرايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتلىك كۇتۇپخانا، قول سانائەت ماناپاكتۇرلىرى، سودا كارۋان ئەترەتلىرى تەسىس قىلىندى. خانلىقنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرى شۇ قەدەر جانلىنىپ كەتتىكى، بۇ پائالىيەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئىران، ئافغانىستان، ئەرەبىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ باردى. سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يەنىمۇ راۋاجلاندى. بۇنداق جانلىق پائالىيەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. خانلىق مەركىزى يەكەندە «دىۋانخانا» (خانلىق كۇتۇپخانا) قۇرۇلۇپ، ئۇ ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە تەتقىقات ئورنىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ جايدا ئۇيغۇر ئالىملىرى، شائىرلىرى ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلاتتى. يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا شۇ چاغدىكى مەشھۇر جامائەت

ئەربابلىرى ۋە ئالىملار تىلشۇناسلىق، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، ھېساب، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئوردۇ تىلى ۋە يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت بىلىملىرىنى ئۆگىنەتتى. ھەتتا بۇ جايغا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىراق، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ كۆپلىگەن تەلەپكارلار كېلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، زور بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈلگەنىدى.

ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە تاش مەتبەئەچىلىك ۋە خەتتاتلىق تەرەققىي قىلغان. مەشھۇر ھۆسن خەتچىلەر بىرقانچە يۈزگە، تالىپلار بىرقانچە مىڭغا يەتكەنىدى. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرىدىن بولغان مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائى، مەۋلانە سەككاكى، زوھۇردىن بابۇر قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغان ۋە ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنغانىدى.

دېمەك. ئابدۇرەشىتخان ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى ئىنتايىن جانلانغان مەزگىل بولۇپ، بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى گۈللەنگەن يەنە بىر «ئالتۇن دەۋر» سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالدى. مۇشۇ تارىخىي دەۋردە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا، جۇملىدىن ئېلىمىز مەدەنىيەت تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئەنئەنىۋى مۇقام، داستان، مەشرەپلەر ئاساسىدا تۇنجى قېتىم رەتلەندى، قېلىپلاشتۇرۇلدى ھەم يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. ئابدۇرەشىتخان، ئامانىساخان، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى، قىدىرخان يەركەندى، مەۋلانە خۇلقى، مىرزا مىرەك چالىش، ئاياز قوشچى قاتارلىق مەشھۇر سىياسىئونلار، شائىرلار، مۇزىكىشۇناسلار، ئالىم - ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى.

## ئامانىساخان ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچە ھەققىدە

1. ئامانىساخان كىم؟ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ قانداق ئائىلىدە چوڭ بولغان؟ ئۇنىڭغا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ۋە شۇ زاماندىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ تەسىرى قانداق بولغان؟
2. ئامانىساخان ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدە قانداق ئۆگەنگەن؟ قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان؟
3. ئامانىساخان ئوردىدا قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟ ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل زور تۆھپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟
4. ئامانىساخان بىزگە قانداق ئىجادىي ئەمگەكلەرنى قالدۇرغان؟ قاچان ئالەمدىن ئۆتكەن؟ 5. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچىدا ئامانىساخاننىڭ قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادە قىلىنغان؟ بۇ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە قانداق چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان؟

1. ئامانىساخان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XVI ئەسىردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق مۇزىكشۇناسى، مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ رەتلىگۈچىسى، تالانتلىق شائىرەسى. ئۇ 1534 - يىلى دولان (ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى) تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قومۇش مەھەللە يېزىسىدا مەخمۇت ئىسىملىك كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئامانىساخاننىڭ ئاتىسى قالۇن ۋە ساتارنى ياخشى چالىدىغان ماھىر مۇزىكانت ۋە ئۇستا مۇقامچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە شۇ زاماننىڭ دولاندىكى مەشھۇر سازەندىلىرى كېلىپ مۇزىكا ئۆگىنەتتى ۋە بىرلىكتە ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇراتتى. بۇ خىل مەدەنىي ھايات زېرەك ئامانىساخانغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى.

ئىشتىياقى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ سەككىز يېشىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ساتار ۋە تەمبۇر چېلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئامانىساخانىڭ بۇنداق قىزغىنلىقىنى كۆرگەن ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان مەخمۇت ئاتا ئۇنى مەكتەپكە بەردى. ئۇ مەكتەپتە ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇدى. ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇندىدى. ئۆگەنگەنلىرىنى دائىم تەكرار قىلدى، ئۇ ئۇستازلىرىنى دائىم ھۆرمەت قىلدى. ئۇ قىزغىن ئۆگىنىش روھى بىلەن كۈندۈزلىرى مەكتەپتە ئوقۇسا، كەچتە ساز چېلىشنى مەشق قىلدى. توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى يېزىسىدا تەبىئىي ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشى سەۋەبلىك تەكلىماكانىنىڭ بۇرجىكىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئامانىساخان ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن مۇزىكا ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. كۈندۈزى ۋە كەچلىكى بوش ۋاقىت چىقىرىش ئىمكانىيىتى بولسىلا نەۋائىي، بابۇر قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان. 14 ياشقا كىرگەندە ساتار ۋە تەمبۇرلارنى ماھىرلىق بىلەن چالالايدىغان بولغان ۋە بىرقانچە مۇقامنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئامانىساخان شېئىر يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ۋە بۇ شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا «نەفىسە» دېگەن تەخەللۇس بىلەن تارالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇقام تېكىستلىرىنى خاتىرىلەپ، مۇلاھىزە قىلىشنى باشلىغان. شۇ چاغدا ئۆز زامانىسىنىڭ مۇزىكانتى ۋە شائىر يۈسۈپ قىدىرخان مەخمۇت ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ مۇزىكا ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھاكىمە مۇقامنى ساقلاپ قېلىش ۋە رەتلەش توغرىسىدىكى

مۇقامنى يېڭى يولغا سېلىش تۈيغۇسىنى ئويغاتقان. ئۇ مۇشۇ خىل تۈيغۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇقامنى رەتلەش ۋە ئىجادىي ھالدا بېيىتىش يولىدا ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. بۇ چاغدا ئۇ كامالەتكە يەتكەن بىر مۇزىكانت بولۇپ قالغانىدى.

3. ئامانىساخان ئۆز ئارزۇسى يولىدا تىرىشىۋاتقان كۈنلەردە، پادىشاھ ئابدۇرەشىتخاننىڭ شىكارغا چىقىشى سەۋەبلىك مەخمۇت ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۇچرىشىشتا ئامانىساخاندىكى قابىلىيەت ۋە ئىستىدات پادىشاھنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. سەنئەت ۋە مەرىپەتنى ئۆزىگە دوست تۇتقان ئابدۇرەشىتخان ئامانىساخاننى ئۆز ئوردىسىغا ئالدۇرىدۇ.

ئامانىساخان ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن مۇقامنى رەتلەش ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىدۇ. مۇقامنى رەتلەش ھەققىدە كۆپلىگەن تەشەببۇس ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پادىشاھنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خانلىق تەۋەلىكىدىكى مەشھۇر مۇزىكانتلار، مۇقامچىلار، شائىرلار ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇلار ئىچىدە مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ۋە مۇزىكىشۇناس قىدىرخانمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەش ئىشى رەسمىي باشلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئوردىدىكى سۇيىقەستچىلەر ۋە پىتنىخورلارنىڭ ھەر خىل توسالغۇ ۋە سۇيىقەستلىرىنى يېڭىپ، بۇ خىزمەتنى غەلىبىلىك ئورۇندايدۇ. مۇقامنى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىتىدۇ. مانا بۇ ئامانىساخاننىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىدۇر.

4. شائىر ۋە مۇزىكىشۇناس ئامانىساخان ئۆز ئۆمرىدە مۇزىكا، خەتتاتلىق، شېئىرىيەت جەھەتلەردە ئۆز دەۋرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇ «دىۋان نەفسى» گە ئوخشاش قىممەتلىك ۋە مەشھۇر شېئىرلار

توپلىمىنى، «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ھېكمەت خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىدىغان كىتابىنى، بۇنىڭدىن باشقا «شۇرۇ - ھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر سۆھبىتى) ناملىق ئەسەرنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇزىكا بىلىملىرى، خەتتاتلىق جەھەتلەردە كىتابلار يازغان. بولۇپمۇ مۇزىكا، خەتتاتلىق بىلىمى توغرىسىدا يازغان ئەسىرى مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ يەنە «ئىشرەت ئەنگىز» (خۇشاللىق قوزغاش) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ ئىجاد قىلغان.

مەلىكە ئامانىسا خان بىر پۈتۈن ھاياتىدا سەئىدىيە خانلىقى ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس ۋە كۆمۈلمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۆز ھاياتىنى مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتكە بېغىشلىدى. ئۇ 1567 - يىلى 34 يېشىدا ۋاپات بولدى.

5. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ ئىككى كۇپلېت غەزەلدە ئامانىسا خان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى، ئەل ئارىسىدا ئەدلى - ئادالەتنىڭ ئورنىتىلىشى، خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئابدۇرەشىتخانغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت - تەشەككۇرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇ غەزەلدە دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، گۈللەنگەن بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن بارلىق نەتىجىلەرنى بىر خۇداغىلا مەنسۇپ دەپ قاراش ۋە تەقدىرچىلىك ئىدىيىسىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**XVII ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، خىرقىتى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە - مېھنەتكام» داستانىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچە ھەققىدە**

1. XVII ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نا-

مايەندىلىرى كىملەر؟ 2. خىرقىتىنىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەپ بېرىڭ. 3. «مۇھەببەتنامە — مېھنەتكام» داستانىنىڭ مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟ 4. داستاندىن دەرسلىككە بېرىلگەن پارچىنىڭ باش تېمىسىنى، قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1. XVIII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بويىچە يەنىلا شېئىرىيەتنى ئاساسىي ئېقىم قىلغان ھالدا راۋاجلاندى. بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم نامايەندىلەر قەشقەرلىك شائىر مۇھەممەت ئىمىن غوجامقۇلى (خىرقىتى)، يەكەنلىك شائىر مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ۋە خوتەنلىك شائىر نوبىتىدۇر.

2. خىرقىتى — XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، لىرىك-رومانتىك شائىرى. ئۇ 1634 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1724 - يىلى 90 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئىلىم - مەرىپەتكە ناھايىتى بېرىلىپ ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماستىن، پارس، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان. 30 ياشقا تولغان مەزگىلدە دادىسى غوجامقۇلى بىلەن بىللە ئاپپاق غوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) ھۇزۇرىدا باغۋەن، چېراغچى، كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەن. 36 يېشىدا «مۇھەببەتنامە — مېھنەتكام» ناملىق لىرىك - ئېپىك داستانىنى يازغان.

3. داستان شېئىرىي شەكىل جەھەتتىن بىر پۈتۈن داستان، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. شۇنىڭدەك «سابا»، «گۈل»،

ئىپادىلەنگەن.

شائىر ئاپئاق غوجىنىڭ تۆمۈر قەپىسى ئىچىدە تۇرۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا بولغان قارىشىنى يەنى رېئال ھاياتنىڭ بىر - بىرىگە زىت ئىككى تەرىپىگە بولغان ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىياتىنى «سابا»، «گۈل»، «بۇلبۇل» قاتارلىق سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق رومانتىك ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ ئۆزىنىڭ يورۇقلۇققا، ئادالەتكە، ئەمگەكچى خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى؛ جاھالەتكە، زۇلمەتكە، زالىملارغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن.

4. «مۇھەببەتنامە — مېھنەتكام» داستانىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ پارچىدا شائىر ھەققانىيەت ئەلچىسى بولغان سابا بىلەن زۇلمەتلىك قارا تۈندە تاڭ باھارىغا ۋە ئادالەت گۈلىستانىغا تەلپۈنگەن بۇلبۇلنىڭ سوئال - جاۋابلىق چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە شېئىرىي دىئالوگلىرى ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئوبراز بۇلبۇلنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن. فېئودالىزم شارائىتىدىكى تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى (جۈملىدىن ئۆزى) دۇچ كېلىۋاتقان كۈلپەتلىك تارىخىي قىسمەتنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا بولغان ھېسداشلىقى، گۈزەل، ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى، زۇلمەتلىك قارا تۈنگە بولغان نەپرىتى ئىپادە قىلىنغان. بۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن سىمۋول، جانلاندۇرۇش، رىتورىك خىتاب، رىتورىك سوئال، مۇبالىغە، سۈپەتلەش... قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

زەلىلى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن «54 - غەزەل» ى ھەققىدە

1. زەلىلى كىم؟ ئۇ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغان؟ 2. زەلىلى ئۆز ھاياتىدا قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟ ئۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟ 3. زەلىلىنىڭ 1724 - يىلىدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟ 4. زەلىلى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟ 5. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن 54 - غەزەلنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟ بۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپچىپ بېرىلگەن؟

1. زەلىلى — XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن يالقۇنلۇق رېئالىست - رومانتىك شائىر. ئۇ 1674 - يىلى يەكەندە نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، 1750 - يىلى 76 يېشىدا خوتەندە ۋاپات بولغان.

2. زەلىلىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ئىچىدە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى 1720 - يىلى 46 يېشىدا يازغان 1122 بېيىتلىق «سەپەرنامە» داستانى، 1736 - يىلى 62 يېشىدا يازغان 266 بېيىتلىق «تەزكىرەئىي چىلتەن» داستانى، 1744 - يىلى 70 يېشىدا يازغان 770 بېيىتلىق «تەزكىرەئىي غوجا مۇھەممەت شېرىپ» داستانى ۋە 133 غەزەل، 19 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزات، 46 پارىچە غەزەل، 12 رۇبائىي، 16 رۇبائىيات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

زەلىلى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى: ① زەلىلى ئەسەرلىرىدە جاھالەتپەرەس، ساتقىن خوجا - ئىشانلارغا نەپرەت بىلدۈرۈش، ئادالەتنى ياقلاش باشتىن - ئاخىرغىچە ئۆز ئىپادىسىنى

يىخلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى (يەنى ئاساسى يوق تەرجىمىھاللار) ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىغۇچى «ئىشقىيە» گۇرۇھىنى مەنسىتمەي، ئۇلار تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن «قارا تاغلىقلار» نىڭ «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنى ۋە ئۇلار مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن تارىخىي شەخسلەرنى تىلغا ئالىدۇ. «سەپەرنامە» داستانىدا ئەينى ۋاقىتتا «ئۇلۇغ مازار» دەپ ئاتالغان ئاپئاق غوجا مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى رەت قىلسا، «تەزكىرەئىي غوجا مۇھەممەت شېرىپ» داستانىدا سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىتخانلارنىڭ ئۇستازى غوجا مۇھەممەت شېرىپ ئارقىلىق يەكەن خانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ. ② زەلىلى ئەسەرلىرىدە خەلقنى كۆيلەش، زالىملارنى پاش قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ③ زەلىلى ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىلغار ئىدىيىسى بىلەن بىرگە ئېزىلگەن خەلق ئۈچۈن دىنىي جەھەتتىن نىجاتلىق ئىزدەش ئىدىيىسىمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

3. زەلىلى 1724 - يىللاردىن كېيىن يەنى 50 يېشىدىن باشلاپ بولۇپمۇ خوتەندە ئۆز ھاياتىنى باشلىغاندىن كېيىن دۇنيا قارىشىدىكى خەلقپەرۋەرلىك بىلەن دىنىي تەسەۋۋۇپلۇق (سوپىچىلىق) ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان كۆرەش قىلىپ ۋە ساقلىنىپ كەلگەن زىددىيەتنى بەلگىلىك دەرىجىدە يېڭىپ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە يېڭىلىق تېمىسىدا كۆپلىگەن يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشكەن. شائىر ئۆزىنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدا ئۆتكۈر مىسرالار بىلەن جاھىل زاھىدلار ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي ئەكسىيەتچىلەرنى مەسخىرە قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ 27 - غەزىلىدە:

مەغرۇز ناماز ئۇلمىغىل ئىبي زاھىدى خۇدبىن،
دېھقان ئىرۇر سەمەندەر قاشىدا تۆرە مەتىئىر.

دەپ يېزىش ئارقىلىق زالىم تۆرىلەر ئۇچۇن ھامىيلىق قىلىدىغان ئەكسىيەتچى دىندارلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە دېھقانلارنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. زالىم تۆرىلەرنى بولسا خەلق غەزىپىنىڭ ئوت ـ يالقۇنلىرىدا كۆيۈپ كۇل بولىدىغان بىر دۆۋە ئەخلەت ـ چاۋارلارغا ئوخشىتىپ مەسخىرە قىلىدۇ، قاتتىق قامچىلايدۇ.

زەلىلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى خوتەندە ئۆتكۈزگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ۋاپات بولغانىدى، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ 73 ـ غەزىلىدە مەردانىلىك بىلەن:

نەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبە زەلىلىنىڭ دېمەڭ،
ئۆلگەندىن سوڭ كۆرۈڭ ھەربىر غەزەلدىن بىر ئوغۇل.

دەپ يازغان. ياشىغان شائىر ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا:

ھونۇز پەرق ئەيتى ئاچمايى زەلىلى جان بەردى،
جاپاغا يار كۆرۈڭ، ھەممەتتە گايىغا بېقىڭ.

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن خۇلاسە چىقارغان.

4. زەلىلى ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇكى: جەڭگىۋار شائىر زەلىلى شېئىرىيەتنى قورال قىلىپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى، خەلقنىڭ ھاياتىنى، خەلق

ئىپادىلەپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن يارقىن نەمۇنىلەرنى ياراتتى. رېئال ئەھمىيىتى شۇكى: زەلىلىنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ شېئىرىيەت تەرەققىياتىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ياخشى ئۈلگىلەرنىڭ بىرىدۇر.

5. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ رادىفلىق غەزەلدە (54 - غەزەلدە) شائىر تەپەككۇرنى قەدىمدىن ھازىرغىچە، يەردىن - ئاسمانغىچە بولغان ماكان، زامان ئىچىدە ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ، رېئاللىق بىلەن رومانتىكىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ھەققانىيەتكە، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن، رېئال ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، جۇملىدىن ئاياللار گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگەن. بېخىللىق، ئويلىماي سۆزلەش قاتارلىق ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلغان ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شائىر بۇ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانىدا ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللانغان.

### نۆبىتى ۋە ئۇنىڭ «خوتەننى» غەزىلى ھەققىدە

1. نۆبىتى قانداق شائىر؟ ئۇ قايسى دەۋردە، قەيەردە ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان؟ 2. نۆبىتى شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى قايسىلار؟ 3. «خوتەننى» رادىفلىق بۇ غەزەلدە ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى قانداق ئىپادىلىگەن؟ غەزەلدە قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟ بۇ بەدىئىي ۋاسىتىلەر قانداق رول ئوينىغان؟

1. نۆبىتى — مەشھۇر رومانتىك - لىرىك شائىر.

خوتەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ ھاياتى ـ پائالىيىتى ھەققىدە ھازىرغىچە تولۇق مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇنىڭ «دىۋان نۆبىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئۆمرى 50 ياشقا توشقان مەزگىلدە يەنى ھىجرىيە 1160 - يىلى تۈزگەنلىكىگە قاراپ ئۇنى مىلادىيە 1690 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان دەپ پەرەز قىلساقمۇ، قايسى يىلى، نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

2. نۆبىتى شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى مۇھىم ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە: ئۇنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى نۆبىتى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىدىن ئىبارەت. نۆبىتى شېئىرلىرى جۈملىدىن ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ تىلى ئىنتايىن نەپىس، گۈزەل، شېئىرىي ۋەزىنلىرى ئاھاڭدار ۋە مۇزىكىلىق، بەدىئىي ۋاسىتىلەر ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان، پىكىرلىرى راۋان بولۇش جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. يەنە بىر ئالاھىدىلىكى نۆبىتى شېئىرىي ئىجادىيىتى بىلەن دۇنيا قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. يەنى نۆبىتى شېئىرلىرىدا خەلق تۇرمۇشى، ئۆزىنىڭ ھەقىقەت، ئادالەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، چىن مۇھەببەت ھەققىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلىش بىلەن بىرگە يەنە دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دىنىيمىستىك قاراشلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

3. «خوتەننى» رادىفلىق بۇ غەزەل نۆبىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر. شائىر بۇ غەزەلدە ھەيران قالارلىق بەدىئىي ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى

تۆكۈلگەن، ئۆزىنى يېتىشتۈرگەن مۇقەددەس دىيارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. كونكرېت قىلغاندا، شائىر بۇ غەزەلدە «خوتەننى» جەننەت دەپ بىل. بەلكى جەننەتتىنمۇ ئارتۇق بىل، چۈنكى باشقا جايلاردا دوزاخ (تەمۇغ) ئازابى چەككەن، ئېزىلگەن، ئازاب تارتقان جەننەت ئەھلى ئۈچۈن بۇ دىيار ئۇلارنىڭ ۋىسالىغا، ئارمانىغا يېتىش جايىدۇر دەپ كۆيلىسە، ئارقىدىنلا خوتەننىڭ مۇبارەك تۇپرىقى رەھمەتكە سازاۋەر سۈرمە، شۇڭا ئۇنى كۆزۈڭگە تۇتيا، چىرايىڭغا مەڭ ئەت، ھۇر - پەرىلەرنىڭ سۆيۈشى ئاجايىپ شېرىن بولسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ لېۋىگە ھەسەل قىل، بۇ تۇپراق ئەنە شۇ ھۇر - پەرىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھۆسن - جامال-لىنى قۇياشتەك نۇرلاندۇرىدىغان، كۆزلىرىنى يۇلتۇزدەك چاق-نىتىدىغان، ھۆسنىگە - ھۆسن قوشىدىغان زېمىندۇر. يېقىملىق تاڭ شامىلى چىقسا خوتەننىڭ خۇشبۇي ھىدى ئەتراپقا تارى-لىدۇ. ئەگەر توغرا يول تاپاي دېسەڭ خوتەننى يۈكسىلىش، كۈچ - قۇدرەت تېپىش ئورنى قىل. پۈتۈن ئالەمنى بىر گۈ-لىستان دەپ بىلسەڭ، خوتەننى بۇ گۈلىستاندىكى قامەتلىك كۆچەت دەپ بىل، چىرايىڭغا قان بەرگۈچى، قىزىللىق بېغىش-لىغۇچى دەپ بىل. جاھاندا مۇئەللىم تەگىدىشى يوق سۆز ئۇستىسىدۇر. خوتەننى ئىلىم - ئىرپان ئۆگەنگۈچىلەرگە دەرس ئال-غۇچى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ. دۇنيا قارىشىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال دەپ بىل. ئەي جاھان شائىرلىرى، گۈلشەن باغلىرىنىڭ بۇلبۇللىرى، خەمسەڭنى يۈكسەك كامالەت بىلەن يازاي دېسەڭ ئۇنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى خوتەن دەپ باشلا، نۆۋىتى سەنمۇ ھەم قارا يۈزلەرگە، رەقىبلەرگە خوتەننى زا-ۋال (قاراڭغۇ) قىل دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئانا يۇر-تىغا بولغان قىزغىن مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. خو-تەندىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس، قەدىمىي زېمىننىڭ گۈزەل-

نىڭ گۈزەللىكى، خىسلىتى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئوبرازلىق، ئىخچام ھالدا ئىپادىلىگەن. شائىر بۇ مەزمۇننى ئىپادىلەش جەريانىدا مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ شېئىرىي پىكىرنى ئىخچام، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە بۇ مۇقەددەس دىياردىن چەكسىز سۆيۈنۈش، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتىنى ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

## «لەن پو ۋە لىن شياگۇلارنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق تېكىست ھەققىدە

1. «لەن پو ۋە لىن شياگۇلارنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق بۇ تېكىستتە قايسى ئۈچ ۋەقە يېزىلغان؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق يېزىلغان؟ 2. تېكىستتە لەن پو، لىن شياگۇلارنىڭ خاراكتېر - مىجەزلىرى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن قانداق ئىپادىلەنگەن؟

1. بۇ پارچىدا سىماچيەن نۇقتىلىق قىلىپ، قىممەتلىك تاشنى جاۋ بەگلىكىگە ساق قايتۇرۇپ كېلىش، مىيەنچىدىكى ئۇچرىشىش ۋە ۋەزىر بىلەن سەركەردىنىڭ يارىشىشىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋەقەنى يېزىش ئارقىلىق، لىن شياگۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەممە ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى، باتۇر، دانا، يىراقنى كۆرىدىغان، ئالىيجاناب ئوبرازىنى تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغۇزۇشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۆھپىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە

خاراكتېرىنى ياراتقان.

2. ئاپتور بۇ پارچىدا لېن پو، لىن شياڭرۇلارنىڭ خاراكتېر - مىجەزلىرىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى قوللانغان: ① پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ۋاستىلىك گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. يەنى ئەسەرنىڭ بېشىدا لىن شياڭرۇ مەيدانغا چىقىشتىن بۇرۇن لېن پونىڭ تىلى ئارقىلىق لىن شياڭرۇنىڭ دانا، يىراقنى كۆرىدىغان خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، لېن پونىڭ بەگلىكىنىڭ مەنپەئىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆيۈنىدىغان، سەممىي، راستچىل خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ② پېرسوناژلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ③ پېرسوناژلار ئوبرازى كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ④ لېن پو بىلەن لىن شياڭرۇنىڭ خاراكتېرى ئەسەردە باشتىن - ئاخىر سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يورۇتۇلغان. يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئارقىلىق لىن شياڭرۇنىڭ دانا، تەدبىرلىك، يىراقنى كۆرىدىغان، ئەتراپلىق ئويلايدىغان، باتۇر، قەيسەر، كەڭ قورساق خاراكتېر - ئوبرازى ئەسەردە نۇقتىلىق يارىتىلىش بىلەن بىرگە شۇنىڭغا ماس ھالدا لېن پونىڭ سەممىي سادىق، ئېھتىياتچان، تۈز كۆڭۈل، كەسكىن، ساددا ھەم سەل ئىچى تارراق، قوپاللاراق ئەمما ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىشكە جۈرئەتلىك ئېسىل پەزىلىتى ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

### «لىن مەشقاۋۇلنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلىكى» ناملىق تېكىست ھەققىدە

1. «لىن مەشقاۋۇلنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلىكى» ناملىق تېكىستتە لىن چۇڭنىڭ ئىدىيىۋى خاراك-

تېرىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ 2. بۇ پارچە تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن نېمە ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان؟ بۇنداق تەرجىمە قىلىشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكى بار؟ 3. بۇ تېكىستتىكى ئۈچ شېئىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ قايسى بەھرىدە تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1. شى نەيئەن (1296 — 1370) نىڭ «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ 10 - بابىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىدە لىن چۇڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا ئارقا - ئارقىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، ئۆز بېشىغا، ھاياتىغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكلەرگە، زىيانكەشلىكلەرگە ئىتائەتچانلىق بىلەن بويسۇنۇش، يول قويۇش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىددىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى، تەۋرىنىشى، ئاخىرىدا چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن رەقىبلەرنى يوقاتماي بولمايدىغانلىقى، بۇ جەھەتتە مۇرەسسە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدىيىۋى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى يېزىش ئارقىلىق، لىن چۇڭنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى قوغدايدىغان بىر فېئودال ئاقسۆڭەكتىن بۇ خىل چىرىك تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان سەركەردىگە ئايلىنىشىغىچە بولغان خاراكتېر ئۆزگىرىش جەريانى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئاپتور ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئۇنى كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشلار ئىچىگە قويۇپ، پەيدىنپەي ئېچىلىپ كىرىش ئۇسۇلى بويىچە تېپىك شارائىتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى يېتىلىش، راۋاجلىنىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن قىلىپ سۈرەتلەپ بەرگەن.

2. بۇ پارچە تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنداق تەرجىمە قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئىلىمىز كلاسسىك رومانلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن بۇ مەشھۇر روماندا يورۇتۇپ بېرىلگەن ئەينى دەۋردىكى رېئاللىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى شۇ دەۋرگە ماس تىل بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ تارىخىي چىنلىقى، بەدىئىي چىنلىقى، يېزىلىش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغىلى ۋە ئىجادىي ھالدا تېخىمۇ نۇرلاندۇرغىلى بولىدۇ.

3. بۇ تېكستتە ئۇچرايدىغان تۆت شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ پائىلاتۇن ۋەزنى تۈرىدە (بوغۇمى تولۇق بولمىغان ھەم ئوشۇق بولغان بەزى مىسرالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) رەمەل بەھرىدە تەرجىمە قىلىنغان.

## «چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ھېكايە ھەققىدە

1. «چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ھېكايىدە چېرۋاكوپ نېمە ئۈچۈن گېنېرالدىن قايتا - قايتا ئەپۇ سورايدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن قورققىنىدىن ئۆلدى؟ ھېكايىدە ئەينى زاماندىكى قانداق رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 2. ھېكايىنىڭ بېشىدا بايانچى تىل بىلەن چۈشكۈرۈشنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىش ئىكەنلىكى تەپسىلىي يېزىلغان. نېمە ئۈچۈن شۇنداق يېزىلغان؟ 3. ھېكايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا چىنوۋنىكنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟

1. ئا. پ. چېخوپ (1860 — 1904) نىڭ بۇ ساتىرىك ھېكايىسى (1886) تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت

يېزىلغان.

ھېكايىدە روھىي دۇنياسى قۇلچىلىق بىلەن تولغان چىنوۋنىكنىڭ دراما كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشكۈرۈپ سالغانلىقى. شالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان، چارپادىشاھنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارىغا يەنى ياغاقباش گېنېرالنىڭ بېشىغا چاچراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، گېنېرالنىڭ ئۆزىدىن خاپا بولۇپ قېلىشىدىن، ئۆزىنى كەچۈرمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ چۈشكۈرۈشىنىڭ پەقەت ئېھتىياتسىزلىقتىن بولغانلىقىنى، غەرەزسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قايتا - قايتا ئەپۇ سوراۋېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن گېنېرالنىڭ «يوقال!» دەپ بۇيرۇق قىلىشى، ۋارقىرىشى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ، شەرتسىز ساداقەت ۋە ئىتائەتچانلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن، روھىي دۇنياسى قۇلچىلىق، خۇشامەت بىلەن تولغان چىنوۋنىكنىڭ گېنېرالنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلماسلىقى، كەچۈرمەسلىكى بىلەن روھىي دۇنياسىنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقى ۋە ئۆلگەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق، چارپادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ چوڭ ئەمەلدارلار ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ جان باقىدىغان قۇلچىلىق ئىدىيىسى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق مۇشۇنداق ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن زۇلمەتلىك رېئاللىق چوڭقۇر پاش قىلىنغان.

2. ئاپتور ھېكايىنىڭ بېشىدا چۈشكۈرۈشنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن ھېچكىم خالىي بولالمايدىغانلىقىنى زېرىكمەي - تېرىكمەي تەپسىلىي يېزىش ئارقىلىق، ياخشى - يامان، پەزىلەتلىك ۋە رەزىل ھەر قانداق ئادەمنىڭ چۈشكۈرىدىغانلىقى، بۇنىڭ تەبىئىي ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان،

داق ئىشقا چەكلىمە قويۇلغان، زۇلمەت قاپلىغان چاررۇسىيە
دەۋرىدە روھىي دۇنياسى خۇشامەت، قۇلچىلىق، گۇمان، ئەن-
دىشە بىلەن تولغان چىنوۋنىكقا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئەنە
شۇنداق ئادىي ئىشلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى، ئەپت-
بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش
ئۈچۈن ئەنە شۇنداق تەپسىلىي يازغان.

3. ھېكايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا ئاپتور ياشاش،
جان بېقىش ئۈمىدى، ئەينى دەۋرگە باغلانغان قۇلچىلىق،
خۇشامەتچىلىك ئەقىدىسى پۈتۈنلەي بەربات بولغان چىنوۋنىك-
نىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئەڭ ئاخىرقى چىقىش يولىنى سۈرەت-
لەپ، چارپادىشاھ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئابىدىسى، قۇربانى
بولغان چىنوۋنىكنىڭ تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چىنوۋ-
نىكنىڭ قورسىقىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكىنى باشقا نەرسە بولماس-
تىن، بەلكى شۇ دەۋرگە، چارپادىشاھنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك
ئەمەلدارلىرىغا باغلانغان خۇشامەت، قۇلچىلىق بىلەن تولغان
ئەقىدىسىدۇر. ئاپتور بۇ ئارقىلىق چىنوۋنىكنىڭ روھىي دۇنياسى
ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

### XVIII — XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە

1. XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر
يۈز بەردى؟ بۇ دەۋردە كىملەر قانداق ئەسەرلەرنى ئىجاد
قىلدى؟ بۇ ئەسەرلەردە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى؟ 2. XIX
ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي
ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ بۇ دەۋردە كىملەر

قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟ 3. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر ۋۇجۇدقا كەلدى؟ بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىياتتا قانداق ئەكس ئەتتى؟ كىملەر قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟

4. XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىدىن ئىبارەت؟

1. XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويىدى. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، شىنجاڭنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ چاغدا نىسپىي تىنچ شارائىت بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقە پەيدىنپەي قويۇقلاشتى. شىنجاڭ رايونىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ مانجۇچە، خەنزۇچە ئۆگەنگەن بىر بۆلۈك ئۇيغۇر زىيالىيلار 1780 - يىلى چيەنلۇڭ دەۋرىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى بولغان بەش تىللىق لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. بۇخارا، ھىندىستان، كابۇل، ئىراق... قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوقۇغان دىنىي زىيالىيلارمۇ كۆپەيدى. ئىپتىدائىي مەكتەپ ۋە كارخانىلارمۇ راۋاجلاندى، كۆپەيدى (1790 - يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا)، تېبابەتچىلىك، قول سانائەت، نەپىس ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىمۇ خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى («شىپاھىل قۇلۇپ» قاتارلىق تېببىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى). ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق بىلىدىغان مەشھۇر سازەندىلەر كۆپەيدى ۋە ئون ئىككى مۇقام خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالدى، ئومۇملاش-

تى. پۈل مۇئامىلە ئىشلىرى رايون خاراكتېرلىك بىرلىككە كەلدى. خەلق ئىگىلىكى گەرچە فېئودال قالاقلىق ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن نىسپىي تىنچ شارائىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەزى يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا بىرقەدەر يېقىنلاشقان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنى مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ① ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى لىرىك يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر. بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرى: موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى، لۈكچۈنلۈك شائىر ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلىنىڭ «رەۋزەتۇل زوھرا» (جەننەتتىكى نۇرلۇق يۇلتۇز) داستانى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدىنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى، موللا رەھىمنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى قاتارلىقلار؛ ② ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھەققانىيەت، ئادالەت، ساپ مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىك ئارزۇلىرى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىلگەن ۋە تەرجىمە قىلىنغان ئېپىك ئەسەرلەر. بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى: يەكەنلىك شائىر ئۆمەر باقى شېئىرىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرى، ئالىم موللا مۇسا يەركەندى شېئىرىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ يېزىپ چىققان «خەمسە نەۋائىي» داستانلار توپلىمى، موللا يۇنۇس يەركەندى ئابدۇراخمان جامىغا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىققان «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانى قاتارلىقلار؛ ③ گەرچە دىنىي روھتا سۇغىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن

ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي ئەسەرلەر. بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىرى خوتەن چىرىلىق شائىر موللا نىيازنىڭ «تەزكىرەئىي ئىمام زەھۇۇلىلا» داستانى، قەشقەرلىق شائىر قاسىمنىڭ «تەزكىرەئىي ئارسىلانخان» داستانى قاتارلىقلار.

2. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى يەنى چىڭ خانى چىيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، مانجۇ ئەمەلدارلىرى يەنىمۇ چىرىكلىشىپ خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزدى. ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىق ھەسسىلەپ ئاشتى. ھەربىيلەرنىڭ پۈتۈن تەمناتى خەلق ئۈستىگە يۈكلەندى. سېپىل سوقۇش، پوتەي سېلىش، مىس كانلىرىنى ئېچىش... قاتارلىقلار غا پۇقرالارنى ھەقسىز ئىشلىتىپ، ئۇلارغا چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈردى. مانا مۇشۇنداق زۇلۇم ۋە جاھالەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى بولغان ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتى. شۇڭا بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىنى كۈيلەپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدىبلەر، خەلقپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان مۇنەۋۋەر رېئالىستىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇرېھىم نىزارى مەشھۇر «مۇھەببەت داستانلىرى» توپلىمىنى، «دورۇلنەجات» (نىجاتلىق ئۆنچىلىرى) ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرىنى يورۇقلۇققا چىقاردى. ئۇنىڭدىن باشقا نىزارىنىڭ زامانداشلىرىدىن تۇردۇشئاخۇن غېرىبىنىڭ «كىتابىي غېرىب» داستانى، نورۇزئاخۇن زىيائىنىڭ «مەھزۇنۇل ۋازىن» (مۇڭلۇق ۋەزىنلەر) ناملىق ئەسىرى، ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «ماقالات»، «دىۋان سەبۇرى» ئەسەرلىرى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى مانا شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردۇر.

ئەدەبىياتىدا يەنە بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىر ئەينىكى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، رېئال ھاياتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ، رېئال تۇرمۇش بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتى. 1840 - يىلى جۇڭگو كونا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سىگنالى بولغان ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىدى. پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش سىگنالىنى چالدى. بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قاتمۇقات زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن جۇڭگونى زىلزىلىگە كەلتۈردى ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىدىمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بەرگەن بۇنداق ۋەقەلەر ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى - يېڭى تېمىلار بىلەن تەمىن ئەتتى. خەلقىمىز ھاياتىدىكى رېئال ۋەقەلەر بىلەن باغلىق بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈش گەۋدىلىك بولدى. بۇ مەزگىلدە: موللابىلال بىن موللا يۈسۈپ (نازىمى) نىڭ «غازات دەرمۈلك چىن» (چىن مەملىكەتىدىكى جەڭ)، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق داستانلىرى، شائىر سېيىت مۇھەممەتنىڭ «شەرھى شىكەستە» ناملىق تارىخىي داستانى، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانى، سادىر پالۋاننىڭ خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان قوشاقلىرى مەيدانغا كەلدى.

4. XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ① ئەنئەنىۋى سۈژىتلاردىن رېئال

ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولدى. بۇ خىل ئەسەرلەردە رېئاللىققا ياندىشىش، تېمىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتلەردە يا ئۇنداق، ياكى مۇنداق نۇقسانلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىلگىرىلەشنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى خەلقچىللىق تېندېنتسىيىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا، ئەدەبىياتنى خەلق تۇرمۇشى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشتا ئوينىغان رولى چوڭ بولدى.

② بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ساتىرا ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدۇر. ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشقا قانچىلىك يېقىنلاشسا، ئۇنى قانچە چوڭقۇر كۆزەتسە، تۇرمۇشتىكى ئىللەتلەرنى شۇنچە كۆپ سېزىپ، ئۇنى پاش قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. ساتىرا بۇ خىل پاش قىلىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىدى. مەسىلەن، بۇ دەۋردە موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان»، ئەخمەتشا قاراقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە» گە ئوخشاش مۇنەۋۋەر ساتىرىك ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

**ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەققىدە**

1. ئابدۇرېھىم نىزارى كىم؟ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى سۆزلەڭ. 2. نىزارىنىڭ قىسقىچە ئىجادىي پائالىيىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ. نىزارى قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟ «مۇھەببەت داستانلىرى» قايسى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ 3. «مۇھەببەت داستانلىرى» نىڭ تېمىسى (مەزمۇنى) ۋە باش تېمىسى (مەركىزىي ئىدىيىسى) نېمىلەردىن ئىبارەت؟ 4. «رابىيە ـ سەئىدىن»

داستاننىڭ مەزمۇنى (سۇژىتى) ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟ رابىيە ـ سەئىدىن پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مەنبە نېمە؟ رابىيە ـ سەئىدىن ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

1. ئابدۇرېھىم مۇھەممەت يازىل قەشقىرى (نىزارى) XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، رېئالىزمچى شائىر. ئۇ 1770 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ بولاقبېشى مەھەللىسىدە نامرات ھۈنەرۋەن (بوياقچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مەھەللىسىدە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، 30 ياشقا كىرگىچە قەشقەردىكى ئاتاقلىق بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسى» دە ئوقۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ پارس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان شەيىخ سەئىدى، غوجا ھاپىز شىرازى، مىرزا ئابدۇقادىر بېدىل ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. تالانتلىق شائىر ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. ئابدۇرېھىم نىزارى ئەدەبىي پائالىيىتىنى ئوقۇش يىللىرىدىلا باشلىغان بولۇپ، ئىجادىيەتكە چىن دىلىدىن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان ۋە ئۆگەنگەن. ئەمگەكچى خەلق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان. نىزارى ئەدەبىيات ئىلمىدىن باشقا خەتتاتلىق سەنئىتىنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا 1830 ـ يىلى 60 يېشىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇ-

رۇشلۇق ئەمەلدارى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. 1838 - يىلى پىچان لۈكچۈندىكى ئەفرىدىن چىڭۋاڭنىڭ چاقىرتىشى بىلەن لۈكچۈنگە كېلىپ بىرنەچچە يىل تۇرغان. كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ 1848 - يىلى 78 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان.

2. ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىجادىي پائالىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ نىزارىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كاتىبات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىق كاتىپلار ئۇ زامانىسىنىڭ بىلىملىك ئەدىبلىرى بولغاچقا، ئۇلار دوستلۇق ۋە سەمىمىي ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈشتە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. بولۇپمۇ شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە (1837 - يىلدىن باشلاپ) شائىر ئۆزىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان 48 مىڭ مىسرالىق داستانلار توپلىمىنى يېزىپ تاماملىدى. بۇ ئەسەر ھەجمى جەھەتتىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ 52 مىڭ مىسرالىق «خەمسە» سىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەڭ يىرىك داستانلار توپلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ «مۇھەببەت داستانلىرى»: «رابىيە - سەئىدىن»، «ۋامۇق - ئۈزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «مەسئۇت - دىلئارا»، «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «بەھرام - گۇر»، «شەيخ سەئىدى ھەققىدە تەمسىل»، «ئەسھابۇل كەھبە»، «چاھار دەرۋىش»... قاتارلىق چوڭ داستانلارنى ۋە كۈچلۈك رومانتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان رىۋايەت خاراكتېرلىك يەتتە كىچىك داستان («ھەفتە داستان») نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» دىن

باشقا 1842 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان «دۇرۇلنەجات» (»نىجاتلىق ئۈنچىلىرى«) ناملىق ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەزمۇنغا ئىگە پەلسەپىۋى ئەسىرىمۇ بار.

3. نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» نىڭ مەزمۇنى: نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان. يەنى مۇھەببەتنى بۇ داستانلارنىڭ ئاساسىي سۇژىتى قىلغان. شائىر مۇھەببەت تېمىسىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئادالەت، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش ئارزۇسىنى، ئەمگەكچى خەلققە بولغان ھېسداشلىقى ۋە سەمىمىي مۇھەببىتىنى، فېئودال ئەكسىيەتچىل ئەقىدىلەرنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلىغۇچى زەنجىر ـ كىشەنلىرىگە، جاھالەتلىك زامان ۋە زالىملارغا نىسبەتەن ھەققانىي غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. نىزارى ئۆز داستانلىرىدا، ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەرنىڭ مەنبەسى فېئوداللىق ئاسارەت ۋە جاھىل ئەقىدىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بىۋاپا پەلەك، رەھىمسىز زامان ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلغان. نىزارى ئەسەرلىرىنىڭ (جۈملىدىن «مۇھەببەت داستانلىرى» نىڭ) باش تېمىسى: ① نىزارى ئۆز ئەسەرلىرىدە جاھالەت زەنجىرى بىلەن كىشەنلەنگەن خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارى، ئاھ ـ پەريادىنى ئەكس ئەتتۈردى؛ ② غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتكە، ئادىل ۋە ۋاپادارلىققا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى؛ ③ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق زالىم شاھ، رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى ھەققانىي، ئادىل، رەھىمدىل بولۇشقا چاقىردى.

4. «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ مەزمۇنى: ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى شېئىر شەكلىدە يېزىلغان بۇ داستان نىزارى ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ،

شائىر بۇ داستاننى ئەنئەنىۋى سۇژېتلار ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى رېئال ۋەقەلەر ئاساسىدا شۇ دەۋر داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە يۈكسەك ماھارەت بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ داستان شائىرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن پىشقانلىقىنىلا ئەمەس بەلكى دۇنيا قاراش ۋە رېئاللىققا ياندىشىش جەھەتتىمۇ خېلى ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. داستاندا بايان قىلىنغان ۋەقە 1834 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى پەيزاۋاتقا تەۋە كۆكچى يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ئىبارەت. كۆكچى يېزىسىدا تۇرۇشلۇق نامرات دېھقان ئىبراھىمنىڭ ئوغلى سەئىدىن شۇ يېزىدىكى ئاچكۆز باي ياقۇپنىڭ قىزى رابىيەنى ياخشى كۆرىدۇ. رابىيەمۇ ئىشچان، ئاق كۆڭۈل سەئىدىننى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئاچكۆز ياقۇپ سەئىدىننىڭ رابىيە ئۈچۈن كىرگۈزگەن ئەلچىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئاھانەت دەپ بىلىپ كەسكىن رەت قىلىدۇ ۋە قىزى رابىيەنى قېرى باي ئەمەلدار جابىرغا بېرىپ پۇل ـ مال، ئابرويغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك تۈپەيلىدىن ھېچقانداق نىجاتلىق تاپالمىغان سەئىدىن پاجىئەلىك ھالدا ھالاك بولىدۇ. جابىرغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىنغان ۋە ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كەلگەن رابىيە دادىسىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي سەئىدىنگە سادىق بولۇپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر يولىنى ئۆلۈم ھېسابلاپ ئۆزىنى تەلۋىچۇك دەرياسىغا تاشلاپ بىۋاپا رەھىمسىز دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى: شائىر نىزارى XIX ئەسىر فېئودالىزم مۇھىتىدا ياشىغان رابىيە ۋە سەئىدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تىپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئادەمخور كونا جەمئىيەت-

نىڭ رەزىل ماھىيىتى، مەنىۋى چۈشكۈنلۈكىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىدۇ. جۈملىدىن ئەركىنلىككە ئىنتىلگەن ئىككى ياشنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز داستانىنىڭ سۇژىتىغا ئايلاندۇرۇپ، فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىگە، ئائىلە - نىكاھ تۈزۈمىگە، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتنىڭ ياۋۇز قاتىللىرىغا قارشى مەردانە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. كەسكىن ھالدا ئەيىبلەيدۇ.

«رابىيە - سەئىدىن» پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مەنبە كىشىلىك ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلىغۇچى فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمى، ئائىلە - نىكاھ تۈزۈمىدىن ئىبارەت. شائىر رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، رېئال شەخس ياقۇپ ۋە جابىرغا ئوخشاش فېئودالىزمنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ يىرگىنچلىك ئوبرازىنى يارىتىپ، فېئودالىزمنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى، مەنىۋى پۈچەكلىكىنى جاپاكەش خەلق ئوبرازلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي قارىشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

داستاندا يارىتىلغان رابىيە ئوبرازى — ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك، پاك ۋىجدانلىق، ساپ مۇھەببەت ئىگىسى. ئىنسان ھۆرلۈكى ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدا فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قاماللىرىنى يۈكسەك قارشىلىق كۆرسىتىش ھېسابىغا دادىل بۆسۈپ ئۆتكەن ساپ يۈرەك ئۇيغۇر قىزىدۇر. رابىيە ئوبرازى فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ، پاجىئەلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يىگىت - قىزلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى، زۇلۇمغا قارشى روھىنى ئىپادىلىگۈچى تىپىك ئوبرازدۇر.

سەئىدىن ئەقىللىق، ۋىجدانلىق ۋە ۋاپادار يىگىت بولۇپ، ئۆز خىسلىتى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن رابىيەدىن ئىبارەت جەسۇر ۋە ئىسيانكار قىز ئوبرازىنى مەنىۋى جەھەتتىن تولدۇرغۇچى ۋە ئۇنى ئالىيجاناب شەخس سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگۈچى ئوبرازدۇر. شائىر سەئىدىن ئوبرازىنى رابىيەگە ئوخشاش ئىسيانكارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرمەي، بەلكى ئۇنى رابىيەنىڭ خاراكتېرى، ئىسيانكارلىق روھىنى شەكىللەندۈرگۈچى دەسلەپكى بىخ سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ. ئۇنىڭ پاجىئەسى ئارقىلىق ئاسارەتلىك فېئودالىزم تۈزۈمى سەئىدىننى نابۇت قىلغۇچى رەھىمسىز قاتىلدۇر دېگەننى دادىل ئوتتۇرىغا قويغان.

### گۇمنام ۋە ئۇنىڭ «كاشغەر» شېئىرى ھەققىدە

1. گۇمنام قانداق شائىر؟ ئۇ قايسى دەۋردە ياشىغان؟ 2. گۇمنام ئەسەرلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە قانداق ئىپادىلەنگەن؟ 3. گۇمنام شېئىرلىرىدىكى خەلقپەرۋەرلىك قانداق ئىپادىلەنگەن؟ 4. گۇمنام شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمىدىن ئىبارەت؟ 5. «كاشغەر» شېئىرىدا شائىرنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى قانداق ئىپادىلەنگەن؟ شېئىردا قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟

1. گۇمنام ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن، شېئىرلىرىنىڭ لىرىكىلىقى كۈچلۈك، بەدىئىي شەكلى مۇكەممەل مەشھۇر لىرىك شائىرلارنىڭ بىرىدۇر. گۇمنامنىڭ ھاياتى - پائالىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي ۋە ئېنىق تارىخىي ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك. شائىرنىڭ «كاشغەر» ناملىق غەزىلىگە ئاساسەن ئۇنى قەشقەردە تۇغۇلۇپ ۋە قەشقەردە ياشى-

غان دېگەن چۈشەنچىگە: ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئۇنى XIX ئەسىرلەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ۋە بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى 80 غەزەل، 24 پارچە رۇبائىي ۋە بىرقانچە مۇخەممەس ۋە ئاپتور ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان خاتىمە ئورنىدىكى بىرقانچە مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دىۋاندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە شائىرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى تېمىلار — گۈزەللىككە بولغان ئىشتىياق - ھەۋەس، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرى ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسى بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

2. گۈمنام غەزەللىرىدە كۈيلەنگەن گۈزەللىككە ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شائىر قەشقەرنىڭ «قورغانلىرى» گەرچە «ھەسرەت توپىسى بىلەن قورۇلغان»، «ئىشىق، ئۆلپەت بولىقىدىن دەرد - مېھنەت جوش ئۇرۇپ تۇرغان» بىر مۇدھىش، ئاسارەتلىك دۇنيا تۇرسىمۇ، شائىرنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ خاسىيىتى، گۈزەللىكى، سۆيۈملۈكلۈكى ئالدىدا ئەپسانىلەردىكى «رۇكتابات سۈيى» ۋە «مۇسەللا گۈلشەنى» مۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ: قەشقەرنىڭ «لالىزار» لىقلىرىنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇپرىقىنى «ئىپار» دەپ، سۇلىرىنى «كەۋسەر»، تاشلىرىنى «ئۈنچە - مارجان» دەپ، تىكەنلىرىنى «خۇشپۇراق گۈل»، ۋەيرانىلىقلىرىنى «سۇلايمان دۆلىتى» دەپ ئەتىۋارلايدۇ. قىسقىسى: شائىر ئۆز ۋەتىنىنى ئەنە شۇنداق ئەزىز ھەم سۆيۈملۈك ماكان دەپ بىلىپ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

3. گۇمنام ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ گۈزەللى-كىنى مەدھىيىلەپلا قالماي، ۋەتەننى گۈللەندۈرگەن خەلق ئاممىسىغا بولغان قىزغىن، سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئاجايىپ يالقۇنلۇق يۈرەك سۆزلىرى بىلەن ئىپادە قىلغان. شائىر ئۆزى بىلەن ۋەتەنداش بولۇپ، ۋەتەننى جاپالىق ئەمگىكى بىلەن گۈللەندۈرگەن «گۈل يۈزلۈك» لەرنى «ھەرقانداق» كىشىنىڭ قەلبىگە ئوت ياققۇچى دەپ تەرىپلەيدۇ. جۈملىدىن قەشقەر خەلقىنىڭ چىرايىنى «كۆلۈپ تۇرغان ئانار» ياكى «قىزىل ئالما» غا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردە قەشقەردە ياشىغان ئەمگەكچى خەلقلەرگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ، ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. قىسقىسى شائىر ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈپلا قالماي، ئۆز خەلقىنىمۇ ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ.

4. گۇمنام ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى: ① گۇمنام ئەسەرلىرىنىڭ پىكىرلىرى يېڭى بولۇپلا قالماي، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي تەپەككۇرغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ② گۇمنام ئەسەرلىرىدە ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ، ئەدىبىي ھېسسىيات ئېنىق، جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. ③ گۇمنام ئەسەرلىرى ۋەزىن قاپىيە جەھەتتىن خىلمۇ خىل، كۆركەم ۋە رەڭداردۇر. ④ گۇمنام ئەسەرلىرى تىلىنىڭ گۈزەللىكى، شېئىرىي پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

5. «كاشغەر» ناملىق غەزەلدە شائىر ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان قەشقەرنىڭ «قورغانلىرى»، «ھەسرەت تويىسى بىلەن قۇرۇلغان»، «ئىشىق - ئۆلپەت بۇلىقىدىن دەرد - مېھنەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان» بىر مۇدھىش، ئاسارەتلىك

لىكى، سۆيۈملۈكلۈكى ئالدىدا ئەپسانىلەردىكى «رۇكتابات سۇيى» ۋە «مۇسەللا گۇلشەنى» مۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۇنىڭ «تۇپرىقىنى ئىپار، سۇلىرىنى كەۋسەر»، تاشلىرىنى «ئۈنچە - مارجان»، «تىكەنلىرىنى خۇشپۇراق گۇل»، ۋەيرانلىقلىرىنى «سۇلايمان دۆلىتى» دېيىش ئارقىلىق ۋە ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئەمگەكچى خەلقلەرگە بولغان سەممىي مۇھەببىتى، ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش، گۈزەللىكى ۋە خىسلەتىنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ۋە بۇ ئانا يۇرتنى «مېنىڭ بايلىقىم» دەپ تەرىپلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش جەريانىدا شائىر ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتەلەردىن پايدىلانغان.

## موللا بىلال ۋە ئۇنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن غەزىلى ھەققىدە

1. موللا بىلال بىن موللايۇسۇپ (نازىمى) كىم؟ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى سۆزلەڭ. «غەزەلىيات» قانداق ئەسەر؟ ئۇنىڭ باش تېمىسى (مەركىزىي ئىدىيىسى) ۋە مەزمۇنى (تېمىسى) نېمىدىن ئىبارەت؟ 3. «غازات دەرمۈلك چىن» داستانىدا قانداق ۋەقە، قانداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ داستانىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتى نېمىدىن ئىبارەت؟ 4. «چاقموزا يۇسۇپخان» داستانىدا قانداق كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان؟ بۇ ئەسەرنى نېمە ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ دەيمىز؟ 5. «نۇ-

زۇگۇم» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن نۇزۇگۇم كىم؟ كىمگە قارشى كۆرەش قىلغان؟ كىملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئاپتور نۇزۇگۇم ئوبرازىنى قانداق تەسۋىرلىگەن؟ 6. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن غەزەلدە قانداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟

1. موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ (نازىمى) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XIX ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر يالقۇنلۇق رېئالىست شائىرى. ئۇ 1823 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە كەمبەغەل قول ھۈنەرۋەن (مۇزدۇز) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى موللا يۇسۇپنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسى ئاستىدا باشلانغۇچ ساۋاتقا ئېرىشكەن. كېيىن غۇلجىدىكى «بەيتۇللا مەدرىسى» دە تەلىم ئالغان. ئۆسمۈر ۋاقتىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان موللا بىلال تۇرمۇشنىڭ ھەرتەرەپلىمە ئېغىرچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆز بىلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتكەن. بىرتەرەپتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتنى بېرىلىپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرق خەلقلىرى (بۇ يەردە ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان؛ يەنە بىر تەرەپتىن زۇلۇمغا قارشى خەلق ئىنقىلابىغا بىۋاسىتە قاتناشقان. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، يالقۇنلۇق رېئالىست شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا زېمىن ھازىرلىغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ «نازىمى» تەخەللۇسىدا نۇرغۇنلىغان شېئىر - قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. 1851 - يىلىغىچە يازغان غەزەللىرىنى «غەزەلىيات» (غەزەللەر توپلىمى) غا كىرگۈزگەن. شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن خەلق قوشاقلىرىغا بەكمۇ يېقىن بولغاچقا، خەلقىمىز بۇ شېئىر-

قىلىپ ئېيتىپ كەلمەكتە. موللا بىلال ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغاندىن باشقا «غازات دەرمۇلك چىن» (1875 - يىل)، «چاڭموزا يۇسۇپخان» (1881 - يىل)، «نۇزۇگۇم» (1882 - يىل) قاتارلىق داستان، قىسسەلەرنى ئىجاد قىلغان. شائىرنىڭ هاياتى ئازاب چەككەن جاپاكەش خەلق ئاممىسىنىڭ تەقدىرى، هاياتى بىلەن ئورتاق هالدا غۇربەتچىلىك، زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە قىينىلىش ئىچىدە ئۆتكەن. 1871 - يىلى ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ كۈرەش مېۋىسى چارروسىيە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، 1881 - يىلىدىكى چوڭ «كۆچ - كۆچ» مەزگىلىدە شائىر ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ ياركەنتكە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شائىر هاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى تېخىمۇ غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن. زۇلۇم ۋە ئەلەم شائىر ۋاپاتىدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئۇنى ئىككى كۆزىدىن ئايرىغان. ۋەتەنپەرۋەر رېئالىست شائىر موللا بىلال 1899 - يىلى 76 يېشىدا ياركەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن.

2. «غەزەلىيات» — موللا بىلالنىڭ 1851 - يىلىغىچە يازغان غەزەللىرى كىرگۈزۈلگەن 65 خىل لىرىك شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، 2016 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان غەزەللەر توپلىمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ باش تېمىسى (مەركىزىي ئىدىيىسى): شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار ئىدىيىۋى ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەركىنلىك، چىن ئىنسانىي مۇهەببەت، ساداقەت، دوستلۇقنى مەدهىيىلىگەن. شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، فېئودال دىنىي ئاسارەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. بۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىدۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى (تېمىسى): «غەزەلىيات» تا مۇهەببەت لىرىكىلىرى ئاساسىي

مۇھەببەت ئىلاھىي ياكى ئەپسانىي مۇھەببەت بولماستىن، بەلكى رېئال ھاياتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ساپ مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. شائىر مۇھەببەت ئىگىسىنى ئەركىنلىك، ساداقەت ۋە ۋاپادارلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، فېئودالىزمنىڭ ئاياللارنى پەس كۆرۈپ، ئۇلارنى خارلايدىغان ئەقىدىسىگە قارىمۇ قارشى ھالدا ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە ۋاپادارلىقنى ئالىي خىسلەت سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ. ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى ئەيىبلەش، ئادالەتسىز زامان ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان دەرد - ئەلەملەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، زالىم ھۆكۈمرانلارغا نەپرەت بىلدۈرۈش «غەزەلىيات» تىكى بىر ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشتۇر. بىراق شائىرنىڭ ئىدېئالىستىك دۇنيا قارىشى، دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ غەزەللىرىدە قىسمەن ھالدا دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن باغلىنىق بولغان پاسسىپ خاھىشلارمۇ مەۋجۇت.

3. «غازات دەرمۇلك چىن» (جۇڭگودىكى مۇقەددەس جەڭ) ناملىق تارىخىي داستانى موللا بىلالنىڭ ئىككىنچى چوڭ ئەسىرى بولۇپ، 1875 - يىلى يېزىلغان. 1864 - يىلى ئىلى ئۇيغۇرلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمى ۋە ئىستىبداتلىقىغا قارشى قوزغالغاندا شائىر موللا بىلال قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە، ئاتاقلىق مىللىي قەھرىمان سادىر پالۋان بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭلەردە مەردلىك كۆرسەتكەن. شۇنىڭدەك قوزغىلاڭنىڭ پۈتۈن جەريانى مۇپەسسەل خاتىرىلەنگەن تارىخىي داستانىنى يېزىپ، قوزغىلاڭ ۋە ئۇنىڭ يول باشچىلىرىدىن تارتىپ قاتناشقۇچىلىرىغىچە ھەممىسىنى تولۇپ تاشقان قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلىگەن. قوزغىلاڭغا ئاسىيلىق قىلغان خائىنلارنى غەزەپ - نەپرەت بىلەن ئەيىبلىگەن. بۇ ئەسەر شائىر ئىجادىيىتىدە ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنىڭدەك

ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى زور ئىلگىرىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

داستاننىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. شائىر باتۇرلۇق ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىجادكار خەلقنى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مۇقەددەس زېمىن سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. قىسقىسى، شائىر بۇ داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن.

4. موللا بىلال ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىرى 1881 - يىلى يېزىلغان «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىدۇر. شائىر بۇ داستاندا غۇلجىدا بولۇپ ئۆتكەن، يەنى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تىپىك بولغان رېئال ۋەقەنى تەسۋىرلىگەن. داستاننىڭ ئاساسىي قەھرىمانى قوقاندىن كەلگەن، دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ ئۆزىنى «ئەۋلىيا» قىلىپ كۆرسەتكەن ئاچكۆز، ئالدامچى يۈسۈپ خوجا دېگەن ئادەم ئىدى. شائىر يۈسۈپ خوجا ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئالدامچى، ئاچكۆز روھانىيلارنىڭ تىپىنى يارىتقان. بۇ ئەسەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ــ بەزى دىن ئەھلىلىرىنىڭ ساختىپەزلىكلىرىنى ئۆتكۈر ساتىرىك تىل بىلەن پاش قىلىپ، خەلقنى ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە، ئىغۋاگەر، ئىككى يۈزلىمە، ئالدامچى، سۇيىقەستچىلەردىن ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان. بۇ ئەسەر مەزمۇنى جەھەتتىن شۇ دەۋردىكى يامان ئىللەتلەرنى ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى چوڭقۇر پاش قىلغۇچى ئەسەردۇر. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ئارقىلىق يېزىلغان ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ داستان ئەدەبىياتىمىزدا

غانلىقى بىلەن ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ.

5. شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىرى 1882 - يىلى يېزىلغان «نۇزۇگۇم» قىسسەسىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تارىخىي ناخشا - قوشاقلىرىدا نۇزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن نۇزۇگۇم (ئەسلى ئىسمى چولپانگۈل) ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر شائىرە ۋە قەھرىمان ئىدى. ئالىي ئىنسانىي پەزىلەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نۇزۇگۇم خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ھەققىي بەخت - سائادەت يولى دەپ تاللىۋالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى (1826 - يىلىدىكى) غا قاتنىشىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، قاتناشقۇچىلار ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەر خىل يوللار بىلەن يېگانە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ يولدا دۇچ كەلگەن ھەددى - ھېسابسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى چىدام ۋە جاسارەت بىلەن يېڭىدۇ. ئەركىنلىك ۋە ئادالەت دۈشمەنلىرىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. ھەتتا قانخور جاللاتلارنىڭ قىلىچى بويىنىغا چۈشۈۋاتقان پەيتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسى ۋە غۇرۇر - ئىپتىخارىنى پاك ساقلايدۇ. ئۇ ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ زۇلۇم ئالدىدا باش ئەگمەسلىكتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. قىسسىدە تەسۋىرلەنگەن نۇزۇگۇم XIX ئەسىردىكى پاجىئەلىك قاراڭغۇ - زۇلمەت كۈچلىرى قارشىسىدا قىيا تاشتەك تىك تۇرۇپ، قانخورلۇق ۋە زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرگەن، زۇلۇم بورانلىرىنىڭ باغرىنى يارغان باتۇر، كۈرەشچان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر.

جەڭچىسى نۇزۇگۇمنىڭ قەھرىمانانە ئىش ـ پائالىيىتىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە «خوتۇن ـ قىزلارنىڭ شۇنداق پائالىيىتىدىن جەننەتمۇ كامال تاپىدۇ» غانلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ، نۇزۇگۇمنىڭ «شېھىتلىق ئالىي مۇقامى» غا يېتىشىنى تىلەيدۇ. «نۇزۇگۇم» قىسسىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەردۇر.

6. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ ئالتە كۇپلېت بېيىتتا شائىر ئەركىنلىك ۋە بەختىيار تۇرمۇشتىن ئىبارەت «يار» ۋىسالىغا يېتەلمىگەنلىكىنى، روھىي ئازابىنى «ئارمانىم ھاسىل بولمىدى»، «دىلىمغا ھەر ۋاقىت ئازار يەتتى»، «قانلىق يېشىم يەرگە ئاقىدۇ»، «گۈلزار پەسلىم خازان بولدى»، «يۈزۈمدە ئۇيات، تېنىمدە ئىمكان قالمىدى»، «سەمەندەرگە ئوخشاش ئوت ئىچىدە قالدىم»، «بۇ ئوت، ھارارەت تۈپەيلىدىن قانلىرىم قۇرۇپ تۈگىدى»، «ئاھ ـ زارلىرىم ئاسمان گۈمبىزىگە يەتتى» دەپ يازسا، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ بۇ دەردكە، ئازابقا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان «غۇنچە يار» دەرمان بولىدىغانلىقى، مۇرادىنىڭ شۇنىڭدەك ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇرادى ئەنە شۇ چاغدا ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، شائىر موللا بىلال بۇ غەزىلىدە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەجازى ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولغان «يار» نى ئالامەت (ۋاستە) قىلىش ۋە ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق بەختىيار ھاياتقا بولغان يۈكسەك ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن. ئادالەتسىز زامان ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان، تۇرمۇش غۇربەتچىلىكىدىن ھەسرەت چەككەن.

## مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە

1. مەدەنىي مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش كېرەك؟
2. مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى توغرا پوزىتسىيە
نېمىدىن ئىبارەت؟ 3. مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ
قانداق رولى ۋە ئەھمىيىتى بار؟

1. مەدەنىي مىراس دېگىنىمىز — ئىنسانىيەتنىڭ
ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا شەكىللەنگەن، كېيىنكىلەر-
نىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بارلىق مەدەنىيەت
بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر.
پرولېتارىيات مەدەنىيىتى — ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق
مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭ سەۋەبى پرولېتارىياتنىڭ
تەلتۆكۈس دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم دۇنيا قارىشىدا چىڭ
تۇرۇپ، تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆگەنگەنلىكىنىڭ، تۇرمۇشنى ئەت-
راپلىق ئىگىلىگەنلىكىنىڭ ۋە تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈر-
گەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا
ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىي مىراسلىرىغا تەنقىدىي
ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پرولېتارىيات ئىنسانى-
يەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىي مىراسلىرىغا ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇۋا-
پىق ۋارىسلىق قىلىدۇ. پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەق-
قىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن
ياخشى خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ
جەۋھەرلىرىدىن ياخشى پايدىلانغاندىلا ئاندىن پرولېتارىيات
مەدەنىيىتىنى يارىتىشلى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى
بولىدۇ.
بىز بۇنىڭدىن مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق
قىلىش كېرەكلىكىنى، مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي

سەنئەتنى يارىتىشتا ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى كۆرەلەيمىز.

دېمەك، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىزدىن مەقسەت: ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي دىئالېكتىكىسىغا ھۆرمەت قىلىشتىن، پرولېتارىياتنىڭ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ۋە يېڭى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇشتىن ئىبارەت.

2. مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا پوزىتسىيە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەنقىد قىلىشنىڭ بىرلىكى بولۇشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا قاراتقان تۈپكى پوزىتسىيىمىزدۇر.

تارىخىي ماتېرىيالىزم ئىلمى بىزنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشىمىزنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىدۇر. تارىختىن بۇيانقى ئەدەبىي مىراسلارغا تۇتۇلغان ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ توغرا پوزىتسىيىمۇ مانا شۇنداق بولۇپ كەلدى.

ئەدەبىي مىراسلارغا ۋە چەت ئەل ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، كونىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، يېڭىسىنى تۇرغۇزۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇش لازىم. دېمەك، مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقىمۇ ياكى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتەك ماركسىزملىق پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىپ، قەدىمكىنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرى ئاساسىدا

لازىم.

3. مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك چوڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى بار: ① مەدەنىي مىراسلارغا ياخشى ۋارىسلىق قىلغاندا مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىش خىزمىتى بىلەن تېخىمۇ ياخشى شۇغۇللانغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ياراتقان «پارلاق كلاسسىك مەدەنىيىتى» كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدىكى شانلىق ئەنئەنىلىرىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. ② نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ۋە ئىنتايىن باي ئەدەبىيات - سەنئەت ماھارىتىنى ئۆرنەك سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلارنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىشىمىز بىزگە ئېسىل ھەم قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىنىڭ باي ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن، يۈكسەك بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدىن ئۆگىنىپ، بۈگۈنكى شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى تېز يۈكسەلدۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش ۋە مىللىيلاشتۇرۇش تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزدا چوڭ رول ئوينايدۇ ۋە ناھايىتى ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

### «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش›، كە كىرىش سۆز» ناملىق ماقالە ھەققىدە

1. «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش›كە كىرىش سۆز» ناملىق بۇ ماقالىدە «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» نى يېزىشتىكى مەقسەت قانداق تونۇشتۇرۇلغان؟ 2. تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنىڭ

مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشتا بولۇشقا

تېگىشلىك پوزىتسىيە جانلىق تىللار بىلەن قانداق شەرھلەن-

گەن؟ 3. تېكستتە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ خاتا

كۆز قاراشلار ۋە پوزىتسىيىلەرگە رەددىيە بېرىشنى ئىجابىي

جەھەتتىن شەرھلەش بىلەن قانداق بىرلەشتۈرگەن؟

1. بۇ ماقالە «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 3 - تومىدىن ئېلىنغان، 1941 - يىلى 3 - ئايدا «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلانغان كىرىش سۆز. بۇ كىتاب بىرىنچى قېتىملىق ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە (1942 - يىلى) كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تارقىتىلغان. كىتابقا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە جياڭشى، فۇجيەن يېزىلىرىنى تەكشۈرۈپ يازغان بىرقانچە ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

مۇھاكىمە خاراكتېرىنى ئالغان بۇ كىرىش سۆزدە «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابنى بېسىشنىڭ، تارقىتىشنىڭ مەقسىتى ئىككى تەرەپتىن تونۇشتۇرۇلغان: ① ۋەزىيەت، سىياسەت ئۆزگەرگەنلىكتىن يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان كادىرلارنىڭ خىزمەتلەر داۋامىدا ئۇچرىغان يېڭى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى، بۇنىڭدىن قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىپ خىزمەتلەرگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە بېسىپ تارقىتىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ② رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتەۋاتقان نۇرغۇن يولداشلارنىڭ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز بولۇش، ئىشتا بىپەرۋالىق قىلىش، ئەھۋالنى تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشماسلىق، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەس-

مەقسىتىدە بۇ كىتاب تارقىتىلغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان (ماقالىنىڭ 1 - تەبىئىي ئابزاسىدا).

2. ماقالىدە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل - ماركسىزملىق مەيدان، سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەڭ ئاساسىي، توغرا بىلىملەرگە ئىگە بولۇش ئۇسۇلى ۋە پوزىتسىيىسى شەرھلىنىش داۋامىدا، «گېدىيىپ ئاسمانغىلا قارىۋالماي، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش»، «مىش - مىش گەپلەرگە» قۇلاق سالماي «تەكشۈرۈش مەجبۇرى ئېچىش»، «تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بولمىسا، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش نىيىتى بولمىسا، بىلىم ئېلىش تەشنالىقى بولمىسا، سېسىق كىبىرنى تاشلاش، شاگىرت بولۇشنى خالاش روھى بولمىسا»، «ھارۋىدىن چۈشە - چۈشمەيلا، ۋالاقلاپ سۆزلەپ كېتىدۇ»، «چىنچەيداچىن»، «قارىغۇ، ئىستىقبالسىز، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان»... دېگەنگە ئوخشاش جانلىق، ئوبرازلىق سۆزلەر قوللىنىلىپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتىكى خاتا پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇللارغا رەددىيە بېرىلگەن. ماقالىنىڭ جەلپ قىلىش، قايىل قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلغان. شۇ ئارقىلىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيە ئىسپاتلانغان.

3. ماقالىدە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەرھلەش (دەلىللەش). بۆلەكلەرگە بۆلۈپ شەرھلەش، مىسال كەلتۈرۈپ شەرھلەش، نەقىل كەلتۈرۈپ شەرھلەش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار ئىچىدە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شەرھلەش ئۇسۇلى ماقالىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقا ئۇسۇللار بۇ ئاساسىي ئۇسۇل ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەنى ماقالىنىڭ 2 - تەبىئىي ئابزاسىدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق

بىردىنبىر ئۇسۇلى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش، جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت» ئىكەنلىكى. تەكشۈرۈشتە «ماركسىزمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرى يەنى سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى» قوللىنىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئابزاسلاردا بۇ خىل ئۇسۇلغا زىت بولغان سۇبيېكتىۋىزملىق ئۇسۇل سېلىشتۇرۇلۇپ خاتا كۆز قاراشلارغا ۋە پوزىتسىيىلەرگە رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە شۇ رەددىيەدىن كېيىنلا ئىجابىي جەھەتتىن شەرھلەش ئېلىپ بېرىلغان. يەنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش نىيىتى، بىلىم تەشنالىقى، كىبىرنى تاشلاش. شاگىرت بولۇشنى خالاش روھى بولۇش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىملىقى، «تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق» لىقى قاتارلىق كۆز قاراشلار ئىجابىي جەھەتتىن شەرھلەنگەن. ستالىننىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ بۇ كۆز قاراشلار ئىسپاتلانغان. ئاخىرىدا پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ ئاممىدىن ئۆگىنىش، ئاممىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش لازىملىقىدىن ئىبارەت يەكۈن قايىل قىلارلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىسقىسى ماقالىدە سەلبىي كۆز قاراش بىلەن ئىجابىي كۆز قاراش بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇھاكىمە قىلىنىپ، پەرق ۋە نەتىجە روشەن كۆرسىتىلگەن. دەلىللەر ئەتراپلىق، ئىسپات (جۈملىدىن يەكۈن) قايىل قىلارلىق بولغان.

## ««تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» غا مۇقەددىمە» ھەققىدە

1. ««تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» غا مۇقەددىمە» ناملىق بۇ مۇقەددىمىدە ئاپتور يېزىش جەريانىنى چۈشەندۈرگەندە، نۇقتىلىق

نېمىلەرنى چۈشەندۈرگەن؟ 2. تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسىدە ئاساسلىقى قايسى نۇقتىلار چۈشەندۈرۈلگەن؟ 3. ئاپتورنىڭ پەننى تەتقىق قىلىش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلىدىكى قايسى جەھەتلەر بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ؟ 4. ئالدىنقى تېكىست بىلەن بۇ تېكىستنىڭ ھەر ئىككىسىلا كىرىش سۆز تۈرىدىكى ماقالىلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇللىرى ئوخشىمايدۇ، ھەربىرىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

1. ئەنگلىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى بىئولوگىيە ئالىمى، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى چارلىز روبېرت دارۋىن (1809 — 1882) نىڭ بۇ ماقالىسىدە (1859) ئاپتور كىتابىنىڭ يېزىلىش جەريانىنى چۈشەندۈرگەندە نۇقتىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغانلىقى، تەرتىپكە سالغانلىقى، كۆڭۈل قويۇپ مۇلاھىزە قىلغانلىقى، تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق ئاندىن ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى توغرا دەپ ھېسابلىغان پروگراممىنى يېزىپ چىققانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق چۈشەندۈرگەن.

2. تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن «خۇدا ياراتقان» دېگەن خاتا قاراش ئىنكار قىلىنغان ۋە بۇ مەسىلىدە بىرنەچچە نۇقتا بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن: ① جانلىقلارنىڭ تۈرلىرى ئۆزگىرىدۇ؛ ② ئاتالمىش بىر ئۇرۇقداش تۈرلەرنىڭ ھەممىسى تەخمىنەن باشقا ھالاك بولۇپ كەتكەن تۈردىن قېپقالغان بىۋاسىتە ئەۋلادلىرىدۇر؛ ③ تەبىئىي تاللىنىشنىڭ رولى گەرچە تۈرلەر ئۆزگىرىشچانلىقىنىڭ بىردىنبىر شەرتى بولمىسىمۇ، ئەڭ مۇھىم شەرتىدۇر؛ ④ ئىنسانلار-

نىڭ سورت تاللاش كۈچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇششاق ئۆزگىرىشلەرنى تەدرىجىي توپلاپ بارىدۇ.

3. ئاپتورنىڭ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلىدىكى قەتئىي، ئەستايىدىل بولۇش يەنى يېنىكلىك بىلەن يەكۈن چىقارماي ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاش، ئۇزۇن مۇددەت تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىش پوزىتسىيىسىنى ھەمدە ئىلمىي دىئالېكتىكىلىق ئۇسۇلىنى يەنى پەننى تەتقىق قىلىش جەريانىدا كۆپلىگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى كۆزىتىپ، رەتلەپ، ئانالىز قىلىپ تەتقىق قىلىش، ئىجابىي - سەلبىي جەھەتلەردىكى پاكىتلارنى، دەلىل - ئىسپاتلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇكەممەل يەكۈن چىقىرىش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

4. ئالدىنقى تېكىست بىلەن بۇ تېكىستنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا كىرىش سۆز تۈردىكى ماقالىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇللىرى ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقى ماقالە پوبلىستىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ماقالىدە باشتىن - ئاخىر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ماقالىنىڭ تىلى جانلىق، ئوبرازلىق بولغاندىن تاشقىرى قاراتمىلىقى كۈچلۈك. ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى 2 - ئابزاستىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كېيىنكى ئابزاسلاردا دەلىللەش (شەرھلەش) ئېلىپ بېرىلغان. دەلىللەش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر مۇھاكىمە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. كېيىنكى ماقالە پەننىي نەزەرىيىۋى خاراكتېردىكى ماقالە بولۇپ، ماقالىدە مىسال كەلتۈرۈش، پاكىت كەلتۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى يەنى جانلىقلار خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلمىغان، بەلكى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن

ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالدىنقى ئابزاسلاردا مانا شۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر دەلىللەنگەن. بۇ جەرياندا ئالدىنقى ماقالىگە قارىغاندا مۇھاكىمە جەريانىدا بايانمۇ مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلغان.

**«ماقالىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ھەققىدە**

1. «ماقالىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا» ناملىق بۇ ماقالىدە ماقالىنى تۈزىتىشنىڭ مۇھىملىقى قانداق چۈشەندۈرۈلگەن؟ 2. ماقالىنى ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش كېرەك؟

1. خې چىفاڭ (1977 — 1912) نىڭ بۇ ماقالىسى ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى خاراكتېردىكى مۇھاكىمە ماقالىسى بولۇپ، ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى ماۋزۇ (سەرلەۋھە) دىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە قانداق قىلغاندا ماقالىنى ياخشى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. ئاپتور ماقالىنىڭ باش قىسمىدا كلاسسىكلارنىڭ يېزىقچىلىق ئۇستىلىدىن يەنى ماركس «كاپىتال» ئەسىرىنى، لېف. تولستوي «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىنمۇ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ئىبارەت تىپىك مىسال ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماقالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگەن. ئاندىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماقالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلىرىنى شەرھلىگەن: ① ماقالىنىڭ مەزمۇنى دەل ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى بىراقلا روشەن، مۇكەممەل بىلىپ كەتكىلى بول

كۆتۈرۈلۈش، چوڭقۇرلىشىش جەريانى. شۇڭلاشقا مەزمۇنىنىڭمۇ مۇكەممەللىشىش جەريانى. ② ماقالىنىڭ يېزىلىش شەكلى بىراقلا كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتمەيدۇ. كۆپرەك ئۆزگەرتكەندە تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. ئۆزگەرتىش جەريانى ئىپادىلەش شەكلىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مۇكەممەل بولۇش جەريانى. مانا مۇشۇ ئىككى تەلەپنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن ماقالىنى ئەستايىدىل ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى چۈشەندۈرۈلگەن.

2. ماقالىنى ئۆزگەرتىشتە ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش لازىم. ماقالە يېزىلىشتىن ئىلگىرى ماقالىنىڭ مەزمۇنى، تۈزۈلۈشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش، تېزىس تۈزۈش قاتارلىقلارغا يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. يېزىشقا باشلىغاندىن كېيىن بىر چەتتىن يېزىپ، بىرچەتتىن ئۆزگەرتىش، يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارغا يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

**«گۈلدۈرماما» دراممىسى ھەققىدە**

1. «گۈلدۈرماما» دراممىسىدا جۇ پۇيۈەن بىلەن لۇ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قانداق پەيدا بولغان؟ 2. بۇ زىددىيەت ئەينى زاماندىكى جەمئىيەتنىڭ قانداق رەزىل رېئاللىقىنى پاش قىلغان؟ 3. جۇپۇيۈەن، لۇئانا، لۇ داخەي ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

1. ساۋيۈي (1910 — 1996) نىڭ «گۈلدۈرماما» ناملىق بۇ دراممىسى (1933) خاراكتېر جەھەتتىن تراگېدىيە. ئىپادىلەش شەكلى (ئۇسۇلى) جەھەتتىن دراما. تۈزۈلۈشى (ھەجمى ۋە قۇرۇلمىسى) جەھەتتىن كۆپ پەردىلىك دراما.

تىن تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان دراما بولۇپ، جۇ پۇيۇەن بىلەن لۇ ئائىلىسىدىكى ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى — جۇپۇيۇەننىڭ ئالدامچىلىق بىلەن سىپىگىنى خوتۇن قىلىپ ئېلىشى، كېيىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشى ۋە ئىشچىلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قىرغىن قىلىشى يەنى ئەينى دەۋردىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر، ماھىيەتلىك زىددىيەتتىن كېلىپ چىققان.

2. ئەسەردە جۇپۇيۇەننى مەركەز قىلغان مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق، بۇرژۇئازىيىنىڭ رەزىل جىنايەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ چاكىنا، ئىپلاس، ساختا روھىي قىيايىتىنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق زۇلمەت قاپلىغان چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈم قامچىلانغان ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

3. جۇ پۇيۇەن — سۈيىقەستچى، ياۋۇز. شەخسىيەتچىل، ساختىپەز رېئاكسىئون كاپىتالىست.

لۇ شىپىڭ — تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا قاتمۇ قات دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان، خورلانغان، سادda، ئاق كۆڭۈل مېھنەتكەش ئايال. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە مېھنەتكەش خەلقنىڭ مەزمۇت، جەسۇر خاراكتېرى بولغاندىن تاشقىرى ئۆزىگە ۋە ئۆز ئائىلىسىگە كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ئىجتىمائىي يىلتىزىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن، تەقدىرچىلىك ئىدىيىسىگە ئىگە ئىدىيىۋى چەكلىمىكىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

لۇ داخەي شۇ چاغلاردىكى ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى. ئەمگەكچى خەلق ئۈستىگە چۈشكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ مەنبەسىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن، ئۆزۈل ـ كېسىل

كىتتىنىڭ رەھبىرى. ئۇنىڭ بىلەن جۇ پۇيۇەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىككى سىنىپنىڭ ھايات - ماماتلىق كۆرىشىدىن ئىبارەت. ئەسەردە ئاپتور لۇ داخەي بىلەن جۇ پۇيۇەن ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر، مۇرەسسەسىز كۆرەشنى يېزىش ئارقىلىق لۇ داخەينىڭ بۇرژۇئازىيىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ۋە باتۇر تەۋرەنمەس كۆرەش روھىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

## «شاڭخەي كېچىسى» درامىسى ھەققىدە

1. «شاڭخەي كېچىسى» درامىسىدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ قانداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان؟ 2. جىڭ گويى قانداق ئوبراز؟ جىڭ گوپىڭ، جىڭ گولەنلەرچۇ؟ بۇ ئوبرازلارنىڭ تۈپ خاراكتېرى ئەسەردە قانداق تەسۋىرلەنگەن؟

1. ئۆزبېك شائىرى، دراماتورگ شۈكۈر يالقىن (1917 — ) نىڭ «شاڭخەي كېچىسى» (1939) ناملىق بۇ درامىسى خاراكتېر جەھەتتىن تراگىكومېدىيە، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن دراما، تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر پەردىلىك دراما، تېما جەھەتتىن تارىخىي دراما، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان. درامىدا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شاڭخەينى بېسىۋالغان دەسلەپكى مەزگىلى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ بىر تۇغقانىنىڭ چوڭى جىڭ گويى ياپون ئالۋاستىلىرىغا تىز پۈكۈپ، ئىنسانلىق ۋىجدانى، غۇرۇرىنى يوقىتىپ سىڭلىسى جىڭ گولەننى ياپون پولتسىيە گېنېرالى ۋىتاكۇئاغا «سوۋغا» قىلىپ بېرىش ھېسابىغا ئاتالمىش گۈللەنمەكچى، روناق تاپماقچى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئىنىسى جىڭ

سىگنالىسى جىڭ گولەن بىلەن بىرلىشىپ، جىددىي ۋەزىيەتتە ئالاھىدە تاكتىكا قوللىنىپ. ياپون گېنېرالى ۋىستاكوئا بىلەن تەسلىمچى جىڭ گويىنى ئېتىپ تاشلاپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئون مىڭلىغان جەڭچىلەر سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك (مەزمۇن) ئارقىلىق ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى، بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا مەدھىيە ئوقۇغان، ۋەتەن ساتقۇچلۇققا. تەسلىمچىلىككە نەپرەت بىلدۈرگەن.

2. جىڭ گويى ـــ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى ئالدىدا ئىنسانلىق غۇرۇرىنى يوقىتىپ، دۈشمەن كۈچلىرىدىن شەپقەت تىلەپ، جاھانگىرلارغا ئۆز زېمىنىنى ھەتتا ئۆز قېرىندىشىنى «سوۋغا» قىلىپ بېرىش ھېسابىغا ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاتالمىش روناق تېپىش يولىنى تۇتقان، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىك، رەزىللىكلەرنى قىلىدىغان، ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان نومۇسسىز، پۇرسەتپەرەس ساتقىنلارنىڭ ئوبرازى.

جىڭ گوپىڭ ـــ ۋەتەن، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى، ئىنسانلىق غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ تەسلىمچىلىكىگە زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە قەتئىي ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، جىددىي ۋەزىيەتتە كەسكىن، توغرا قارارغا كېلەلەيدىغان پاراسەتلىك، تەدبىرلىك جەڭچىنىڭ ئوبرازى.

جىڭ گولەن ـــ ئەجدادلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەن ساتقۇچلۇق، تەسلىمچىلىككە نەپرەتلىنىدىغان، ئىپپەت - نومۇسنى قوغدايدىغان، تەدرىجىي

درامىدا بۇرژۇئا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان جىڭ گويى، جىڭ گوپىڭ، جىڭ گولەن قاتارلىق ئۈچ بىر تۇغقاننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئېلىمىز زېمىنىنى بېسىۋېلىپ خەلقنى قىرغىن قىلىش، قۇل قىلىشىغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسى (تىلى) ۋە ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرلار درامىدا كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىگە قويۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

## «ئۆزگىرىش» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «ئۆزگىرىش» ھېكايىسىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ نېمە ئۈچۈن ھېكايىگە «ئۆزگىرىش» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان؟ 2. گۆھەرخان چوڭ ئانا قانداق ئوبراز؟ 3. ھېكايىنىڭ بايان قىلىنىشى ۋە تىلىدا قانداق ئالاھىدىلىك بار؟ ئۇنىڭ رولى نېمە؟

1. مالىك كېۋىر (1934 — ) نىڭ «ئۆزگىرىش» ھېكايىسىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يۈرگۈزگەن ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكى، جۈملىدىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ چېكىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ نامراتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، «سول» لۇشيەنگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشقا باشلىغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېزىلاردا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە، تۇرمۇشىدا بولغان ئۆزگىرىش

دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.

2. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى گۆھەرخان — «سول» لۇشيەن ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا دىلى ئازار يېگەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قايتىدىن روھىنى ئۇرغۇتۇپ تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان، سوتسىيالىستىك زامانىمىزنى ئۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇۋاتقان ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ئىشچان، ئۆز كەسپىگە ماھىر يېزا ئاياللىرىنىڭ ئوبرازى.

3. ھېكايە چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. «سول» لۇشيەن يۈرگۈزۈلگەن ئەينى يىللاردىكى ئەھۋاللار ھېكايىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى ئىچىگە قىستۇرما قىلىنىپ روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنغان. ھېكايە تىلىدا يەنى بايانچى تىل بىلەن پېرسوناژلار دىئالوگلىرىدا خەلق جانلىق تىلى، ماقال - تەمسىللەر قوللىنىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلاش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى روشەن يارىتىپ بېرىش، مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

## «رۇستەم» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «رۇستەم» ھېكايىسىدە كوماندىرنىڭ خېتى ئارقىلىق رۇستەمنىڭ باتۇر، قورقماس، چىدامىلىق روھى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

2. ھېكايىدە رۇستەمنىڭ جانلىق ھەرىكىتى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟

3. رۇستەمنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش رۇستەم ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىشتە قانداق رول ئوينىغان؟

«رۇستەم» (1979) ناملىق بۇ ھېكايىسى 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ئاپتور ھېكايىدە گومىنداڭ باتالىيون كوماندىرىنىڭ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ رۇستەم ئىسىملىك ئاددىي بىر جەڭچىسىنى نۇرغۇن ئادەمدىن ئايرىلىش ھېسابىغا ئەسىرگە چۈشۈرگەندىن كېيىن «غەلىبە شادلىقى»، مەنسەپ تەمەسى ئىچىدە ئولتۇرۇپ قوماندانىغا ۋە ئايالىغا يازغان خېتى ئارقىلىق رۇستەمنىڭ باتۇر، قورقماس، چىدامىلىق روھىنى ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بويىچە گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئەسەردىكى سەلبىي پېرسوناژنىڭ تىلى، ھېسسىياتى ئاساسىدا ئىجابىي پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ جانلىق، قايىل قىلارلىق ھالدا يارىتىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتور ئەسەر قەھرىمانىنى ئەسەرنىڭ بېشىدا بىۋاستە مەيدانغا چىقارماي ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىتابخانلارنى جەلپ قىلغان. ئەسەر قەھرىمانىنىڭ كېيىنكى پائالىيىتىگە، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشكە زېمىن ھازىرلىغان.

2. ھېكايىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە جەڭچىسى رۇستەمنىڭ گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ بېرىلىش يولىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانانە ھەرىكىتى، باتۇرلۇقى، جىددىي پەيتتە كەسكىن، توغرا قارارغا كېلەلەيدىغان تەدبىرلىك جەڭچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئوبرازى بىۋاستە تەسۋىرلەنگەن.

3. ھېكايىدە رۇستەمنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن قاتتىق نەزەربەنت قىلىنىپ قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان

ۋاقىتتىكى ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان ئىچكى دۇنياسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پىداكار روھقا ئىگە قەھرىمان جەڭچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خاراكتېرى تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلىنغان ۋە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنداقلا ئەسەر مەزمۇنى تېخىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

# تولۇق ئوتتۇرا ئۈچىنچى يىللىق 5 - قىسىم ئەدەبىيات كىتابتىن

**«ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسەردىن بېرىلگەن پارچە ھەققىدە**

1. «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق پوۋېستنىڭ باش تېمىسى نېمە؟ 2. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋېيجۇاڭ يېزىسى نېمىنىڭ سىمۋولى؟ 3. ئاQ قانداق تىپ؟ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى تۈپكى ئالاھىدىلىك نېمىدىن ئىبارەت؟ ئاساسىي ئىپادىلىرىچۇ؟ ئاپتور بۇ ئارقىلىق نېمىنى ئېچىپ بەرگەن؟ 4. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورىنى ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاQ نېمە ئۈچۈن باشتا «ئۇلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى ۋە ئۇلارغا قەتئىي قارشى ئىدى»، كېيىن يەنە ئۇلارغا «زوقلاندى» ۋە «خۇشال بولدى؟» 5. ئاQ نېمە ئۈچۈن ئىنقىلابچى بولماقچى بولدى؟ ئۇ كىملەر ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلماقچى ئىدى؟ ئاQ نىڭ ئىنقىلابچى بولماقچى بولۇشى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ماسلىشامدۇ؟ 6. «ئەجنەبىي جاناب» قانداق ئوبراز؟ ئۇ ئاQ نىڭ ئىنقىلاب قىلىشىغا يول قويمىغاندا، ئۇ بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ 7. لۇشۈن: ئاQ نى

يېزىشتىن مەقسەت «مۇشۇنداق سۈكۈت قىلىدىغان مىللىي روھنى سۈرەتلەش»، «مىللىي زەئىپلىكنى ئاشكارىلاش» ئىدى دەيدۇ، بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

8. نېمە ئۈچۈن جۈيرېن جاناب، جاۋ ئائىلىسىدىكى ئاتا - بالا ۋە «ئەجنەبىي شەيتان» قاتارلىقلار شىنخەي ئىنقىلابىدىن قورقۇشتىن ئۆزگىرىپ ئىنقىلابتا پۇرسەتپەرەسلىك قىلالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پەقەت ئاQ نىڭلا ئىنقىلاب قىلىشىغا يول قويمايدۇ؟ 9. تېكىستتە كىيىم - كېچەك ساندۇقلىرىنىڭ ساقلاپ بېرىشكە قويۇلۇشى، پىتنە - پاساتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، خەت - چەك ئالاقىسى، ئۆرۈم چاچنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا تۈگۈلۈشى ھەمدە ھۆرىيەتچىلەر ئىزنىكىنىڭ تېگى - تەكتى ۋە ئۇنى تاقىۋېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت شارائىتى ۋە كەيپىياتىنى ئىپادىلەشتە قانداق رولى بار؟

10. ئەسەردە ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلار ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا قانداق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ھەجۋىي قىلىنغان؟

1. «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق پوۋېست — لۇشۈن ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، 1921 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1922 - يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان. 1921 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 1922 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە «سەھەر گېزىتى» نىڭ «قوشۇمچە بېتى» دە «بارېن» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئۇدۇللۇق ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «چۇقان» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئۆتكۈر ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ئەسەر جەمئىي توققۇز باب بولۇپ، دەرسلىككە 7 -، 8 - بابلىرى كىر-

3 - شەخس تىلىدا، چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا (1 - بابنىڭ بېشىدىكى كىرىش سۆز ئورنىدا بېرىلگەن بايانلار بىلەن قوشۇپ قارىغاندا) يېزىلغان (دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچە تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان).

ئەسەردە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ تارىخىي قىياپىتى ۋە ئاQ پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى كونا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۆزۈل - كېسىلسىزلىكى قاتتىق تەنقىد قىلىنغان. بۇرژۇئازىيە بىلەن «يېڭىلاش» تونىغا ئورىنىۋالغان پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلارغا ئىنقىلابنى ئىنئام قىلىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىماي «ئىسيان كۆتۈرۈش» لازىملىقى، ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىغا ئۆزى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشتىن باشقا نىجاتلىق يولىنىڭ يوقلۇقى كۆرسىتىلگەن.

2. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋېيجۇاڭ يېزىسى — شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كونا جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. ۋېيجۇاڭدىن ئىبارەت بۇ قاراڭغۇ، قالاق، خىلۋەت يېزىدا جاۋ بېگىم بىلەن چيەن بېگىم باشچىلىقىدىكى فېئودال كۈچلەر مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاQ بولسا ۋېيجۇاڭ يېزىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاپ باشقىلارنىڭ ئورمىسىنى ئوروپ بېرىش، شال ئاقلاش، كېمە ھەيدەش قاتارلىق ئىشلارغا ياللىنىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تۇرمۇشىنىمۇ قامدىيالمايدۇ. خار - زارلىق، ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئورنى، ئالىقانچىلىك يېرى، باش تىققۇدەك ماكانى،

هۆكۈمران كۈچلەر، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت تەرىپىدىن، فېئودالىزمنىڭ قۇللۇق، مەھكۇملۇق تۈزۈمى، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى، فېئوداللىق ئەخلاقنىڭ روھىي كىشەنلىرى بىلەن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتمۇقات كىشەنلەنگەچكە، ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي، تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەت، خورلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىگە - ئۆزى تەسەللىي بېرىپ، ئۆز - ئۆزىنى ئالداپ، قۇللۇق ئورنىنى تونۇپ يەتمەي روھىي غالىبىيەتچىلىك ئىچىدە ياشايدۇ. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورىنى ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر قورقۇنچقا چۈشىدۇ. دەرھال تىل بىرىكتۈرۈشكە ئۆتىدۇ. فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان شيۇسەي بىلەن بۇرژۇئا ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ، پۈرسەتپەرەسلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئەجنەبىي شەيتان بىرلىشىپ ۋېيجۇاڭدا شەكىل جەھەتتىن ئىنقىلاب قىلىدۇ. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن كونا - يېڭى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ. ئاخىر بۇ هۆكۈمران كۈچلەر تەرىپىدىن ئاQ نىڭ هاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋېيجۇاڭ يېزىسى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى كونا جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى دەيمىز.

3. ئاQ — فېئودالىزمنىڭ قۇللۇق زەنجىرى بىلەن قاتتىق كىشەنلەنگەن، فېئوداللىق ئەدەب - ئەخلاقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان، ئويغانمىغان، بىخۇد، ئەڭ نامرات سەرگەردان ئىشلەمچى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىك روھىي غالىبىيەتچىلىكتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىپادىلىرى شۇكى — ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنى

قوش، ئۆز — ئۆزىنى ئالداشتىن ئىبارەت. ئۇ رېئاللىققا
يۈزلىنىشنى خالىمايدۇ، ساۋاقلارنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ نادان،
تەكەببۇر، قورقۇنچاق شۇنداقلا ئۇنتۇغاق. ئۇ جىسمانىي جە-
ھەتتە ھەرقانچە ئازابلانسۇن، روھىي جەھەتتە قانچە خارلانسۇن،
ھامان تۇرلۇك باھانە — سەۋەبلەرنى تېپىپ ئۆز — ئۆزىنى
ئالداش ھەتتا ئۆزىنى — ئۆزى ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە تە-
سەللىي بېرىپ، شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ، خام خىيال ئىچىدە
«شاد — خۇرام» ياشاۋېرىدۇ. يېڭىلاش تونۇشىغا ئورنىتىۋالغان
كونا — يېڭى زالىم ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىلىنىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلغاندىمۇ تاماشا كۆرۈش
ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ ناخشا ئوقۇغۇسى
كېلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۆز ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى
چۈشەنمەيدۇ.

ئاپتور ئاQ نىڭ بۇ خىل روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراك-
تېرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق 2000 يىلدىن ئارتۇق
ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ، فېئودالىق ئەدەب —
ئەخلاقىنىڭ ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنى جىسمانىي جەھەتتىنلا
ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە زە-
ھەرلىگەنلىكىنى، ئېزىلگۈچىلەرگە سېلىنغان بۇ مەنىۋى
بويۇنتۇرۇقنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى
كۆرسىتىپ بەرگەن.

4. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورىنى ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا
يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاQ ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
چۈشەنمىگەچكە، ئىنقىلابچى، ئىسيانچى دېگەنلەرنىڭ مەقسىتىنى
چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، باشتا «ئۇلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى ۋە
ئۇلارغا قەتئىي قارشى ئىدى»، لېكىن فېئودال ھۆكۈمران سى-
نىپلارنىڭ ۋەكىلى بولغان جاۋ، چيەن بېگىملەرنىڭ قاتتىق

ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇلارغا «زوۋقلانىدى» ۋە «خۇشال بولدى». ئاپتور بۇ ئىككى قارىمۇقارشى سىنىپنىڭ ئىنقىلابقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرمىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تەرىپىدىن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چىدىغۇسىز خورلانغان نامرات، ئويغانمىغان، قالاق دېھقانلارنىڭ دەسلەپتە شىنخەي ئىنقىلابىغا باغلىغان ئۈمىدىنى، ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

5. ئاQ ۋېيجۇاڭ يېزىسىدىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ شەپقەتسىز زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىستېخىيىلىك ھالدا ئۇلار ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلىپ ئۆچ ئېلىش، نېمىنى، كىمنى خالىسا شۇنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ئىگىلىۋېلىش ئارزۇسى بار. ئۇ يەنە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان ساقاللىق ۋاڭ، شياۋD قاتارلىقلار ئۈستىدىنمۇ ئاتالمىش ئىنقىلاب قىلىپ ئۆچىنى ئالماقچى، ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى، ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنىدىغان ئىتائەتمەن قۇل قىلماقچى ھەتتا كاللىسىنى ئالماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىكى مەقسىتى — ئۆز رەقىبلىرىدىن ئۆچ ئېلىش، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش، نېمىنى، كىمنى خالىسا شۇنىڭغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

ئاQ نىڭ ئىنقىلابچى بولماقچى بولۇشى ئۇنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىگە، ئىجتىمائىي ئورنىغا ئەلۋەتتە ماس كېلىدۇ. چۈنكى ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت مەۋجۇت. شۇڭا ئۇ قالاق بولسىمۇ يەنىلا ئىنقىلاب قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئاQ نىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىكى ئەڭ

مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن ئا Q نىڭ ئىنقىلابچى بولۇش - بولماسلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «مېنىڭ پىكرىمچە، جۇڭگو ئىنقىلاب قىلمايدىكەن، ئا Q ئىنقىلابچى بولمايدۇ. ئىنقىلاب قىلىدىكەن، ئىنقىلابچى بولىدۇ. مېنىڭ ئا Q يىمنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېگەنىدى. ئەمما ھېچنېمىسى، ھېچكىمى بولمىغان، قاتتىق خورلانغان، روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن قۇل قىلىنغان، ياشاش شارائىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان، ئۈستىباشلىرىنى يۆگەپ تۇرىدىغان كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ھۆكۈمران كۈچلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ئا Q نىڭ نەزەرىدىكى ئىنقىلاب يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۆچ ئېلىش، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش، مەنپەئەتكە ئېرىشىش؛ ئىنقىلابچىلار بولسا «ئاق قالپاق، ئاق ساۋۇت» كىيگەنلەردىن ئىبارەت خىيالەن بىر كۆلەڭگۇ بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئىنقىلابچى بولۇش ئۈچۈن بىر ئىنقىلابىي كۈچنىڭ، ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج. ئۇزۇل - كېسىل بولالمىغان كونا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە ئىنقىلابچىلىرى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان ھەم ئورۇندىيالمايتتى. شۇڭلاشقا ئا Q نىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىنقىلابچى بولماقچى بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئا Q نىڭ ئىنقىلابچى بولماقچى بولۇشى ئۇنىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىنقىلابچى ئۇزۇل - كېسىل كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە، دوست - دۈشمەننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا، ھەقىقىي دوستلار، تەقدىرداشلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت باتۇر، پىداكارانە روھقا ئىگە بولۇشى لازىم. دېمەك، ئا Q نىڭ ئىن-

كېلىدۇ، ئەمما روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھەقىقىي ئىنقىلابچىلارنىڭ يېتەكلىشىگە، ھەقىقىي ئىنقىلابنىڭ ئويغىتىشىغا موھتاج.

6. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئەجنەبىي شەيتان — ئەكسىل ئىنقىلابىي ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ بۇرۇن ياپونىيىگە بېرىپ جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن چېچى كېسىلىپ، ئەدىبىنى يەپ ۋېيجۇاڭغا قايتىپ كەلگەن. شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ۋەكىلى بولغان جاۋ شۇسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خانىقاغا بېرىپ بىر قاتار شەكلەن ئىنقىلابلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئارقىدىنلا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا قاتراپ فېئودال كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. ئۆزىنى ئىنقىلاب سەركەردىسى قىلىپ پەردازلايدۇ. ۋېيجۇاڭدىكى بىردىنبىر ئىنقىلابچى بولۇۋالىدۇ. ئۇ مانا شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئىنقىلابقا بولغان دۈشمەنلىك قارىشىنى ۋە ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك يامان غەرىزىنى ياپىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئاQ يالغان ئەجنەبىي شەيتاننىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىك ماھىيىتىنى كۆرەلمەي ئۇنى «ھەقىقىي ئىنقىلابچى» دەپ قارايدۇ — دە، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئۆزىگە ئىنقىلاب قىلىش يولى كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ئاQ نىڭ قىلماقچى بولغان ئىنقىلابى شۇ ۋاقىتتىكى باشقا ئېزىلگۈچى، ئويغانمىغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئادەمدەك ياشاش شارائىتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاز — تولا نەپ ئېلىش ھەمدە قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ئىدى. بىراق مۇشۇنداق ئىنقىلابقىمۇ ئەجنەبىي شەيتان يول قويمايدۇ. ئاQ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىدۇ، تەن بېرىدۇ.

لۇشۇن ئەجنەبىي شەيتان ئوبرازى ئارقىلىق ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ئىنقىلابقا ۋە خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى پاش قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەن ئاQ غا ئوخشاش بىخۇد كىشىلەرگە بولغان ئېچىنىشىنى ئىپادىلىگەن.

7. لۇشۇن «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالغاندا ئاQ نى يېزىشتىن مەقسەت «مۇشۇنداق سۈكۈت قىلىدىغان مىللىي روھنى سۈرەتلەش»، «مىللىي زەئىپلىكنى ئاشكارىلاش ئىدى» دېگەنىدى. بىز بۇ ئىككى جۈملە سۆزدىن ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراكتېرىدە ئۆز تەبىقىسىنىڭ تامغىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى بولغانلىقىدىن تاشقىرى، بۇ خىل «مىللىي زەئىپلىك»، «مىللىي روھ» نىڭ باشقا تەبىقە كىشىلىرىدىمۇ بارلىقىنى. ئاQ خاراكتېرىنىڭ مەلۇم جەھەتلەردە ئۆز سىنىپىدىن ھالقىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھىي غالىبىيەتچىلىك ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ يۈزىدىكى كىر ۋە داغلارنى يەنى ئورتاق «مىللىي زەئىپلىكنى» كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق ئورتاق «مىللىي زەئىپلىك»، «مىللىي روھ» نى سۈرەتلەش ۋە ئاشكارىلاش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقىگە ئويغىنىش، كۈرەش قىلىش يولىغا مېڭىش، بۇرژۇئا ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ «يېڭىلاش» تونىغا ئورۇنىۋالغان فېئودال كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابقا، خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى تونۇپ يېتىشى لازىملىقىنى، قولغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلغاندىلا ئاندىن ھاياتلىق يولى، ياشاش ئىمكانىيىتى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى تۈپكى مەسىلە دېھقانلار مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلارنى ئويغىتىش بولمىسا ھەقىقىي ئىنقىلابنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى ھەم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، بۇرژۇئا-

ئۇزۇل - كېسىلسىزلىكىنى؛ بۇرژۇئازىيە بىلەن «يېڭىلاش» تونىغا ئورىنىۋالغان پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئېزىلگۈچىلەرگە ئىنقىلابنى ئىنئام قىلىپ بەرمەيدىغانلىقىنى، روھىي غالىبىيەتچىلىكتىن ئىبارەت «مىللىي زەئىپلىك» ئىچىدە بىخۇدلىشىپ ياشاۋەرگەندە ئۆز ھاياتىنىڭ پاجىئە بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

8. ئىنقىلاب خەۋىرى ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئۇشتۇمتۇت ئەھۋالدىن فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشىدۇ. ئاQ ساراسىمىگە چۈشكەن بۇ ھۆكۈمران كۈچلەرنى كۆرۈپ چەكسىز شادلىنىدۇ. كوچا - كويلاردا «ئىسيان كۆتۈرىمەن» دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ ناخشا توۋلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئاQ نى: «ھۆرمەتلىك Q»، «بۇرادەر Q» دەپ ئاتاپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئورتاق مەنپەئەتنى ئالدىنقى كونا ئاداۋەتنى تاشلاپ دەرھال تىل بىرىكتۈرۈشكە، مال - دۇنيالىرىنى يۆتكەشكە كىرىشىدۇ. ئەمما ۋېيجۇاڭ يېزىسىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر جۈملىدىن ئاQ پىتنە - پاساتلارغا، ئەيقاچتى پاراڭلارغا بەند بولۇپ، ئىككى يۈزلىمىچى ئەجنەبىي شەيتاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىنقىلاب قىلىشقا يول قويۇشنى ئۆتۈنۈپ، بىخۇدلۇق ئىچىدە يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىنقىلاب ئېزىلگۈچىلەرنى ئويغاتمايدۇ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كونا - يېڭى ئەكسىيەتچىلەر قورقۇشنى ئۆزگىرىپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ئۆزلىرىنى «ئىنقىلابچى» قىلىپ كۆرسىتىپ ئىنقىلاب مېۋىسىنى تارتىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى، ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا ئۆزگىرىدۇ. تېخىمۇ ئەكسىيەتچىللىشىپ، رەزىل ۋە تۇخۇ يۈرەك

دېگەن بەدنام بىلەن ئۆلتۈردى. ئاپتور بۇ پاجىئە ئارقىلىق شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يەكۈنلەپ، فېئودال پومېشچىكلار ۋە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاQ غا ئوخشاش بىخۇد، ئۆزىنىڭ قۇللۇق ئورنىنى تونۇپ يەتمىگەن، زۇلۇمنىڭ مەنبەسىنى بىلمىگەن ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىغا بولغان چوڭقۇر ئېچىنىشى، ئاچچىق ھەسرىتىنى، ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

9. ئەسەردە كىيىم - كېچەك ساندۇقلىرىنىڭ ساقلاپ بېرىشكە قويۇلۇشى، پىتنە - پاساتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، خەت - چەك ئالاقىسى، ئۆرۈم چاچنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا تۈگۈلۈشى ھەممە ھۆرىيەتچىلەر ئىزنىكىنىڭ تېگى - تەكتى ۋە ئۇنى تاقىۋېلىش قاتارلىق تەپسىلاتلار تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي يېزىش ئارقىلىق، ئىنقىلاب بورىنى ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە فېئوداللار سىنىپى قاتتىق ۋەھىمىگە، ساراسىمىگە چۈشۈپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يۆتكەۋاتقانلىقى، تىل بىرىكتۈرۈۋاتقانلىقى، لېكىن ئاQ غا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ بىخۇدلۇق ئىچىدە بۇ ھادىسىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى ئەمما ئىنقىلابنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىنى، ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە، ساختا ئىنقىلابچىلارغا ئۈمىد باغلىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ نادانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ ئىنقىلابنىڭ ئۆزلىرىگە تەگمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن كونا - يېڭى ئەكسىيەتچى كۈچلەر تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى، ئاQ غا ئوخشاش بىخۇد كىشىلەرنى ئىنقىلابنىڭ قۇربانى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

10. ئاپتور بۇ ئەسەردە كۈچلۈك ھەجۋىي قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنى ئوخشاش بول-

شۇسەي، ئەجنەبىي شەيتان قاتارلىق پېرسوناژلارنى نەپرەتلىنىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ، ئۇلارنىڭ زالىم، ئاچكۆز ۋە ھىيلىگەرلىكىنى كۈچلۈك پاش قىلغان. ئا Q، ساقاللىق ۋاڭ، شياۋ D قاتارلىق تۆۋەن تەبىقىدىكى نامرات كىشىلەرگە بولسا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى قالاقلىق، بىخۇدلۇق ھەم روھىي غالىبىيەتچىلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ خاھىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىتابخان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ رەھىمسىزلىكى، ھىيلىگەرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ ئۇلارغا نەپرەتلىنىسە، ئا Q قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ. روھىي غالىبىيەتچىلىكى ۋە بىخۇدلۇقىغا ئېچىنىدۇ.

### «نىياگزىگۈەن ئالدىدا» ناملىق ئەسەر ھەققىدە

1. «نىياگزىگۈەن ئالدىدا» ناملىق ئەسەردە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشى جەريانىدىكى يوللار تەسۋىرىدە قايسى جەھەتتىكى ئەھۋاللار قىستۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان؟ بۇ ئەھۋاللارنىڭ قايسىلىرى تەپسىلىي، قايسىلىرى ئىخچام يېزىلغان؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق يېزىلغان؟ 2. ئەسەردە قايسى يىپ ئۇچى نۇرغۇن پارچە - پۇرات، تارقاق ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرگەن؟ ئۇلار قانداق تەرتىپ بويىچە يېزىلغان؟ يەتتە بۆلەك نېمىگە ئاساسەن بۆلۈنگەن؟ 3. ئەسەرنىڭ ئاخىردا ئاپتورنىڭ «تاغ - دەريالىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىش!» دىگەن چوڭ خەتلەرنى كۆرۈپ يىغلىۋەتكەنلىكى نېمە ئۈچۈن يېزىلغان؟ ماقالىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇش مەركىزىي

ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە ۋە ماقالىنىڭ كومپوزىتسىيىسىدە قانداق رول ئوينايدۇ؟

1. جۇلبو (1908 — 1979) نىڭ بۇ ئەسىرى خاراكتېر جەھەتتىن سەپەر خاتىرىسى بولۇپ، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا، 2 ـ شەخس تىلىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان ئاساستا، رېئاللىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

جۇلبونىڭ بۇ سەپەر خاتىرىسىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا تېخىمۇ قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئازاد رايونلاردىن كەلگەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ دۈشمەن قامال قىلىۋالغان رايون، نياڭزىگۇەن ئارقىلىق دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، مۇستەھكەم بازا قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىدە سەپەر قىلغان دۈشمەنلەرنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى، بوزغۇنچىلىقلىرى، بولاڭ ـ تالاڭلىرى، جەڭچىلىرىمىزنىڭ سەزگۈرلۈك، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن قاماللىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزانلار بىلەن ئۇچرىشىشقىچە بولغان ئەھۋاللار يوللارنىڭ تەسۋىرى ئاساسىدا قىستۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئىچىدە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ سەزگۈرلۈك، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن قاماللىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئەھۋاللىرى، قىزىل ئارمىيە بىلەن دۈشمەن قامالى ئاستىدىكى رايونلاردىكى خەلقنىڭ دوستلۇقى تەپسىلىي، دۈشمەنلەرنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئىخچام يېزىلغان. بۇنداق يېزىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش يەنى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، قەھرىمانلىقىغا، دۈشمەن قامالىدىكى رايون خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا مەدھىيە ئوقۇش مەقسەت قىلىنغان.

2. ئاپتور ئەسەردە — جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك

روھى. يۈرەك سادامىنى قەلبىگە پۈككەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ دۈشمەن قاماللىنى بۆسۈپ ئۆتۈشىدىن ئىبارەت يىپ ئۇچى ئارقىلىق باشقا نۇرغۇن پارچە-پۇرات، تارقاق ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرگەن. بۇ ئاساسىي لىنىيە ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئەسەردىكى يەتتە بۆلەك كىچىك مۇستەقىل مەزمۇنلارغا ئاساسەن بۆلۈنگەن.

3. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور «تاغ - دەريالىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىش!» دېگەن چوڭ خەتلەرنى كۆرۈپ يىغلىغۇدەك-كەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق. ئۆزىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتى، خەلققە، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئەسەردىكى بارلىق تارقاق ماتېرىياللار ۋە ئاساسىي لىنىيىدىن خۇلاسە چىقىرىلىپ، ئەسەر قۇرۇلمىسى چەمبەرچاس، ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان.

## «سەندىن ئايرىلالمايمەن» ناملىق ئەسەر ھەققىدە

1. «سەندىن ئايرىلالمايمەن» ناملىق تېكىستتە نېمە ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئىككى قېتىم يوقلاپ بېرىش ئاۋۋال يېزىلغان؟ ئىيۇ گۇيفېنىڭ ئىسمى نېمە ئۈچۈن 3 - بۆلەكنىڭ ئاخىرىدىلا تىلغا ئېلىنغان؟ پۈتۈن تېكىستنىڭ بەش بۆلىكىنىڭ بىر - بىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ 2. تېكىستنىڭ 3 - بۆلىكىنىڭ ئالدىنقى تۆت ئابزاسىدا ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئاياللار قانداق بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغان؟ تىل ئىشلىتىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ پۈتۈن ئابزاس

ليۇ گۇيفېندىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنى سۈرەتلەپ بېرىشتە قانداق رول ئوينىغان؟

1. رۇجېجۈەننىڭ «سەندىن ئايرىلالمايمەن» ناملىق ئەسىرى خاراكتېر جەھەتتىن ئەدەبىي ئاخبارات بولۇپ، سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئەسەردە ئاپتور باش پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كىتابخانلارنى جەلپ قىلارلىق ھالدا تېخىمۇ جانلىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىش، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ماددىي - مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ياردەم بېرىپ ئورتاق ئالغا بېسىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يۈزىسىدىن، ئەسەر قەھرىمانىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان يولدىشىنى يوقلاپ بېرىش ئەھۋالى ئاۋۋال يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىسمى 3 - بۆلەكنىڭ ئاخىرىدىلا تىلغا ئېلىنغان. پۈتۈن تېكىستنىڭ بەش بۆلىكى يېڭى دەۋردە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىككى ياشنىڭ ئوقۇشى ھاياتى، ئائىلە تۇرمۇشى، خىزمەت يەنى جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئورگانىك مۇناسىۋىتى بار.

2. تېكىستنىڭ 3 - بۆلىكىنىڭ ئالدىنقى تۆت ئابزاسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ئازادلىق ئۇرۇشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى ئېلىمىز ئاياللىرىنىڭ پىداكارلىق ئوبرازى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قايناق ھېسسىياتلىرىنىڭ تىل بىلەن يېزىلغان. بۇ تۆت ئابزاستا ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى پىداكار، قەھرىمان ئاياللارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكنى ئەسەر قەھرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىگە ۋارىسلىق

ئېلىپ بېرىلغان بۈگۈنكى تىنچ شارائىتتىمۇ پىداكارلىق روھى، ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن دۆلەتكە تۆھپە قوشۇۋاتقان لېۋ گۈيفېن ئوبرازىنى سۈرەتلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى — ئىجتىمائىي تۇرمۇش

1. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلار قانداق خاتا ۋە بىتەرەپلىمە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان؟ ماركسىزمنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى قانداق؟ 2. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسى — ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۇ تۇرمۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دەيمىز؟ بۇ مەسىلىنى ماركسىزملىق قاراش بويىچە شەرھلەڭ. 3. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى (ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى) ئۈستىدە قانداق خاتا ۋە بىتەرەپلىمە قاراشلار مەيدانغا كەلگەن؟ بۇ كۆز قاراشلارنى نېمە ئۈچۈن خاتا دەيمىز؟

1. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا، ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ھەرقايسى دەۋردىكى مۇتەپەككۇرلار ۋە ئەدىبلەر خىلمۇخىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىسال ئۈچۈن ئالساق: گېرمانىيىلىك شائىر ۋە دراماتورگ شىللېر (1759 — 1805)، ئەنگلىيىلىك ئىدىئالىزمچى پەيلاسوپ سپېنسېر (1820 — 1903) قاتارلىقلار ئەدەبىيات - سەنئەت

زىت ئىدېئالىزملىق كۆز قاراشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن دېموكرىت بىلەن ئارىستوتېل «ئەدە-
بىيات - سەنئەت تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقنى
دوراشتىن كېلىپ چىققان» دېگەن بىتەرەپلىمە بولغان «دوراش
تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. دېموكرىت سەنئەت تەبىئەتنى
دوراشتىن كېلىپ چىققان، «بىز ئۈمۈچۈكتىن رەخت توقۇشنى؛
قارلىغاچتىن ئۆي سېلىشنى؛ ئاققۇ ۋە سوپسوپىياڭ قاتارلىق
سايرىغۇچى قۇشلاردىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەندۇق» دەپ قا-
رىدى. ئارىستوتېل تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، شېئىر تەبىئەتنى ۋە
جەمئىيەتتىكى كىشىلىك تۇرمۇشنى دوراشتىن كېلىپ چىققان،
دوراش - كىشىلەردە بالا چېغىدىن تارتىپ بولىدىغان تۇغما
ئىقتىدار» دېدى. بۇلارنىڭ قاراشلىرى گەرچە ساددا ماتېرىيا-
لىزملىق كۆز قاراش بولسىمۇ، لېكىن دوراشنىڭ مۇددىئاسىنى
ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى تۇغما خاراكتېر ۋە
قابىلىيەت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈردى. تارىختا ئۆتكەن باشقا
مۇتەپەككۇرلار ۋە ئەدىبلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمۇ
ماركسىزمغا زىت ياكى بىتەرەپلىمە بولدى.

ماركسىزم مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: ئەدەبىيات - سەنئەت
بىر خىل ئىدېئولوگىيە. ئۇ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ يازغۇچى
مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ
رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى قانداقتۇر تۇغما تەبىئىي
ئىقتىدارغا تايانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى ئىج-
تىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە
ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتى،
شۇنداقلا كىشىلەر بىلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەنبەسى. ئىپتى-
دائىي ئادەملەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدىن
قارىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسلىدە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن،

بولۇپ، ئەمگەك تۇرمۇشى بىۋاستە ھالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ بېرىشتە، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ.

2. بىز ماركسىزمنىڭ جېنى بولغان مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭ، ماددا بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسلىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلايمىز ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەيلى قانداق ئۇسۇلدا، قانداق شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشىدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسىي ئامىل. ماركسىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى دەپ قارىغىنىمىزدا، ماددىدىن ئىبارەت ئىنكاس قىلىنغۇچى بولمىسا، ئاڭدىن ئىبارەت ئىنكاس قىلغۇچىمۇ بولمايدۇ. قەدىمكى، يېقىنقى، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۇ تۇرمۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دېگەنلىكىمىزنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپىۋى ئاساسىدۇر.

ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە تارىختىن بۇيان ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىككى خىل قاراش، ۋە بۇ قاراشلارنىڭ قايسىسىنىڭ خاتالىقى، قايسىسىنىڭ بىتەرەپلىمىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز: ① ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ روھىي دۇنياسى، ئۇ تۇرمۇشتىن خالىي تۇرىدۇ دەپ قارايدىغان ماركسىزمغا زىت بولغان خاتا قاراش. بەزى بۇرژۇئا «ساپ سەنئەت» نەزەرىيىسى تەرغىباتچىلىرى ھەمىشە مۇشۇنداق كۆزقاراشنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى. لېكىن ئاتالمىش «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگۈچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ھېچقاچان ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان ئەمەس، يەنىلا تۇرمۇشتىن كەلگەن، يەنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان. ئۇ ئەسەرلەر پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقاي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. ② ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى «كىتابتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى» دۇر دەپ قارايدىغان بىتەرەپلىمە قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نەزەرىچە، بۇرۇنقىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى پىششىق ئوقۇسىلا ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققىلى بولارمىش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەينەك قىلىشنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئەگەر بىر يازغۇچى (قەلەم ئىگىسى) بۇرۇنقىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى پىششىق ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتىن خەۋەر تاپمىسا. ئۇ ھالدا ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل ئىجادىي ئەمگەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن مول

دىن بەدىئىي ماھارەتكە)، بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە (جۈملىدىن نەزەرىيىۋى بىلىمگە) ئىگە بولۇشى كېرەك. كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇسا ئەلۋەتتە بەدىئىي ماھارەت ۋە بىلىمنىڭ، تىل بايلىقىنىڭ ئۆسۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بار. ئەمما ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ «مەنبە»سى ئەمەس، بەلكى ئالدىنقىلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلىپ ياراتقان «ئېقىن» دۇر. ئىجتىمائىي تۇرمۇش گويا بىر بۇلاق بولسا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى شۇ بۇلاقتىن چىققان سۇدۇر. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

### ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» شېئىرى ھەققىدە

1. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قانداق شائىر ئىدى؟ ئۇ شېئىرلىرىدا قانداق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن؟ 2. شائىر قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ ئۇ قانداق تىللارنى بىلەتتى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - زېھنىنى نېمىگە سەرپ قىلاتتى؟ شائىر ئۆز ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كىملەرنى ئۈلگە قىلدى؟ ئۇنىڭ قانداق ئەسەرلىرىنى بىلىسىز؟ شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنى نېمىگە چاقىرغان؟ ئۇنىڭ شېئىرلىرى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ 3. شائىر قانداق ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقان؟ ئۇ قاچان، قەيەردە، قانداق قۇربان بولغان؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ؟ 4. «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» شېئىرىدا قانداق ئىجتىمائىي رېئاللىق

ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 5. شائىرنىڭ «ئۈزۈۋالمەس ئۈمىد» ى نېمىگە قارىتا ئېيتىلغان؟ 6. «ئوقۇتماي بالىلارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق» دېگەن مىسرا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىسرالارنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ مىسرالاردا قانداق پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن؟ 7. شېئىردا قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟

1. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە، ئوت يۈرەك شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا زۇلۇم - ئېكسپىلاتاتسىيىگە، زورلۇق - زومبۇلۇققا قارشى روھ ئۇرغۇپ، ئەركىنلىك، ھۆررىيەت، تەڭلىك ۋە مەرىپەت نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

2. ئۇ 1901 - يىلى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ باغرى يېزىسى (ھازىرقى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى) دا سودىگەر ئائىلىسىدە (دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇراخمان) دۇنياغا كەلگەن. سەككىز - توققۇز يېشىدىن باشلاپ ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئەرەبچە، پارسچە ئۆگەنگەن. كېيىنچە تۇرپان ناھىيە بازىرىدا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپ خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنگەن. ئاندىن قاراشەھەرگە كېلىپ موڭغۇل تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن. دادىسى بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئون قېتىمدەك بارغان ۋە ھەر قېتىم بارغاندا ئىككى - ئۈچ ئاي تۇرغان. قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھىرىدە بىر يىل تۇرۇپ رۇس تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن. تاشكەنت، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە بولغان. دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلى ۋە يېزىقىدىن باشقا ئەرەبچە، پارسچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، رۇسچە تىل - يېزىقلارنى پىششىق بىلەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇددى قاراڭغۇدا قالغان ئادەم يورۇقلۇققا تەشنا بولغاندەك، ئۆز ئەقىل - زېھنىنى مىللىت-

مىزنى مەدەنىيەتسىزلىكتىن، نادانلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن قۇتقۇزۇپ، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە، ئىلىم - پەن، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلاتتى.

ئۇلۇغ ئۆكتەبر ئىنقىلابى ۋە ئىلغار سوۋېت ئەدەبىياتى شائىرغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ شېئىرىيەتتىكى تالانت - ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن نەۋائى، فۇزۇلى، مۇقىمى، ھۇۋەيدا، شامەشرەپ، ئابدۇللا توقاي، مەجىت غۇپۇرى قاتارلىق شائىرلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. ئۇ 20 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە يازغان شېئىرلىرى مەرىپەتپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كېيىنرەك ۋەتەنپەرۋەرلىككە باي ئىنقىلابىي ئىرادە بىلەن تولۇپ - تاشقان مەزمۇنلارغا كۆچىدۇ. ئۇ خەنزۇچە، رۇسچە، ئەرەبچە، پارسچە، موڭغۇلچە تىللارنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، بۇ ھال ئۇنىڭ ئىنقىلابىي روھىنىڭ جانلىنىشىغا ۋە تالانتىنىڭ ئۆسۈشىگە كۆپ ياردەم بېرىدۇ. ئۇ قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە «ئۆزۈلگەيمۇ»، «قىل باھار»، «ئىستىمەس»، «پىغان»، «ئارمان»، «ئۈمىد كەبەم»، «ئىشقى بىر پەرياد»، «قىزىلگۈل»، «ۋىجدان ئازابى» قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يېزىپ، خەلقنى جاھالەتكە قارشى تۇرۇشقا، ئىلىم - پەنگە، ۋەتەنگە مۇھەببەت باغلاشقا، ئازادلىق يولىدا قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ تۈرى ئاساسەن شېئىر بولۇپ، ئۇ شېئىرلىرىنىڭ تولىسىنى ئارۇز ۋەزنىدە ئاددىي - ساددا، ئوقۇملۇق، جانلىق خەلق تىلىدا يازغان. شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى — سۆيگۈ يارىنى ئالامەت قىلىش ئارقىلىق خەلققە تونۇش بولغان ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن ئازادلىق، ئەركىنلىكنى كۈيلىگەن. ئۇ خەلق شېئىرلىرى-

رۇبائىيلارنى يازغان.

3. ئۆز زامانىسىغا يارىشا يۇقىرى بىلىم، خېلى تالانتقا ئىگە بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەينى ۋاقىتتا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنى يولغا قويماقچى بولىدۇ. لېكىن كونا ھاكىمىيەت بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئىلغارلىققا، تەرەققىياتقا بولغان بۇنداق ئىنتىلىشىنى كۆرگەن بىر ئوچۇم جاھىل، مۇتەئەسسىپ، ئەكسىيەتچى كىشىلەر شائىرنى دىنسىزلىقتا ئەيىبلەپ، «جەدىت» دەپ قارىلايدۇ. ئۇ، 1930 - يىللىرى كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغالغان ئىنقىلابىي قوزغىلىڭىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، ئىلغار، بىلىملىك، سەگەك، غەيرەتلىك 17 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقان تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەيئەت تەشكىللەيدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ھەيئەتنىڭ باشلىقى بولىدۇ. دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجىزلىقى، رەھبەرلىكىنىڭ تەجرىبىسىزلىكى، دۈشمەن كۈچىنىڭ كۈچلۈكرەك، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئاجىزراق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، تۇرپان دېھقانلار ھەرىكىتى جىن شۇرېن، شېڭ شىسەينىڭ قوراللىق كۈچى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەربىسىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن چاررۇسىيىنىڭ قالدۇق كۈچى — دۇتۇپ قوماندانلىقىدىكى ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ ياللانما كۈچى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلىدۇ. 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قانخور جاللات شېڭ شىسەي دۇتۇپنىڭ ياللانما ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئاستىدا ئىنقىلابچى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى 17 كىشىلىك ھەيئەت ئەزالىرى بىللەن بىللە تۇرپان يېڭى شەھەر بازىرىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا قىلىچ بىلەن پاجىئەلىك ھالدا چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەمدىلا 32

ئۆچكەن يۇلتۇزدەك غايىب بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئىنقىلابىي پائالىيىتى ۋە ئۆلمەس ئىجادىيىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

4. ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە ياش ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» (1930) ناملىق بۇ شېئىرى شېئىرىي شەكىل جەھەتتىن غەزەل، خاراكتېر جەھەتتىن سىياسىي لىرىكا بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەزەج مۇسەممەن سالىم ۋەزنى تۈرىدە يېزىلغان. شېئىردا 1911 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەشەددىي مىلىتارىست، خەلقنىڭ ياۋۇز دۈشمىنى جاللات ياڭ زېڭشىنىڭ ۋە جىن شۇرېن دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ چىرىك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقى يەنى جاھالەت قاپلىغان، خەلق نادان، ئوقۇشسىز، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدىن خەۋەرسىز، ئىچكى نىزا ھالىتىدە قالدۇرۇلغان، شۇنداقلا بۇنداق جاھالەتكە قارشى كۈرەشلەر كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان رېئاللىق يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەنگەن.

5. شېئىر پىكىر تەرتىپى، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى بۆلەك شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىن سەككىزىنچى كۇپلېتىغىچە بولۇپ، شېئىر باشلىنىش بىلەنلا شائىر شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ھاۋاسىنى (مۇھىتىنى) باشتىكى ئىككى مىسرادىلا ناھايىتى ئىخچام قىلىپ شەرھلەپ، كېيىنكى كۇپلېتلاردا بۇ رېئاللىققا بولغان قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە خەلق ھامان غالىبتۇر، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئىككىنچى بۆلەكنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا شائىر لىرىك يول بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدە توختىلىپ، كېيىنكى

كۆپلېتلاردا بۇ مەسىلىگە جاۋاب ئىزدەيدۇ. خەلقنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىدۇ. شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆپلېتىدا پۈتۈن شېئىردىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ تولۇپ - تاشقان ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ئۆزۈلمەس ئۈمىدى مۇدھىش «بۇلۇت» لارنى سۈرىدىغان خەلق ئىنقىلابىي بورىنىنىڭ ھامان بىر كۈنى يېتىپ كېلىدىغانلىقى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ پۈتكۈل ھاۋانى يېڭىلايدىغان، پاكلاشتۇرىدىغان باھار يامغۇرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ياغىدىغانلىقى، شائىرنىڭ بۇنىڭدىن ئەسلا ئۈمىد ئۈزمەيدىغانلىقىدەك جەڭگىۋار، ئۈمىدۋار روھىغا قارىتا ئېيتىلغان.

6. شېئىرنىڭ 10 -، 11 -، 12 - كۆپلېتلىرىدا شائىر جاھالەت قاپلىغان ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدە توختىلىپ، باللار ئوقۇماي، ئىلىم - پەندىن خەۋەر تاپماي نادان ھالدا چوڭ بولماقتا، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلار «يېرىم نان»نى تاپالامدۇ - يوق؟ مۇدھىش ھاۋا ئەلپازىنى بۇزدى، ئىلىم - پەندىن خەۋەر تاپقان ئەللەر ھاۋادا پەرۋاز قىلماقتا، بىزدە بۇ جەھەتتە ھازىرلىق بولمىسا تەقدىرىمىز قەيەرگە بارىدۇ؟ گەرچە خەلق ئىنقىلابى پارتلىغان بولسىمۇ غەلىبە قولغا كەلمىدى، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى خاراب بولدى، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، خەلقنى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە، شۇ ئارقىلىق قۇدرەت تېپىشقا چاقىرغان.

7. شائىر بۇ شېئىردا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئوي - پىكىرنى ئوبرازلىق، ئىخچام قىلىپ ئىپادىلەپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىنى «بۇلۇت» قا، ھەقىقەتنى «قۇياش» قا، خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆرەشچانلىق روھىنى «بىگىز» گە، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلق ئىنقىلابىنى توسۇش يولىدا

ئىشلەتكەن چارە-ئۇسۇل، ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى «بوز خالتا»-غا. خەلق ئىنقىلابىي پارتلىغان جايلارنى «توڭلۇك»كە، «بوران»، «يامغۇر»نى خەلق ئىنقىلابىغا سىمۋول قىلىپ يازغان. «بىگىز قاپتا توختىماس» دېگەن خەلق تەمسىلىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلەتكەندىن سىرت، «يېرىم نان» دېگەن ئىدىيومدىنمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. «ئوقۇتماي باللارنى ئۈرىنىڭنىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق» دەپ كىنايە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئالچىق ھەسرىتى، ئېچىنىشىنى ئىپادىلىگەن. شېئىردا يەنە جانلاندۇرۇش، رىتورىك سوراق، سۈپەتلەش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرمۇ ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان.

## «كۆن چىقىش شامىلى»، «قىشقا بېغىشلاپ» شېئىرى ھەققىدە

1. «كۆن چىقىش شامىلى» شېئىرىدا قانداق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ 2. شېئىر پىكىر قۇرۇلمىسى، ئېتىبارى بىلەن نەچچە قىسىم، نەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەن؟ ھەربىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ 3. شېئىر يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ. 4. «قىشقا بېغىشلاپ» شېئىرىدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟

1. ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست ئەنۋەر ناسىرى (1914 — 1946) نىڭ «كۆن چىقىش شامىلى» ناملىق بۇ شېئىرى شەكىل جەھەتتىن چاچما شېئىر، خاراكتېر جەھەتتىن سىياسىي لىرىكا بولۇپ، شېئىر 1938 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلغان. بۇ مەزگىلدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرى جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

دۈشمەنگە نىسبەتەن كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ،
دۈشمەن ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالغان رايونلاردىكى ئىنقىلابچىلار
ۋە خەلقلەرنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە
كۆرەشلىرىگە بولغان خەيرخاھلىقى، شۇنىڭدەك ئۇلارغا نىسبەتەن
قىزغىن مۇھەببىتىنى نامايان قىلغان.

2. شېئىر قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ئىككى
قىسىم (ئۈچ بۆلەك) كە بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىم (بىرىنچى
بۆلەك): «ھەي، كۈن چىقىشنىڭ شوخ شامىلى!» دېگەن يەر-
دىن «خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ سەن» دېگەن يەرگىچە بولۇپ،
بۇ قىسىمدا شائىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، ياپون تاجاۋۇز-
چىلىرىنىڭ قاتمۇقات زۇلمى ئاستىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كۆڭلى بۇزۇلغانلىقى، ئازابلانغان
روھىي ھالىتى سۈرەتلەنگەن. ئىككىنچى قىسىم بىرىنچى بۆلەك:
«ئۆتۈپ بارغان خەۋەرچى شامال» دېگەن يەردىن «باتۇرلارغا
بىزدىن سالام دە!» دېگەن يەرگىچە بولۇپ، بۇ بۆلەكتە
شىنجاڭ خەلقى بىلەن دۈشمەن ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى رايون-
لاردىكى خەلقلەر، پىداكار جەڭچىلەرنىڭ تەقدىرداش، ھەمنەپەس
ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى بۆلەك:
«ئېيتقىن دوستۇمغا» دېگەن يەردىن شېئىرنىڭ ئاخىرىغىچە
بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شائىرنىڭ ئىنقىلاب غەلىبىسىگە بولغان
يۈكسەك ئىشەنچىسى، كۆرەشچان روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3. شېئىر يېزىلىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس تۆۋەندىكىدەك
ئالاھىدىلىككە ئىگە: ① شېئىردا جانلاندۇرۇش، رىتورىك
خىتاب، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە، سىمۋول، تەكرار-
لاش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر دەل جايىدا قوللىنىلىپ
ئوي - پىكىر ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «شوخ شامال»
دېگەنگە ئوخشاش جانلاندۇرۇش، «توختا دەيمەن» دېگەنگە

دەرياسىنى دۈشمەن قېنىدا بويىياش» دېگەنگە ئوخشاش مۇبالىغە، «مەدەنىيەت ئوچاقلىرى» دېگەنگە ئوخشاش سىمۋول، «تۆمۈر ئىنتىزام» دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىش، «خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ سەن» دېگەنگە ئوخشاش تەكرارلاشلار دەل جايىدا قوللىنىلغاندىن سىرت، سۆپەتلەش ھەربىر مىسرادا ئىشلىتىلگەن. ② شېئىر ئىچكى ئىنتوناتسىيىگە ئىگە قىلىنغان. شائىر شېئىرنىڭ بېشىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەسلىمچىلىكى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئېچىنىشلىق ھالەتتىن خەۋەر تېپىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئازابلانغانلىقىنى ئېغىر سۆكۈناتلىق كەيپىيات بىلەن ئىپادىلىسە، شېئىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بارا - بارا ھەسرەتلىنىشتىن غەزەپلىنىشكە ئۆتىدۇ. ئاخىرىدا تولۇپ - تاشقان جەڭگىۋار روھ بىلەن ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمىدۋار روھىنى جاراڭلىق خىتاب قىلىدۇ. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا بۇ خىل ئىچكى ئىنتوناتسىيە تېخىمۇ روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. ③ شائىر شېئىردا ئۈچ شەخس تىلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يەنى — 1 - شەخس: «مەن»، «بىز»، 2 - شەخس: «شامال»، 3 - شەخس: دۈشمەن ئىشغالىيىتى رايونىدىكى پىداكار خەلق، قەھرىمان جەڭچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ شەخس تىلى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، شېئىر ئورگانىك ئىچكى قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىنغان.

4. «قىشقا بېغىشلاپ» ناملىق چاچما شېئىر شەكلىدىكى بۇ سىياسىي لىرىكا 1938 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلغان. شېئىردا شائىر دەھشەتلىك، قەھرىتان قىش مەنزىرىسىنى ئەينى زاماندىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە ۋە بارلىق ھۆكۈمران دائىرىلەرگە سىمۋول قىلغان. ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئېزىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، زار - زار قاقشىتىۋاتقان ئەزگۈ-

ۋە ئۇلارغا كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرگەن. زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

شېئىردا سىمۋول باشتىن - ئاخىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رىتورىك خىتاب (ئەي!)، رىتورىك سوئال (ئاققان ياشلار كىمنىڭ يېشى بىلەمسەن؟)، ئوخشىتىش (ئۆمىلىگەن چايانسەن)، جانلاندۇرۇش (چىشلەپ كۆزنى ياشلايسەن)، سۈپەتلەش (كۆركەم، نازۇك) قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرمۇ دەل جايىدا قوللىنىلىپ، ئوي - پىكىر ئوبرازلىق ئىپادە قىلىنغان.

## «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر» ھېكايىسىنىڭ تېمىسى ۋە باش تېمىسى نېمە؟ 2. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق پېرسوناژلار قايسىلار؟ ئۇلار قانداق كىشىلەرنىڭ ئوبرازى؟ 3. ھېكايە نەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەن؟ ھەربىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ 4. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. قېيىيۇم تۇردى (1937 — ) نىڭ بۇ ھېكايىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ھېكايىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دۆلەت ۋە خەلققە، بولۇپمۇ زىيالىيلارغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا مىسلىسىز ئېغىر زىيانلار كەلتۈرگەنلىكى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناق، دوستانە مۇناسىۋىتىگىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى

تەبىرلىك. جانلىق ۋەقەلەر ۋاستىسى بىلەن چوڭقۇر پاش قىلىنغاندىن تاشقىرى، ياۋۇز «توت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىپ، «توت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئىنتايىن «سول» لۇشيەنىنىڭ زەھەرلىرى تازىلىنىپ، قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، ھەر ساھە خىزمەتلەردە، جۈملىدىن مائارىپ ساھەسىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم روھىي قىياپىتىدە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەنلىكى سۈرەتلەپ بېرىلگەن. بۇ تېما ئارقىلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كىشىلەر مۇناسىۋىتىگە، ھەر ساھە خىزمەتلەرگە، جۈملىدىن مائارىپ ئىشلىرىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى پاش قىلىنغان. 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدە، ھەر ساھە خىزمەتلەردە، جۈملىدىن مائارىپ ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەدھىيىلەنگەن.

2. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق پېرسوناژلار — ئەمەت ئۇستا. مۇتەللىپ مۇئەللىم، ئادىل، ساتتارلاردىن ئىبارەت.

ئەمەت ئۇستا — ئاق كۆڭۈل، سەممىي، تىرىشچان، ئۆز كەسپىگە ماھىر، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان، «سول» لۇشيەنگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆز رولىنى قايتىدىن جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان، مەرىپەت سۆيەر ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئوبرازى.

مۇتەللىپ مۇئەللىم — ئۆز كەسپىگە پىششىق، مائارىپ ئىشلىرىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىن ۋە سەممىي كۆيۈنىدىغان، ئۇلارنى ھەرتەرەپلىمە يېتەكلەيدىغان، قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا بەل قويۇۋەتمەيدىغان، نەتىجىلەر ئالدىدا قانائەتلىنىپ، بىخۇدلىشىپ قالمايدىغان، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە، ئۆزىنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىغا قەتئىي ئىشىنىدىغان چىقىشقاق، سەممىي خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوبرازى.

ئادىل — زېرەك، ئەقىللىق، تىرىشچان بالا بولۇپ، «سول» لۇشيەنىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن مەلۇم مەزگىللىك ئوقۇش ھاياتى نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتەللىپ مۇئەللىمگە ئوخشاش تەلەپچان باغۋەنلەرنىڭ يېتەكلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە قەلبى نۇرلانغان، «سول» لۇشيەنگە خاتىمە بېرىلىپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن مۇكەممەل، سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش يولىدا تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان بىر ئەۋلاد ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىپىك ئوبرازى.

ساتتار — ھەق - ناھەقنى، توغرا - خاتانى پەرق ئېتىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋە «سول» لۇشيەنىنىڭ «قەھرىمان» لىرىغا ئايلىنىپ قېلىپ، دۆلەت ۋە خەلققە زىيان كەلتۈرۈشتە پايدىلىنىپ كېتىلگەن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشالغاندىن كېيىن ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ يېڭىباشتىن ئەل سېپىگە قوشۇلغان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى.

3. ھېكايە تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن ۋە بۇ تۆت بۆلەككە «سەيلىگاھ»، «قىڭغىر يوللار»، «چىراغ ئۆزىنى يورۇتمايدۇ»، «تەڭ ئېچىلغان گۈللەر» دەپ ماۋزۇچاق قويۇلغان. «سەيلىگاھ»

كەيىندىكى يىللاردىكى گۈلزارلىق ھويلا ۋە ئۇنىڭدىكى كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى، كەسپى، مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئومۇمىي يۈزلۈك چۈشەنچە بېرىلگەن. «قىڭغىر يوللار» دېگەن بۆلەكتە: ئاپتور قىستۇرما بايان ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر» نىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغان. «چىراغ ئۆزىنى يورۇتمايدۇ» دېگەن بۆلەكتە: ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل، ئۈمىدۋار، ئۆز كەسپىگە ماھىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى مۇتەللىپ مۇئەللىمنىڭ ئەجرى ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلگەنلىكى يېزىلغان. «تەك ئېچىلغان گۈللەر» دېگەن بۆلەكتە: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە بولۇپمۇ ھەر ساھە خىزمەتلەردە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

4. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: ① ھېكايىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەيىندىكى يىللاردا ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن مۇرەككەپ، ئۇزۇن يىللىق ئۆزگىرىشلەر ئەپچىل قۇرۇلما ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يەنى چوڭ ماۋزۇ بىلەن كىچىك ماۋزۇچاقلار ماھارەت بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ ئەسەر كومپوزىتسىيىسى ئەپچىللىك بىلەن قۇراشتۇرۇلغاچقا، مۇشۇنداق مۇرەككەپ، زور مەزمۇننى ئۆزىگە سىغدۇرغان؛ ② ھېكايىدە تەرتىپلىك بايان بىلەن قىستۇرما بايان زىچ گىرەلەشتۈرۈلگەن؛ ③ پېرسوناژلارنىڭ بىلىم - سەۋىيە-

سى، كەسپى، خاراكتېرىگە ماس پېرسوناژ تىلى بىلەن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن؛ ④ ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. مەسىلەن، گۈلنىڭ ئېچىلىشى ئوتقاشقا ئوخشىتىلغان، گۈلزارلىقنىڭ ئاۋاتلىشىشى، خارابىلىشىشى گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە سىمۋول قىلىنغان. «چىراغ ئۆزىنى يورۇتمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش خەلق تەمسىلى، «يۈرىكىم سۇ»، «يولدىن چىقىپ كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيوملار دەل جايىدا قوللىنىلغان.

## «كەمبەغەلنىڭ مەخسۇس پايدا ھوقۇقى» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «كەمبەغەلنىڭ مەخسۇس پايدا ھوقۇقى» ناملىق ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى جوننىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش ياسىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب نېمە؟ ئاپتور نىزامنامە تەرەپدارلىرى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتقان؟ 2. ھېكايىدە پات - پات «سىز»، «بۇرادەرلەر» دېگەنگە ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق كىتابخانلار ئويغىتىلغان، مۇنداق يېزىشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكى بار؟ 3. ھېكايىدە مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋەقەنى سۆزلەش مەقسەت قىلىنغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن باش قەھرىماننىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئائىلە ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان؟ مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى يېزىش جەريانىدا، نېمە ئۈچۈن بېجىرىدىغان رەسمىيەتلەر، بارغان ئىدارە - ئورگانلار ۋە تۆلەنگەن پۇلنىڭ سانى زېرىكمەستىن تەكرار - تەكرار تەپسىلىي بايان قىلىنغان؟

ياتنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان چارلىز دىككېنس (1812 — 1870) نىڭ بۇ ھېكايىسى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 1 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى جون ھېكايىنىڭ بېشىدا «مەن ئەزەلدىن نىزامنامە تەرەپدارلىرىدىن ئەمەس» دەيدۇ. ئاخىرىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيىنىڭ بىر يۈرۈش ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرماي بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىل — ئۇ ئىلگىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش جەريانىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيىنىڭ كېلەڭسىز، جانىنى خورىتىدىغان، ئومۇمىي جامائەتچىلىكنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نەپرىتىگە ئۇچرىشىغا، ئىنكار قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىدىندۇر. ئۇنىڭدىن قالسا تومىس جورىينىڭ، ۋىلھېلىم بوچىنىڭ تەسىرىدىگىمۇ ئۇچرىغانلىقىدۇر.

2. ھېكايە 1 - شەخس تىلىدا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بىر ئىشچىنىڭ تىلى بىلەن يېزىلغان. ۋەقەلىكنى بايان قىلىش جەريانىدا پات - پات «سىز»، «بۇرادەرلەر» دېگەنگە ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەر ئىشلىتىلگەن. بۇ ئارقىلىق باش قەھرىمان بىلەن كىتابخان خۇددى روبىرو ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقاندەك. باش قەھرىمانغا ئەگىشىپ ئاشۇ كېلەڭسىز ئورگانلارنى بىرگە ئايلىنىپ چىققاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، ئەسەر پېرسوناژى بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدا بىر خىل

ھاسىل قىلىنغان.

3. ھېكايىدە مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋەقە يېزىلىشتىن ئىلگىرى باش قەھرىمان جونىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئائىلە ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ئىشچىلارنىڭ غۇربەتچىلىك تۇرمۇشى ھەمدە باش قەھرىمانىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى سۈرەتلەنگەن. مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى يېزىش جەريانىدا بېجىرىلگەن رەسمىيەتلەر، بارغان ئىدارە ـ ئورگانلار ۋە تۆلەنگەن پۇلنىڭ سانى تەپسىلىي يېزىلىش ئارقىلىق ھېكايىنىڭ ساتىرىك خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئەينى دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ قارىماققا توغرىدەك، قانۇنلۇقتەك كۆرۈنىدىغان، ماھىيەت جەھەتتىن كالامپاي، بيۇروكرات ئورگانلىرى مەسخىرە ۋە ئىنكار قىلىنغان. ئىشچىلارنىڭ خورلىنىشى، زۇلۇم-ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىشىنىڭ مەنبەسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

### ئەدەبىياتنىڭ ئوبرازلىقلىقى

1. نېمە ئۈچۈن ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى ئەدەبىياتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى دەيمىز؟ 2. ئوبراز دېگەن نېمە؟ نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟ تار مەنىدىكى ئوبراز (بەدىئىي ئوبراز) دېگەن نېمە؟ 3. لوگىكىلىق ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ پەرقى قانداق؟ 4. ئوبرازلىق تەپەككۇر قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ 5. بەدىئىي ئوبراز قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ 6. نېمە ئۈچۈن

1. سەنئەتنىڭ بىر تۈرى يەنى تىل سەنئىتى بولغان ئەدەبىياتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئوبراز ۋە تىپ ئارقىلىق تۇرمۇشنى بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئەدەبىيات (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئەدەبىيات» ئاتالغۇسى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ. تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئاڭ فورمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپكى بەلگىسى ئوبرازدۇر ھەم باشقا پەنلەردىن پەرقلىنىدىغان تۈپكى ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: مەيلى تەبىئىي پەن ياكى ئىجتىمائىي پەن بولسۇن، ھەممىسى ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. ھەممىسى ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، ھەممىسى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەدەبىيات بىلەن باشقا پەنلەر ئوخشاشلىققا ئىگە. ئەمما ئىجتىمائىي پەننىڭ ئەدەبىياتتىن باشقا تۈرلىرى ۋە تەبىئىي پەنلەر لوگىكىلىق (ئابستراكت) تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، ~~شەيئىلەرنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا تەھلىل قىلىپ~~ ئومۇملاشتۇرۇش، ئىسپاتلاش، يەكۈن چىقىرىش، جۈملىدىن ئاكسىئوما (ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش)، تېئورېما (ئىلمىي ئومۇملاشتۇرۇش) ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئابستراكت ئۇقۇم، چۈشەنچە، قائىدە سۆزلەش ئۇسۇللىرى بىلەن ماددىي دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرىدۇ. ~~ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى دەلىللەپ چۈشەندۈرىدۇ.~~ ئەدەبىيات بولسا ئوبرازلىق (كونكرېت) تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، رېئاللىقنى كونكرېت، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ. تىپ ئۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىشنى بولسا كىتابخانلارنىڭ

ۋە باشقا پەنلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى ئوبراز دەيمىز.

2. «ئوبراز» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئومۇمىي چۈشەنچە بولۇپ، ئەسلى مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەملەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە قارىتىلغان سۆز.

سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوبراز — سەنئەتكارلارنىڭ بەلگىلىك دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە تىل، رەڭ، سىزىق، تەسۋىر، فىگۇرا، شەكىل، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە باشقا ھەر خىل ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ياراتقان كونكرېت، جانلىق، تەسىرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش سۈرىتىدۇر.

سەنئەتنىڭ بىر تۈرى ھېسابلانغان ئەدەبىيات پەقەت تىل ۋە يېزىقنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىياتتىكى ئوبراز — تىل ۋە يېزىقنىڭ ياردىمى بىلەن يارىتىلغان كونكرېت، جانلىق، تەسىرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش سۈرىتىدۇر. ئۇ ئادەتتە ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىرى — كەڭ مەنىدىكى ئوبراز؛ يەنە بىرى تار مەنىدىكى ئوبراز.

كەڭ مەنىدىن يەنى ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا — ئۇ ئومۇمەن، تىلىمىزدىكى روشەن، كۆركەم، جانلىق ۋە كونكرېت بولۇشتەك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولغان سۆزلەردۇر. بۇ خىل ئوبرازلىق سۆزلەر بەدىئىي ئەسەرلەردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ يالغۇز بەدىئىي ئەسەرلەردىلا قوللىنىلىپ قالماستىن، باشقا ئەسەرلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

تار مەنىدىن، يەنى ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى پەۋقۇلئاددە شەكلى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بەدىئىي

سىگە ئاساسەن پېرسوناژ، ۋەقە، مەنزىرە ۋە مۇھىت قاتارلىقلارنى ئەسەردە ئومۇملاشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرگەن كىشىلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بەدىئىي ئوبراز — ئاپتورنىڭ رېئال تۇرمۇشقا ئاساسەن تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ياراتقان كونكرېت، جانلىق بولغان تۇرمۇش مەنزىرىسىدۇر. بۇ خىل ئوبراز ئاساسەن بەدىئىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ھەر خىل ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي يەكۈننى ئۆزىنىڭ شەكلى قىلىپ، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەريان قىلىدىغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى لوگىكىلىق (ئابستراكت) تەپەككۇر شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە مەنتىقىي مۇھاكىمىلىق تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا يەنى تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىنى تاللاش، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنى تاۋلاشتىن تارتىپ تاكى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقىچە بولغان جەرياندا ئېلىپ بارغان تەپەككۇر پائالىيىتى ئوبرازلىق (كونكرېت) تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى ئابستراكت ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە، تېئورېما، ئاكسىئوما بولۇپ، ئۇنىڭدا كونكرېت ئوبرازلار ھاسىل بولمايدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇ خىل تەپەككۇر جەرياندا كونكرېت، جانلىق بولغان ئوبرازلار يارىتىلىدۇ.

4. ئوبرازلىق تەپەككۇر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: ① ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدا باشتىن-ئاخىر ھېسسىي

ماتېرىياللار ئاساسىدا تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ روشەن، جانلىق بولغان بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلىدۇ؛ ② ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدا تەسەۋۋۇر — باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە خىيال (فانتازىيە) گەۋدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقانداق يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا پەقەت ئۆز تەجرىبىسى ياكى ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگەن شەيئىلەرنىلا يېزىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، تەسەۋۋۇر — باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە خىيال (فانتازىيە) نىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ تەجرىبە - تەسىراتلىرىنىڭ كەم جايلىرىنى تولدۇرۇپ، مول، كۆركەم، تەسىرلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى، بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ ئۇنى ئومۇمىيلىققا ئىگە قىلىدۇ؛ ③ ئوبرازلىق تەپەككۇر باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك ھېسسىي پائالىيەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىجادىيەت جەريانىدا يازغۇچىلارنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى، ئېستېتىك غايىسى بەدىئىي ئوبرازغا تەسىر قىلماي قالمايدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپ ھاللاردا يازغۇچىلار ئۆزلىرى تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارغا ئۆز ھېسسىياتى يەنى مۇھەببەت - نەپرىتىنى سىڭدۇرۇلگەن كۈچلۈك ھاياجانلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلىدۇ.

5. بەدىئىي ئوبراز تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

① بەدىئىي ئوبراز كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي بولىدۇ. چۈنكى بارلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەنە شۇ كونكرېتلىق، جانلىقلىق ۋە ھېسسىيلىق چىڭ تۇتۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، كونكرېت بولۇش، جانلىق بولۇش، ھېسسىي بولۇش — بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كونكرېتلىق دېگىنىمىز — ئەسەردىكى ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى، مىجەز - خاراكتېرى، تۇرمۇش تەقدىرى، غايىسى، مۇھىتى قاتارلىقلارنى گويا سۈرەتكە ئوخ-شاش تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىش دېمەكتۇر. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا ئىلمىي ماقالىلەر، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدۇ.

② بەدىئىي ئوبراز ئومۇملاشتۇرۇلغان بولىدۇ. يازغۇچىلار نۇرغۇن ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يىغىنچاقلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى كونكرېت خاسلىقتا (ئىندىۋىدۇئاللىقتا) ئىگە بىرەر شەخسنىڭ ئۈستىگە مەركەز-لەشتۈرىدۇ. مانا بۇ جەريان ئومۇملاشتۇرۇش جەريانى دېيىلىدۇ. بەدىئىي ئوبراز — يازغۇچى تەرىپىدىن تۇرمۇش ماتېرىياللى-رىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئومۇملۇقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھادىسە ئارقىلىق ماھىيەتنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، بەدىئىي ئوبراز ئومۇملاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

③ بەدىئىي ئوبراز ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بەدىئىي ئوبراز يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى ئۆز مې-گىسىدە پىششىقلاپ ئىشلىشىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭلاشقا، ئوبرازغا يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىللىرىمۇ (كۆز قارىشى، تەسەۋۋۇرى) سىڭگەن بولىدۇ. يازغۇچى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا ھەرگىز رېئال تۇرمۇشتىكى يۈزەكى ھادىسىلەرنى ئەينەن يېزىپ چىقىشنى مەقسەت قىلماي، بەلكى رېئال تۇرمۇشنى كونكرېت تەسۋىر-لەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئېستېتىك زوق - ھەۋىسىنى سىڭدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، كونكرېت ئوبرازلار كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ياكى نەپرىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، گۈزەل نەرسىلەرگە ھېسداشلىق قىلدۇرسا، رەزىللىككە نەپرەت قوزغىتىدۇ.

ئومۇمىي ماھىيەتنىڭ بىرلىكى، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

6. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان ئادەمنى تەسۋىرلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئادەم بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن خىلمۇخىل تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئادەم ئوبرازى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىكەن، ئۇنداق ئەسەر كېرەكسىز ماتېرىياللار دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم ئوبرازىنى بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى دەيمىز.

## «يىللارغا جاۋاب» شېئىرى ھەققىدە

1. «يىللارغا جاۋاب» شېئىرى قانداق شارائىتتا يېزىلغان؟ 2. شېئىردا قانداق كونكرېت مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن؟ تۈپكى مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟ 3. شېئىرنى ئۆگىنىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى نېمە؟

1. ئوت يۈرەك، جەڭگىۋار، ۋەتەنپەرۋەر شائىر — ل. مۇتەللىپ (1922 — 1945) نىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق بۇ شېئىرى شېئىرىي شەكىل جەھەتتىن بارماق ۋەزنىدىكى مۇرەببە شېئىر شەكلىدە، خاراكتېر جەھەتتىن لىرىك شېئىرلارنىڭ سىياسىي لىرىكا تۈرىدە، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

بۇ شېئىر 1944 - يىلى 1 - ئايدا ئاقسۇدا يېزىلغان

بولۇپ، شېئىر يېزىلغان ئەينى يىللاردا مەملىكەت مىقياسىدىن ئالغاندا جياڭجيېشى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان، شىنجاڭ رايونىدا جاللات شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ تېررورلۇق سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەش ئوتى كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ۋاقىت ئىدى، مانا مۇشۇنداق شارائىتتا جەڭگىۋار شائىر ل. مۇتەللىپ كۆرۈنۈشتە خىزمىتىنى يۆتكەش باھانىسى بىلەن، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ قاتتىق تەقىپ قىلىش مەقسىتىدە ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان بولۇپ، شائىر ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە بولغان چوڭقۇر ئۈمىدىنى، تولۇپ - تاشقان جەڭگىۋار ئىرادىسىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن بۇ شېئىرنى يازغان.

2. شېئىر پىكىر تەرتىپىگە ئاساسەن تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلەك: شېئىرنىڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 - كۇپلېتلىرى بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆتۈۋاتقان جاپالىق يىللار، كىشىلەرنىڭ بىھۇدە ئۆمرى، سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدىكى تەسىراتى لىرىك ھېسسىيات، ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ئىككىنچى بۆلەك: شېئىرنىڭ 5 -، 6 -، 7 - كۇپلېتلىرى بولۇپ، بۇ بۆلەكتە كۈرەش جەريانىدا ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ» دېگەن مىسرا بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ پىكىر جەھەتتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، بۇ مىسرا شېئىرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بىلەن كېيىنكى بۆلەكلىرىنى پىكىر ۋە شېئىرىي قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينىغان. ئۈچىنچى بۆلەك: شېئىرنىڭ 8 -، 9 -،

پولاتتەك مۇستەھكەم كۆرەش روھى، جەڭگىۋار ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن. تۆتىنچى بۆلەك: شېئىرنىڭ 11 - ، 12 - كۇپلېتلىرى بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شائىرنىڭ ئىنقىلاب غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسى ئىپادىلەنگەن. شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسى پۈتۈن شېئىردىن چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ، بۇ مىسرا شائىرنىڭ يىللارغا ئېلان قىلغان جەڭ سىگنالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، شائىر بۇ شېئىردا يىللارغا جاۋاب يېزىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «ئەجداد يىللارنى قېرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاب» دەپ بىر پۈتۈن شېئىردىن خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتى، تولۇپ - تاشقان جەڭگىۋار ئىرادىسى، كۈرەشچان روھى، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە بولغان كۈچلۈك ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسىنى نامايان قىلغان.

3. بۇ شېئىرنى ئۆگىنىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى شۇكى: ھازىرقى بەختىيار دەۋرىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يىللار ئۈستىدىن غالىب كېلىش، ۋاقىتنى بويسۇندۇرۇپ ۋەتەنگە، خەلققە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىمىزنى، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» يولىدا ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزدە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» شېئىرى ھەققىدە

1. «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» شېئىرىدا قانداق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟ 2. شائىر بۇ شېئىرغا نېمە ئۈچۈن «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دېگەن سەرلەۋھىنى قويغان؟ ھەربىر

كۇپلېتنىڭ ئاخىرىنى نېمە ئۈچۈن «تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۆلمەي ئامال يوق، قەدىمىيلەر شۇڭا ئېيتقان ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دەپ چۈشۈرگەن؟ بۇ ماۋزۇ قانداق چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ۋە بۇ شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىشتە قانداق رول ئوينىغان؟

1. بىلال ئەزىزى (1921 — 1945) نىڭ بۇ شېئىرى شەكىل جەھەتتىن مۇسەددەس شېئىر شەكلىدە. خاراكتېر جەھەتتىن دىداكتىك (پەند - نەسىھەت) خاراكتېرىدە يېزىلغان. شېئىردا ئەينى دەۋردىكى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

بۇ شېئىردا ئاپتور بىلىم ئېلىش ۋە ئىجاد قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىزھار قىلغان. كىشىلەرنى «مۇدھىش دۈشمەن — ساۋاتسىزلىق» تىن قۇتۇلۇپ، ئۆمرىنى جاھالەتتە ئۆتكۈزمەي، بىلىم ئېلىش ۋە ئىجاد قىلىشقا سەرپ قىلىپ، ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا نۇرلۇق ئىز قالدۇرۇشقا دەۋەت قىلغان.

2. شائىر بۇ شېئىرغا «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دېگەن ئوخشىتىش شەكلىدىكى ئەقلىيە سۆزنى سەرلەۋھە قىلىپ قويۇش ۋە ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدا «تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۆلمەي ئامال يوق، قەدىمىيلەر شۇڭا ئېيتقان ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دېگەن ئىككى مىسرانى تەكرارلاش ئارقىلىق، خۇددى ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغانغا ئوخشاش بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈرنىمۇ كەينىگە قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما چەكلىك ئۆمۈرنى چەكسىز قىممەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆمۈرنى بىلىم ئېلىش ۋە ئىجاد قىلىش ئارقىلىق مەنىلىك ئۆتكۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەن-

ئىدىيىسىنى تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلغان.

## «تۇرمە ناخشىسى» داستانىدىن بېرىلگەن پارچە ھەققىدە

1. «تۇرمە ناخشىسى» داستانىدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ 2. جاللات شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىگە، جۈملىدىن قازاق خەلقىگە ۋە ئۇلىغار، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارغا سالغان دەھشەتلىك زۇلمى ۋە زىيانكەشلىكى تېكىستتە قانداق ئېچىپ بېرىلگەن؟ 3. تېكىستتە قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئىشلىتىلىق بىلەن پايدىلىنىلغان؟ مىسال كەلتۈرۈڭ، بۇ بەدىئىي ۋاسىتىلەر تىلنى جانلىق، ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈشتە قانداق رول ئوينىغان؟ 4. تېكىستنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدا شائىرنىڭ ئوي - پىكرى، روھىي ھالىتى ۋە ھېسسىياتى ئىزھار قىلىنغان. شۇنداق مىسرالار ۋە كۇپلېتلاردىن مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شائىرنىڭ قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى تەھلىل قىلىڭ.

1. تالانتلىق، مەشھۇر شائىر تائىجارىق جولدىبايېۋ (1903 — 1947) نىڭ «تۇرمە ناخشىسى» ناملىق داستانىدا (دەرسلىككە بۇ داستاننىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قىسمى بېرىلگەن) قازاق خەلقىنىڭ ئۆتمۈش زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ شېڭ شىسەينىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تارتقان جەبىر - جاپا، ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق جانلىق، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن، شۇنىڭدەك زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى ۋە ئاربغا

بۆلگۈنچىلىك سىلىشى تۈپەيلىدىن، قازاق خەلقىنىڭ نادانلىق، قالاقلىق ـ مەدەنىيەتسىزلىك ۋە ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق ھالەتتە قالغانلىقى ئېچىپ تاشلىنىپ، خەلق ئويغىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، زالىم ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ۋە يېڭى، بەخ-تىيار زامانغا ئېرىشىپ، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە دەۋەت قىلىنغان.

2. ئاپتور جاللات شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىگە، جۈملىدىن قازاق خەلقىگە ۋە ئۇلارغا، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارغا سالغان دەھشەتلىك زۇلمى ۋە زىيانكەشلىكىنى:

سېنى قاقاق مىخ كەبى تىنىك تۇرغۇزۇپ،
ئىككى جاللاتقا بەدەنى سويغۇزۇپ،
قول، ئاياغقا كويزا، ئىشكەل سالدۇ،
بىر يولى جاندىن تامام جاق تويغۇزۇپ.

.........................................

بۇندا بار بىر تاختىيى رەندە سالغان،
ئۈچىنى تىنىك قارىتىپ مىخنى قاققان.
ئۈستىگە ئولتۇرغۇزىدۇ يالىڭاچ،
ساغرىدىن ئاقار گويا سۇدەك بۇقان.

تىرنىقىڭغا سانجىسا مىخنى قېقىپ،
سالسەن پەرياد تامام ئەقلىڭ ئېزىپ.
ئىككى كۆزۈڭ پولتىيىپ ئۇزغۇپ چىقار،
سالسا تۆمۈر چەمبىرەك بېشىڭ قىسىپ.

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالاردا كونكرېت، ئوبرازلىق ھالدا ئەينەن تەسۋىرلەپ، بىر تەرەپتىن جاللات شېڭ شىسەينىڭ چېكىدىن ئاشقان قەبىھلىكى، ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىنقىلابچىلار ۋە ئىلغار، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ دۈشمەن سوراقخانىسىدا پاجىئەلىك قىينىلىۋاتقانلىقىغا بولغان ئېچىنىشى، ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

3. شائىر بۇ پارچىدا سۈپەتلەش، رىتورىك خىتاب، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول، سېلىشتۇرۇش، خەلق تەمسىلى، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. مىسال ئۈچۈن كۆرۈپ باقايلى:

سۈپەتلەش: بۇ پارچىنىڭ ھەربىر مىسراسىدا ئۇچرايدۇ. رىتورىك خىتاب: «سال قۇلاق دوستلار»، «سۆزلىرىم يەتسە ساڭا ئۆز پەيتىدە» دېگەنگە ئوخشاش. ئوخشىتىش: «خۇددى ئولتۇرغان كەبى مىخ ئۈستىدە»، «كېمە چۆككەندەك گويا سۇلار تېشىپ»، «تاغۇ - تاشتا ئۈركۈگەن قويدەك توزۇپ»، «ئۈركۈگەن توشقان ۋە چىلدەك پىتىرىدى»، «كېتىدۇ يۇساڭ گوياكى كىرسىمان»، «بولدى سويغاندەك قىزىل تۇلكىنى خۇش»، «خۇددى ئېگەر غاجىغان يېغىر كەبى» دېگەنگە ئوخشاش. جانلاندۇرۇش: «تاغ - دالانى ئارىلاپ يۈگۈرۈك خىيال، كېلىدۇ چارچاپ - ئۈچۈپ ئالەم كېزىپ» دېگەنگە ئوخشاش. سىمۋول: «نۇر — يورۇقلۇق قايتا بولمايدۇ نېسىپ»، «شۇڭقارىڭ كىم، سۇلتانىڭ كىم، تۇلپارىڭ»، «ھاڭغا يىقىلىش بەك ئاسان ئادەم ئۈچۈن، ئويلىما قىيا پاناھ بولماس ئەبەد» دېگەنگە ئوخشاش. سېلىشتۇرۇش: «مالۇ - دۇنياسى ئېشىپ - تاشقانلىقى، قويدى ئاخىر تامچە سۇغا زار ئېتىپ» دېگەنگە ئوخشاش. مۇبالىغە: «ھەربىرى بەش يۈزگە تېتار پەھلىۋان»،

«تۇردى تىك قۇيقا چىچىم»، «كۆزلىرىگىدىن شۇرقىراپ ياش قۇيۇلار»، «ساغرىدىن ئاقار گويا سۇدەك بۇ قان» دېگەنگە ئوخشاش. تەمسىل: «قىچىقىرار توخۇمۇ ئۆز بىلگىنىنى»، «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا تەس» دېگەنگە ئوخشاش. ئىدىيوم: «بىر تاۋاق ئاش» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ بەدىئىي ۋاسىتىلەر داستاننىڭ تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، تەسىرلىكلىكىنى ئاشۇرۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

4. شائىر:

ئىچ - سىرىڭنى سۆزلىگەن يار - دوستلىرىڭ،
گۆر كولايدۇ سەن ئۈچۈن پەيت تاپسىلا.
يوشۇرۇپ قالماس ساڭا جان كۆيدۇرۇپ،
ئاچىدۇ تىرناقچە ئەيىبىڭ چىقسىلا.

بىر تاۋاق ئاشقا كېتەر سېتىپ سېنى،
ئولجىغا لايىق بىرەر نەپ كۆرسىلا.
سەن ئىشەنمە ئۆزگىلەرنىڭ سۆزىگە،
ياغدۇرۇپ قەسەمنى ۋەدە قىلسىلا.

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالاردا ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دوست - دۈشمەننى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي، يالغاندىن دوست قىياپىتىگە كىرىۋالغانلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ كەتكەن تەجرىبە - ساۋىقى، بۇ جەھەتتە مەلۇم سەۋەنلىك سادىر قىلىپ، ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولغان روھىي ھالىتى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئوبرازلىق ئىپادە قىلىنغان.

## «دولان ياشلىرى» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىنىڭ تېمىسى ۋە باش تېمىسى نېمە؟ 2. ھېكايىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار قايسىلار؟ ئۇلار قانداق كىشىلەرنىڭ ئوبرازى؟ 3. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. زوردۇن سابىر (1937 — ) نىڭ «دولان ياشلىرى» (1979) ناملىق بۇ ھېكايىسى تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا. سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

ئاپتور ھېكايىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئەينى ۋاقىتتا بىر مەھەل ئەۋج ئالغان ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ دۆلەتكە، خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەندىن تاشقىرى، مىللىي مەدەنىيەتنىمۇ دەپسەندە قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان مۇقامچى، ئۇسسۇلچى، سەنئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قارشى ھەر خىل يوللار بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ. مىللىي سەنئەتنى قوغدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ھەم مىللىي سەنئەتنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا سەممىي ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرغانلىقىنى بەدىئىي ماھىرلىق ۋە تەسىرلىك ۋەقەلەر بىلەن (يەنى مەزمۇن بىلەن) يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراقلىقى، ماھىرلىقى، سەنئەتنى قەدىرلەيدىغانلىقىدەك مەدەنىيەتلىك ئېسىل خىسلىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھەمدە سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەنىۋى

شارائىتتا قىزغىن سۆيىدۇ. كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ، سەنـ ئەت كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان بىباھا بايلىقتۇر، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

2. ھېكايىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار كەنجى، پالتاخۇن، مەتيالاردىن ئىبارەت.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى كەنجى ـــ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل، سەممىي، شۇنىڭدەك ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنى «تۆت كونا»، «سېرىق» دەپ ھاقارەتلەيدىغان، تارىخنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ يەنى يېڭى دەۋردىكى چېكىدىن ئاشقان يېڭى خۇراپاتلىقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مىللىي سەنئەتنى ئىنكار قىلىپ، مىللىي سەنئەتكارلارنى پەس كۆرۈپ ئۇن يىللىق ئەۋرىشىم، ھېسسىياتقا باي، ئۆگىنىشكە ماھىر ۋاقتىنى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مىللىي مەدەنىيەتنى، مىللىي سەنئەتنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن، «سول» لۇشيەنگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، تۇرمۇش قانۇنىيىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، ئەجدادلارنىڭ، مۇھەببەتنىڭ تەقەززاسى، مىللىي سەنئەتكارلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن «سول» لۇشيەن ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن ساختا ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرىدىن، روھىي يۈكتىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، مىللىي سەنئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ئوبرازى.

ئاپتور كەنجى ئوبرازىنى ئىنتايىن كەڭ بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى زىددىيەتلەرنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، مۇھەببەتكە بولغان تەشنالىقى بىلەن سەنئەتكە بولغان تەشنالىقىنى يۇغۇرۇپ، ئۇنى ناخشا ـ ئۇسسۇل

مۇكەممەل خاراكتېرىنى ياراتقان.

پالتاخۇن ئوبرازى — ئەمگەكچان، مەرد، ئاق كۆكۆل، پۇتۇن ئۆمرىنى دولان خەلقى ئەلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۆزگىچە سەنئەت مۇھىتى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. بۇ مەنىۋى بايلىق ئۇنىڭ ئەمگىكى، تۇرمۇشى، خۇشاللىقى، قايغۇسى بىلەن بىر جان - بىر تەن بولۇپ بىرلىشىپ كەتكەن. كۆلپەتلىك شارائىتلاردىمۇ ئۇنى ئاسرايدىغان سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئوبرازى.

ئاپتور پالتاخۇن ئوبرازى ئارقىلىق مۇشۇنداق سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار خۇشاللىقتا، قايغۇدا، تۇرمۇش ۋە ئەمگەك قايناملىرىدا، توي - تۆكۈن مۇراسىملىرىدا بۇ مەنىۋى بايلىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلىقى، قاباھەت-لىك، كۆلپەتلىك شارائىتلاردىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىل-مىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي بايلىقنى ئايىمىغانلىقى، بۇ سەنئەت ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان سەنئەتكارلارنى قوغدى-غانلىقى ئۈچۈن، بۇ مىراسلىرىمىزنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ساقلىنىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن. پالتاخۇن ئوبرازى ئەمگەك ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەنمەي، ئۇنىڭ پەقەت سەنئەتكە بولغان ئەقىدىسىدىن ئىبارەت بىر تەرەپىنى نۇقتىلىق يېزىش ھەمدە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەقىدىسىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللاردىن بىرى — سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلغان 45 يىل ئىلگىرىكى توي كۆرۈنۈشىنى قىستۇرما قىلىپ يېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرى يارىتىلغان.

مەتيا ئوبرازى بولسا — خەلق سەنئىتىنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر بايلىقى، مۈلكى دەپ بىلىدىغان، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر

شادلىق، جۇشقۇن روھ ئېلىپ كەلگۈچى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئوبرازى.

مۇنداق ئاددىي، نامرات خەلق سەنئەتكارلىرى ئۇيغۇر يېزا - مەھەللىلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ تەقدىرى خەلق سەنئىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئاپتور مەتيانىڭ سەنئەت ھاياتىنى، تەقدىرىنى يېزىش ئارقىلىق خەلقنىڭ سەنئەتكە موھتاجلىقى، سەنئەتنىڭ خەلققە موھتاجلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

3. ھېكايىنىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بىزنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ: ① ھېكايە سۇژېتى باشتىن - ئاخىر بىرلا مەسىلىنى يەنى مىللىي سەنئەتنى سۆيۈش بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىمىغان پوزىتسىيەلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا قانات يايدۇرۇلغان. خەلقىمىز سەنئەتخۇمار خەلق، رايونىمىزنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامى بار، دولان دىيارى بولسا مانا مۇشۇ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» مىزدىكى سەنئەت ھاۋاسى تېخىمۇ قويۇق ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يۇرت. ئاپتور دولان دىيارىدىكى سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىلگەن دەسلەپكى يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن سەنئەت ھاياتىنى نۇقتا قىلىپ يېزىش ئارقىلىق، خەلقىمىزنىڭ ئاشۇ يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن سەنئەت ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ ② ھېكايىدە خەلق ئېغىز تىلى، يەرلىك شېۋىلەر، ئوبرازلىق، جانلىق دىئالوگلار ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان؛ ③ خەلق ناخشىلىرىدىن دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ، ھېكايىگە

ماقال - تەمسىل، ئىدىئوم... قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ، بايانچى تىل ۋە پېرسوناژلار دىئالوگلىرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى ئاشۇرۇلغان؛ ⑤ ئەسەر كومپوزىتسىيىسى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھېكايىدىكى سەككىز بۆلەك تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلى بويىچە زىچ گىرەلەشتۈرۈلگەندىن باشقا، ھەربىر بۆلەكتىكى بايان تەرتىپى ئەپچىگە زۆرۈر بولغان قىستۇرما بايان، بىۋاسىتە لىرىكا بىلەن ۋاسىتىلىك لىرىكا، مۇھىت تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژ تەسۋىرى دەل جايىدا گىرەلەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك ھېكايىنىڭ باش - ئاخىرى ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان. يەنى ھېكايىنىڭ باشلىنىشى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر دولان خەلقىنىڭ بۇ ئېسىل خىسلىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشتۈرگەن پالتاخۇننىڭ سۆزى بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرى يەنە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىزھارى، شادلىقى، خۇشاللىق تىلەكلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

## «ئىجارە ھەققى» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «ئىجارە ھەققى» ھېكايىسىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ 2. جەننەتخان ئوبرازى ئارقىلىق يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشىغا نىسبەتەن ئايرىم ئادەملەردە ساقلىنىۋاتقان قانداق ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار كەيپىيات تەنقىد قىلىنغان؟ جەننەتخان ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ ناتوغرا ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قانداق ساۋاق ئېلىش كېرەك؟ 3. ھېكايە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

1. ئالىمجان ئىسمايىل (1941 — ) نىڭ «ئىجارە ھەققى» (1983) ناملىق بۇ ھېكايىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق

ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 1 ـ، 3 ـ شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ھېكايىدە جەمئىيەتنىڭ ئاز بىر قىسىم كىشىلەر تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مال ـ مۈلۈك، «مۇناسىۋەت»كە تايىنىپ ھەممىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان ناچار ئىستىل، ناچار كەيپىياتلار تەنقىد قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي ھەمكارلىق، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، بىرلىكتە شاد ـ خۇرام ياشاش مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەكلىكى، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشى، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلىشى، پەرزەنتلەرمۇ كىچىكىدىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىملىقى تەشەببۇس قىلىنغان.

2. ۋىجدان، نومۇس، ئەخلاق، سىياسەت، پرىنسىپ ئورنىغا پايدا ـ مەنپەئەت، «مۇناسىۋەت» نى دەسسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان جەننەتخان ئوبرازى ئارقىلىق ئاز بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ناچار كەيپىيات، ناتوغرا ئىستىل تەنقىد قىلىنغان. جەننەتخان قىزى مەلىكىزاتنى ياخشى تەربىيىلەش، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتكە يېتەكلەشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئەركە ـ نايناق، مىشچان، ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق، ياسانچۇق قىلىپ تەربىيىلەيدۇ ھەم «مەن» گە (مۇئەللىمگە) بەرگەن ئۆي ئىجارىسىنىڭ ھەققىنى ئالماسلىقتىن ئىبارەت كۆزۈرغا تايىنىپ قىزىنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. ئىنسانلىق پەزىلەت، غۇرۇر، ۋىجدان بىلەن ياشاشنى ئۆمۈر مىزانى قىلغان ئاتا ـ ئانىلار ھەم شۇنداق تەربىيىلەنگەن پەرزەنتلەر جەننەتخان ۋە مەلىكىزات ماڭغان «يولدا» ماڭمايدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش، يارامىلىق ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيىلىشى، يېتەكلىشى، پەرزەنتلەرمۇ ياشلىق باھارىنى قەدىر-

لەپ تىرىشىپ ئۆگىنىشى لازىملىقىنى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى، ئىستىقبالى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

3. ھېكايىنىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىزنىڭ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ: ① ھېكايە ۋەقەلىكى زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. يەنى ھېكايىنىڭ تۈگۈنى جەننەتخاننىڭ ھويلىسىدىن باشلىنىپ، كولمىناتسىيە نۇقتىسى يەنە «مەن» نىڭ ئۆينىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان؛ ② تەپسىلىي يېزىش بىلەن ئىخچام يېزىش زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. «مەن» نىڭ سەرگۈزەشتلىرى، ئۆي ئىجارىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولۇشى، ئەمەت ئائىلىسىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرى ئىخچام، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان پېرسوناژلارنىڭ ئەھۋاللىرى يەنى جەننەتخان ۋە مەلىكىزاتقا ئائىت تەپسىلاتلار تەپسىلىي يېزىلغان؛ ③ ۋەقەلىكنى تەپسىلىي بايان قىلىش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى جانلىق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتور بايانچى تىل ۋە پېرسوناژلار دىئالوگلىرىدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سۈپەتلەش، ماقال ـ تەمسىل، ئىدىيوم قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن دەل جايىدا پايدىلانغان. مەسىلەن، ئوخشىتىش: «دوغىلاق يۈزى، قات ـ قات ئېسىلغان گۆشلۈك ئېڭەكلىرى خۇددى قويغان ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇراتتى»، «پوقاقىقا مارجان ئاسقاندەك» دېگەنگە ئوخشاش. سېلىشتۇرۇش: «ئۇ سېمىز بولۇشىغا قارىماي ناھايىتى يېنىك ۋە لەرزان ماڭاتتى» دېگەنگە ئوخشاش. ماقال: «قىزى بارنىڭ نازى بار»، «جاي بەرگەنگە جان بەر» دېگەنگە ئوخشاش. تەمسىل: «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ»، «خەقنىڭ ئىشىغا تومۇزدىمۇ قول توڭلايدۇ»، «چىقە دېسە ئىتمۇ چىقىپ كېتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش. تەمسىل: «قىزىلكۆز» دېگەنگە ئوخشاش.

## «ئۇلارمۇ ئاتا - ئانا بولار» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «ئۇلارمۇ ئاتا - ئانا بولار» ناملىق ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟ بۇ مەركىزىي ئىدىيە قانداق يورۇتۇپ بېرىلگەن؟ 2. سېپىرخان ئانا، ساۋۇر، دىلەيسە ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىڭ. 3. ھېكايىگە نېمە ئۈچۈن «ئۇلارمۇ ئاتا - ئانا بولار» دەپ سەرلەۋھە قويۇلغان؟ بۇ سەرلەۋھە مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرىشتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

1. ئابدۇراخمان ئەبەي (1953 — ) نىڭ «ئۇلارمۇ ئاتا - ئانا بولار» (1982) ناملىق ھېكايىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ھېكايىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ياشاش شەرت - شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ھاياتقا، ياشاشقا بولغان تەلىپىنىڭ ئۆزگىرىشى، پەرقىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ (بۇ ھېكايىدە سۈرەتلەنگەن تىپىك مۇھىت) بىر قىسىم پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى ئۆزىنىڭ ئەسلىنى، جاپالىق كۈنلىرىنى، ئۆزىنى قاتارغا قوشقان مۇھىت ۋە تۇرمۇشنى ئۇنتۇپ، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، ھەققىي چىن مۇھەببەت، مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىغا ئورۇن - مەرتىۋىسىگە، يۈز - ئابرۇيىغا قاراش، بىر - بىرىگە ھەققىي كۆيۈنۈش، چۈشىنىشنىڭ ئورنىغا پايدا - مەنپەئەتنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت ئەھۋاللارنى ئانا - بالا، كېلىن - قېيىن ئانا مۇناسىۋىتى يەنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، كۆزنىكى بولغان ئائىلە تۇرمۇشى ئىچىگە قويۇپ سۈرەتلەپ (بۇ ھېكايىدە سۈرەتلەنگەن تىپىك ۋەقە)، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جۈملىدىن، ئاتا -

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقىي كۆيۈنۈش، چۈشىنىش، بىر - بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى؛ ياشلار بۈگۈنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشنى ۋە كەلگۈسىنىمۇ ئويلىشى لازىملىقى؛ ئۇلار پايدا - مەنپەئەتتىن، شۆھرەت، راھەت - پاراغەتتىن مېھىر - مۇھەببەتنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويغاندىلا؛ ئاتا - ئانىلىرىغا ماددىي جەھەتتىن، ئەڭ مۇھىمى مەنىۋى جەھەتتىن كۆيۈنگەندىلا؛ ئۇلارنىڭ ھال - ھالىغا، مۇڭىغا - مۇڭ بولغاندىلا ئاندىن پەرزەنتلىك بۇرچىنى ھەقىقىي ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم بىر قىسىم پەرزەنتلەر، كېلىنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇنىڭغا يات بولغان ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلغان.

2. سېپىرخان ئانا — سەممىي، ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ۋە ئەپۇچان، ھاياتقا، تۇرمۇشقا بولغان تەلەپتە مېھىر - مۇھەببەتنى، بىر - بىرىگە غەرەزسىز، تەمەسىز كۆيۈنۈش ۋە چۈشىنىشنى ماددىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، بۇ خىل خىسلەت، پەزىلەت ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن جاپاكەش، پىداكار ئانىلارنىڭ تىپىدۇر.

ساۋۇر — ھازىرقى تۇرمۇش ۋە باشقا شەرت - شارا-ئىتلارنىڭ ياخشىلىنىشى، شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا بولغان قارىشىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشى ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەن ياتلىشىش كەيپىياتى، ھېسسىياتنىڭ تاۋارلىشىشىدىن ئىبارەت مۇھىت ئىچىدە ئۆزگىرىپ ئەسلىنى ئۇنتۇغان، مەلۇم دەرىجىدە پەننىي بىلىمگە ئىگە بولسىمۇ لېكىن كىشىلىك تۇرمۇش، پەرزەنتلىك بۇرچ بىلىمى كەمچىل بولغان،

ياشاش مىزانى قىلغان بىر قىسىم پەرزەنتلەرنىڭ تىپىدۇر.

دىلەيسە — كىشىلىك تۇرمۇش، ئائىلە مەجبۇرىيىتى، كېلىنلىك مەجبۇرىيەت قارىشى كەمچىل، ھەرقانداق ئىشتا پايدا - مەنپەئەتنى، شۆھرەتنى، ئۆزىنى مەركەز قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان گۆدەك، مىشچان كېلىنلەرنىڭ تىپىدۇر.

3. ئاپتور ھېكايىگە سېپىرخان ئانىنىڭ ئوغلى، كېلىنى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىنكى ئىچ - ئىچىدىن چىققان نىدا، ئەپۇ، ئىچىنىش، ئىنغا ئارىلاشقان پىكىر - خىيالىنى ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ قويۇش ئارقىلىق سېپىرخان ئانىنىڭ پەرزەنتىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە ئىگە قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلەرنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشتىن ئىبارەت ئۇزۇن ھەم جاپالىق مۇساپىسىنىڭ، پىداكارانە روھىنىڭ نەقەدەر بۈيۈكلۈكىنى؛ گۆدەك پەرزەنتلەر ھايات مۇساپىسىدە ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىلا، پەرزەنتلىك بولۇپ ئۇنى چوڭ قىلىشنىڭ نەقەدەر جاپالىقلىقىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئاتا - ئانىنىڭ قەدرىگە يېتەر، پەرزەنتلىك مەجبۇرىيىتىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەر دېگەن مەقسەتتە سېپىرخان ئانىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاساس قىلىپ بۇ سەرلەۋھىنى قويغان.

### ئەدەبىياتنىڭ تىپىكلىكى

1. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەدىئىي تىپ يارىتىلىدۇ؟ تىپ دېگەن نېمە؟ 2. تىپ نېمىنىڭ بىرلىكى (ياكى تىپىك پېرسوناژ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە)؟ ئورتاقلىق، خاسلىق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

3. تىپىك مۇھىت، تىپىك پېرسوناژ، تىپىك ۋەقە دېگەن نېمە؟ 4. تىپىك مۇھىت بىلەن تىپىك پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ 5. تىپىكلەشتۈرۈش دېگەن نېمە؟ تىپىكلەشتۈرۈش جەريانى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈڭ. 6. تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

1. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى — رېئال تۇرمۇشنى ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. ئوبراز بولمايدىكەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئوبرازنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى بەدىئىي ئوبراز چوقۇم بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى لازىم. تىپىكلىك ھەرقانداق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرىنى روشەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئەسەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك بېغىشلايدۇ. تىپىكلىككە ئىگە بولمىغان ئەسەر ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. كىشى قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلمايدۇ. ئۇنداق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى رولىمۇ، بەدىئىي قىممىتىمۇ چوڭ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تىپ مەسىلىسى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىدىكى مەركىزىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنداق بولسا تىپ دېگەن نېمە؟ يازغۇچى - سەنئەتكارلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بەلگىلىك دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، ۋەقە - ھادىسىلەرنى كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشقا نىسبەتەن

لېكىنمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي قىممىتى بولغان بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز تىپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان بەدىئىي ئوبراز تىپ دەپ ئاتىلىدۇ.

لىرىك شېئىرلار، جۇملىدىن خەلق قوشاقلىرى، لىرىك نەسىرلەرنى سۆزلىتلىق ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا گەرچە ئۇلاردا مۇكەممەل يارىتىلغان تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلىككە ئىگە قىلىنغان، تىپىك مۇھىت سۈرەتلەنگەن ئەسەرلەر بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاھ ئۇرارمەن» ناملىق خەلق قوشىقىنى، «كۆن چىقىش شامىلى» ناملىق شېئىرنى مىسال ئېلىش مۇمكىن. تىپىكلىككە ئىگە قىلىنغان سۆزلىتلىق ئەسەرلەردە تىپىك مۇھىت ئىچىدە سۈرەتلەنگەن مۇكەممەل بولغان تىپىك پېرسو-ناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئۆجمە سايىسى» ناملىق خەلق چۆچىكى، «غۇنچەم» دراممىسى، «چاكموزا يۇسۇپخان»، «پەرھاد – شىرىن» داستانى، «بەخت تىلەش» ھېكايىسى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى، «ئارتىس بولمايدىغان قىز» كىنو سېنارىيىسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل بولغان تىپىك مۇھىت ۋە بۇ تىپىك مۇھىت ئىچىدە تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان.

تۆۋەندە بىز سۆزلىتلىق ئەسەردىكى بەدىئىي تىپ (تىپىك خاراكتېر ياكى تىپىك پېرسوناژ)، تىپىك مۇھىت، تىپىك ۋەقەنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا سۆزلەيمىز.

2. تىپ ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان

لىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىدۇر.

خاسلىق (ئىندىۋىدۇئاللىق) دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋىتىدە، ھەربىر ئادەمنىڭ كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى، سەرگۈزەشتىسى، ئالغان تەربىيىسى، فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئىدىيىۋى - ھېسسىياتى، ھەۋەس - ئىشتىياقى، تۇرمۇش ئادىتى، تەقى - تۇرقى، مىجەز - خۇلقى قاتارلىقلاردا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ تىپىكلىككە ئىگە قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى خاسلىق دېيىلىدۇ.

ئورتاقلىق (ئومۇملۇق) دېگىنىمىز — شۇ پېرسوناژ ۋەكىللىك قىلغان مەلۇم سىنىپ كىشىلىرىنىڭ ياكى مۇئەييەن دەۋردىكى مەلۇم خىلدىكى (تۈردىكى) ئادەملەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى، تەلىپى، تەقدىرى ۋە ئورتاقلىقىنى روشەن، جانلىق ھەمدە گەۋدىلىك خاسلىق ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتۇر.

مەلۇم دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان ياكى سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە قىلىنغان بەدىئىي تىپقا مەلۇم دەۋرنىڭ ياكى مەلۇم سىنىپنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل بەدىئىي تىپلارنىڭ بەزىلىرى شۇ دەۋر، شۇ سىنىپتىن ھالقىغان ھالدا تېخىمۇ زور دائىرىدىكى مەلۇم خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ئومۇملاشتۇرغان بولىدۇ.

تىپنىڭ خاسلىقى بىلەن ئورتاقلىقى دىئالېكتىك بىرلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئاجرالماس بىر گەۋدە. خاسلىق ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى، ئورتاقلىق بولسا

ئىپادىسىنى تاپالايدۇ؛ ئەكسىچە، خاسلىقمۇ ئورتاقلىقتىن ئايرىلالمايدۇ، ئەگەر خاسلىق ئورتاقلىقنى ئىپادىلىمىسە، بەدىئىي تىپمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتىدىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تىپ يازغۇچىنىڭ مەلۇم دۇنيا قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ياراتقان، خاسلىقى بىلەن ئورتاقلىقى بىرلىككە كەلگەن پېرسوناژلار ئوبرازىدۇر. بۇ خىل پېرسوناژلار ئوبرازىدا ئۆزىگە خاس روشەن خاسلىقمۇ بولىدۇ ھەم مەلۇم خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىمىغان پېرسوناژ ئوبرازىنى بەدىئىي تىپ دېيىشكە بولمايدۇ.

3. تىپىك پېرسوناژ دېگىنىمىز — يۈكسەك ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، روشەن ئورتاقلىقتا (ئومۇملۇقتا) ۋە خاسلىقتا (ئىندىۋىدۇئاللىقتا) ئىگە قىلىنغان پېرسوناژلار ئوبرازىدۇر.

تىپىك شارائىت (مۇھىت) دېگىنىمىز — تىپىك پېرسوناژغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى ئوراپ تۇرغان ھەمدە تىپىك پېرسوناژنىڭ پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي شارائىت: شۇ پېرسوناژلار ياشاپ تۇرغان دەۋر، شۇ دەۋرنىڭ قىياپىتى، تەرەققىياتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋالى، شۇ جەمئىيەتتىكى

سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە قارىتىلغان.

تەبىئىي شارائىت: پېرسوناژ ھەرىكەت قىلغان شۇ ئورۇنىنىڭ كونكرېت تەبىئىي شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارغا قارىتىلغان.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تىپىك مۇھىت، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئوبيېكتىپ مۇھىتقا قارىغاندا تېخىمۇ يىغىنچاقلىقى، تىپىكلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. تىپىك مۇھىتمۇ تىپىك پېرسوناژغا ئوخشاشلا كونكرېتلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ، ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ، ھادىسە بىلەن ماھىيەتنىڭ بىرلىكى، پۈتكۈل چوڭ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن شۇ پېرسوناژ ياشاۋاتقان ئالاھىدە كونكرېت مۇھىتنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

تىپىك ۋەقە دېگىنىمىز — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، تىپىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بېرەلەيدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكىدۇر. تىپىك ۋەقە پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن تاللىنىدۇ، كونكرېت بولىدۇ. شۇ كونكرېتلىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ.

4. تىپىك مۇھىت بىلەن تىپىك پېرسوناژ (تىپىك خاراكتېر) بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پېرسوناژنىڭ تىپىكلىكى پەقەت تىپىك مۇھىت ئىچىدىلا ئاندىن تولۇق ئېچىلىدۇ، مۇھىتنىڭ تىپىكلىكى بولسا، پەقەت ھەرقايسى تىپىك پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىقلا ئاندىن توغرا، چوڭقۇر گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت

مائىي مۇھىت كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى بەلگىلەيدۇ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تىپىك مۇھىت تىپىك خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇئەييەن مۇھىت مۇئەييەن خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇئەييەت خاراكتېر پەقەت مۇئەييەن مۇھىتتىلا مەيدانغا چىقىدۇ. ② تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا مۇھىتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا ئېنگېلس: «ئادەم مۇھىتنى يارىتىدۇ، مۇھىتمۇ ئادەمنى يارىتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

5. يازغۇچى رېئال تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنى ۋە باشلانغۇچ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش، بەدىئىي توقۇلما ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى يۈكسەك ئومۇملۇققا ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق «ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئىلغۇۋېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىش» جەريانى، تۇرمۇشتىكى ئايرىم شەيئىلەرنى تۇتۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ئۇنى كۈچەيتىپ، تولۇقلاپ. گەۋدىلەندۈرۈپ ئومۇمىيلىق خاراكتېر بىلەن ۋەكىللىك خاراكتېرنى ئىپادىلەش (يېزىش) جەريانى تىپىكلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. تىپىكلەشتۈرۈش جەريانى، ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى تەرەپنى يەنى خاسلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ① خاسلاشتۇرۇش: تىپ خاسلىق

بىلەن ئورتاقلىقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكى، خاسلىق ئارقىلىق ئورتاقلىقنى، ئايرىمىلىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەش كېرەك. شۇڭا. خاسلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. تىپىكلەشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن خاسلاشتۇرۇشقا يەنى شۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنمەكچى، تىپ قىلىپ يارىتىلماقچى بولغان پېرسوناژنىڭ كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى، ياشىغان مۇھىتى، سەرگۈزەشتىسى، ئالغان تەربىيىسى، ئۆرپ - ئادىتى، فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ھەۋەس - ئىشتىياقى، تۇرمۇش ئادىتى، تەقى - تۇرقى، مىجەز - خۇلقى قاتارلىقلارنى كۈچ چىقىرىپ يېزىش ئارقىلىق ئورتاقلىقنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پەقەت خاسلىقنى كۈچ چىقىرىپ ياخشى يازغاندىلا، ئاندىن ئورتاقلىقنى (ئومۇمىيلىقنى) ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئىي تىپلارنى ياراتقىلى بولىدۇ. ② ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن خاسلاشتۇرۇش تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ بىرلا جەھەتتىكى تەلىپى. خاسلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى بىر چەتكە قايرىپ قويغاندا «ناچار خاسلاشتۇرۇش» خاھىشى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە يەنە ئومۇملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئوخشاش تۈردىكى شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ماھىيەتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، روشەن، كونكرېت پېرسوناژلار ۋۇجۇدىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ تىپىكلىككە، تېخىمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش ماھىيەت، خاسلاشتۇرۇش ھادىسە بولۇپ، ھادىسە ئارقىلىق ماھىيەتنى ئىپادىلەش، ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەش زۆرۈر. قىسقىسى، يازغۇچى ياراتقان بەدىئىي تىپلارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشتىكى شەخسلەرنىڭ يىغىن-

چاقلىنىشى، ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، يەنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ چوڭـ
قۇرلىشىشى، بارغانسېرى ماھىيەتلىك بولۇشى ۋە بارغانسېرى
روشەنلىشىپ بارغان خاسلاشتۇرۇشتۇر.

6. مەشۇر يازغۇچىلارنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى
جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇلنى
بىرقەدەر ئۈنۈملۈك ۋە كەڭ تۈردە قوللىنىپ ياخشى تىپلارنى
يارىتىشقا بولىدىغان ئۇسۇل، دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:
① نۇرغۇنلىغان، خىلمۇخىل تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى كەڭ
تۈردە يىغىنچاقلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تىپ يارىتىش،
يەنى مەلۇم تىپتىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك
خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرلا ئادەمگە ئومۇملاشتۇرۇپ، لۇشۈن
ئېيتقاندەك «ھەر خىل ئادەملەردىن پايدىلىنىپ، بىرنى
يۇغۇرۇپ چىقىش» ئۇسۇلىدۇر. لۇشۈن ئەسەرلىرىدىكى تىپىك
ئوبرازلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق يارىتىلغان. ②تۇرمۇشـ
تىكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئەسلى نۇسخىسى (پىروتو تىپى)
نى ئاساس قىلغان ھالدا، تۇرمۇشتىكى باشقا خام ماتېرىيالـ
لارنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى يۇغۇرۇپ بەدىئىي تىپ
يارىتىش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى ئەسلى نۇسخا ئاساس
قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يازغۇچىنىڭ
ئومۇملاشتۇرۇشى، تەسەۋۋۇر قىلىشى ۋە بەدىئىي تولۇقلىما قىلىشـ
ىمۇ بولىدۇ، يەنى يازغۇچى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىش ـ
ۋەقە بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ناچىرىسىنى چىقىرىۋېتىپ،
ياخشىسىنى ئاغنىۋېلىش، قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق،
ئاخىرىدا يەنە بەزى ئوخشاش تىپتىكى شەخسلەرنىڭ ئالاھىـ
دىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە يىغىنچاقلاپ، پۈتۈنلەي يېڭىچە
تىپ يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ③ تۇرمۇشتا كەم ئۇچرايدىغان،
تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان، لېكىن ئىستىقبالى پارلاق،
قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان يېڭى شەيئىلەرنى

بەدىئىي جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، روشەن، گەۋدىلىك بەدىئىي تىپ يارىتىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق يازغۇچى شۇ چاغدىكى ئاز ئۇچرايدىغان بىخ ھالىتىدە تۇرغان يېڭى شەيئىلەرگە ئاساسەن، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق تىپىك ئوبراز يارىتىپ، رېئاللىق تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كەلگۈسى جەمئىيەت تۇرمۇشىدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ.

## «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىمى» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىمى» ناملىق ھېكايىدە كومپارتىيە ئەزاسى خۇاڭ شۈيىڭنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيىۋى پەزىلىتى قايسى ۋەقەلەردە ئىپادىلەنگەن؟ 2. خۇاڭ ئانا ئىدىيىۋى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنىڭ تەسۋىرلىنىشىنىڭ ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خۇاڭ شۈيىڭ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىغا نىسبەتەن قانداق رولى بار؟ 3. تېكىستتە پېرسوناژلار خاراكتېرى قايسى جەھەتلەردىن سۈرەتلەنگەن؟ تېكىستتىكى مەنزىرە تەسۋىرىنىڭ قانداق رولى بار؟

1. جۇن چىڭ (1923 — ) نىڭ «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىمى» (1954) ناملىق ھېكايىسى تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ھېكايىدە خۇاڭ شۈيىڭنىڭ ئەقىللىق، قەيسەر، پارتىيە، ۋەتەن مەنپەئەتىنى ياشلىق باھارىدىن، ئەزىز جېنىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، ئۈمىدۋار ھەقىقىي بىر كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيىۋى پەزىلىتى تۆۋەندىكىدەك ۋەقەلەردە ئىپادىلەنگەن: ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقى — ئوق ئاۋازى، رايونلۇق پارتكوم سېكرېتارى لاۋ جاۋنىڭ كۆز ئىشارىتى،

ئۇنىڭ قولغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى، يوتقاننىڭ بۇرجىكىدىن يېرتىلغان لاتا قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ئۇسۇل - چارە ئويلاپ تېپىش قاتارلىق ۋەقەلەردە ئىپادىلەنسە؛ ئۇنىڭ قەيسەرلىكى، ئۇمىدۋارلىقى — دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك سوراقلىرىغا تىز پۈكمەسلىكى، ئانىسىغا كۆرەش ھەقىقىتىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىمىنى ساقلاپ قېلىش، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈشى، باتۇرلارچە قۇربان بولۇشى قاتارلىق ۋەقەلەردە ئىپادىلەنگەن.

2. ئاپتور ھېكايىدە خۇاڭ ئانا ئېرى قۇربان بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆككەنلىكى. قىزىنىمۇ دەسلەپتە ئىنقىلاب يولىدىن توسۇماقچى بولغانلىقى، لاۋجاۋ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئىدىيىسىدە روشەن ئۆزگىرىش بولغانلىقى، تۈرمىدە دۈشمەنلەرنىڭ ۋەھشىيانە قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، قىزىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ئىنقىلاب ھەقىقىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىمىنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى، مەخپىي ئالاقە خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكى قاتارلىقلار ئارقىلىق ھېكايە ۋەقەلىكىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ پىداكارلىقى، كۈرەشچان روھى كېيىنكىلەرنى ئويغاتقانلىقى، كۈرەش يولىغا يېتەكلىگەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق خۇاڭ شۇيىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

3. تېكىستتە پېرسوناژلار خاراكتېرى تىپىك مۇھىت ئىچىدە سۈرەتلەنگەن. يەنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ يەر ئاستى مەخپىي تەشكىلاتلىرىنى قېزىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنى ۋە ئىنقىلابىي خەلق ئاممىسىنى تۇتقۇن قىلىش، ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق

ئاتالمىش تازىلاش ئېلىپ بارغانلىقىدەك تىپىك مۇھىت ئىچىدە
خۇاڭ شۈيىڭ، خۇاڭ ئانىغا ئوخشاش تىپىك پېرسوناژلارنىڭ
خاراكتېرى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ھەم ئۇلارنىڭ ئاشۇ
مۇھىتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشلىرى گەۋدىلەندۇرۇپ
بېرىلگەن. ھېكايىدىكى مەنزىرە تەسۋىرى نوقۇل تەبىئەت
مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىشنىلا مەقسەت قىلماستىن، ئەينى
دەۋردىكى تېررورلۇق ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈل-
گەن. بۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تىپىك مۇھىت ئىچىدە
گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

## «سوتتا» ناملىق پارچە ھەققىدە

1. «سوتتا» ناملىق پارچىدا سوت مەنزىرىسى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ سوت جەريانىدا پاۋىل ۋىلاسوپنىڭ روھىي ھالىتى قانداق بولدى؟ بۇ ئارقىلىق قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ 2. پاۋىل ۋىلاسوپ قانداق ئوبراز؟ ئەسەردە ئۇنىڭ خاراكتېرى قانداق ئېچىپ بېرىلگەن؟ 3. سوت ئىچى ۋە سىرتىدا ۋىلاسوپنىڭ ئانىسى ۋىلاسوۋاغا كىشىلەر قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

1. «سوتتا» ناملىق بۇ پارچە گوركىي (1868 — 1936) نىڭ «ئانا» (1906) رومانىنىڭ 2 - قىسمىدىن ئېلىنغان. بۇ پارچىدا (بۇ پارچە تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان) سوت مەنزىرىسى ئانىنىڭ تەسىراتى، كۆز يېشى، روھىي ھالىتى ئاساسىدا، شۇنىڭدەك مەسخىرە قىلىش، ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن. پىروكرورنىڭ زاۋاللىقىغا يۈزلەنگەن چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن

قارىغۇيىۋاق تەيىنبايەشىلىرى، بىرىنچى ئادۋوكاتىنىڭ ئىنقىلاب ھەققىتىنى بۇرمىلاپ ئاقلىشى. ئىككىنچى ئادۋوكات مەردانىلەرچە سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن پىروكرور ۋە سودىيىلەر ئۇنىڭ سۆزلىشىگە يول قويىمىغانىدا ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىپ چارپادىشاھ سوتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمەسلىكى، ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتىنى ئاقلاپ چىقالماسلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەسەردە بىۋاسىتە، ئەينەن يېزىلماي، ئانىنىڭ تەسىراتى، كۆز يېشى ئاساسىدا سۈرەتلەنگەن. سوتنىڭ خۇنۇك كۆرۈنۈشى، سودىيىلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئېزىلەڭگۈ ھالىتى مەسخىرىلىك پوزىتسىيىدە تۇرۇپ سۈرەتلەنگەن.

ئاپتور سوت جەريانىدا پاۋېل ۋىلاسوپىنىڭ قىياپىتى، روھىي ھالىتى ۋە مەردانە نۇتقىنى سوت مەنزىرىسى تەسۋىرىگە دەلمۇدەل قارشى قويۇپ، بىۋاسىتە ۋە تەپسىلىي يازغان. پاۋېل ۋىلاسوپ سوت جەريانىدا ئۆزىنى پىروكرور ئەيىبلىگەندەك «جىنايەتچى»، «ئەيىبكار» ھېس قىلمايدۇ. ئەكسىچە كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاپ، خەلق ئاممىسىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگۈچى ھەققانىي ئىنقىلابچى سۈپىتىدە ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سوراق جەريانىدا ئۆزىنى باشتىن ـ ئاخىر دادىل، سالماق، تەمكىن تۇتىدۇ. ئۆزىنى سوتلىغۇچى سودىيىلەرنى ھەققانىي يوسۇندا سوراققا تارتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى، ھېسسىياتى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، مەردانە قىياپىتى، ھەققانىي سۆزلىرى سوت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك قوللاش، قارشى ئېلىشقا ئېرىشىدۇ.

سوتنىڭ نەتىجىسى ۋە پاۋېل ۋىلاسوپنىڭ تەسۋىرىدىن بىز پاۋېل ۋىلاسوپ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى سوت كولېگىيىسى ئۆتكۈزگەن سوتنىڭ نەتىجىسى

ئىچىدە تەييارلاپ قويغان قارارنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەمىز. ئاپتور بۇ ئارقىلىق چارپادىشاھى يولىغا قويغان سوتنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى، خەلق ئاممىسىنى، ئىنقىلابچىلارنى باستۇرغان جىنايىتىنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە پاۋىل ۋىلاسوپنىڭ سوتتىكى تەۋرەنمەس قەتئىيلىكى، كۈرەشچان روھىنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىگەن.

2. پاۋىل ۋىلاسوپ ئوبرازى — چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىبداتلىقىغا ئەزەلدىن نارازى بولۇپ كەلگەن، كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش يولىدا چىدام بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، ماركسىزم نەزەرىيىسى ۋە كۈرەش تەجرىبىسى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ، ئىنقىلاب سېپىگە ئۇيۇشتۇرالايدىغان، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرىغا چەكسىز ئۈمىد، مۇھەببەت، ئىشەنچ باغلىغان، ئىنقىلاب غەلىبىسىگە چوڭقۇر ئىشىنىدىغان، ئەكسىيەتچىل كۈچلەردىن ئەسلا قورقمايدىغان مىليونلىغان پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر.

ئاپتور پاۋىلنىڭ سوت جەريانىدا سوتچىلارنى ئىنكار قىلىپ، زور جاسارەت بىلەن ماركسىزمنى تەشۋىق قىلغانلىقى پرولېتارىياتنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىپ، چارپادىشاھ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى تەپسىلىي يېزىش ئارقىلىق، پاۋىلنىڭ ئاللىقاچان ماركسىزملىق بىر تەشۋىقاتچى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە رەھبىرىگە ئايلانغانلىقىدەك قەھرىمانلارغا خاس خاراكتېرىنى روشەن ئىپچىپ بەرگەن. ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ نۇتقى، سوت جەريانىدىكى

بېرىلگەن.

3. كىشىلەر سوت ئىچى ۋە سىرتىدا ۋىلاسوۋاغا ھۆرمەت، تەشەككۈر ئېيتىش، ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. ئاپتور بۇنداق يېزىش ئارقىلىق چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر-قانچە ئىنقىلابچىنى تۇتۇپ كېتىش، سوراق قىلىش بىلەن ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە پاۋىل ۋىلاسوپ-ئەك مىگىلىغان، ئون مىگىلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ غايىسىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدەك ھەققانىيەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە پاۋىل ۋىلاسوپنىڭ ئىنقىلابچى ئانىسىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئوبرازىنى، ھۆرمىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

## ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىلىقى ۋە پارتىيىۋىلىكى

1. نېمە ئۈچۈن سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەدەبىيات سىنىپىي-لىقا ئىگە بولىدۇ دەيمىز؟ ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىلىقىنى قايسى جەھەتلەردىن تەكشۈرۈش كېرەك؟ 2. ئىنسان تەبىئىتى ئىنسانىنىڭ قانداق خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ؟ قايسى تەرەپ-لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ سىنىپىي جەمئىيەتتە ئورتاق ئىنسان تەبىئىتى بولامدۇ - يوق؟ ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىلىق تەسۋىر-لەنگەن ئەسەرلەرنى قانداق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن؟ 3. ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىپادىسى؟ ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى كىم، قاچان ئوتتۇرىغا قويغان؟ ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى قايسىلار؟

1. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇش سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش بىلەن تولغان بولىدۇ. سىنىپىي

جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى - سەنئەتكار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئاشۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يازغۇچىنىڭ بەلگىلىك سىنىپىي خاھىشىنى بەلگىلەيدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەرقانداق ئادەم، جۈملىدىن يازغۇچى - سەنئەتكارلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. بەلگىلىك سىنىپىي ئالاھىدە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا سىنىپىي جەمئىيەتتە ياشىغان سەنئەتكارلار ئۆز ئەسەرلىرىگە بەلگىلىك سىنىپىي خاھىشىنى سىڭدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىنىپىي خاراكتېر سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقىنى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، سىنىپىي مەيدانىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەكشۈرۈش كېرەك: ① ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتىن قارىغاندا، ئىنسانلار جەمئىيىتى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئەزگۈچى سىنىپ، ئېزىلگۈچى سىنىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارغا بۆلۈندى. سىنىپلار ئوتتۇرىسىدا چىگىش، مۇرەككەپ زىددىيەتلەر بولۇپ كەلدى. ئەدەبىيات بۇ خىل مۇرەككەپ سىنىپىي زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەلۋەتتە سىنىپىيلىققا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن سىنىپقا تەۋە يازغۇچىلار يېزىپ چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر ھامان مۇئەييەن سىنىپنىڭ ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇئەييەن سىنىپىي خاھىشقا ئىگە بولۇپ كەلدى؛ ② يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە سىنىپىي مەيدانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىنىپىي جەمئىيەتتە يازغۇچى - سەنئەتكارلار

مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ھامان ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مەلۇم سىنىپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تۇرمۇشنى كۆزىتىدۇ، تېما تاللايدۇ، ئوبراز يارىتىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ سىنىپىي مەيدانى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئەسەرلىرىنىڭ سىنىپىي خاھىشىمۇ، سىنىپىي مۇددىئاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى ئەسەرلەرگە بەلگىلىك سىنىپنىڭ خاھىشى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىنىپىيلىق سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. ئىنسان تەبىئىتى بارلىق ئىنسانلارغا خاس بولغان ئورتاق ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتنى يەنى ئىنساننىڭ «تەبىئىي خۇسۇسىيىتى» بىلەن سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. سىنىپىيلىق بولسا ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىدا قىسقا بىر بۆلەكنىلا تەشكىل قىلىدىغان بىر باسقۇچتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ قىسمەن ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ (يەنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ) ئۆزگىرىپ كېتىشى ۋە بۇرمىلىنىشىدۇر. دېمەك، سىنىپىيلىق ئادەملەردە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتتۇر. سىنىپلارنىڭ يوقىلىشى ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ئىنسان تەبىئىتى تېخىمۇ يۈكسەك باسقۇچتا ساغلاملىشىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. كامالەتكە يەتكەن ئىنسان تەبىئىتى پەقەت كەلگۈسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتى ئىنسانلارنىڭ «تەبىئىي خۇسۇسىيىتى» بىلەن سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆتكەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت بىلەن كەلگۈسى كوممۇنىزم جەمئىيىتىدىلا

ئىنسان تەبىئىتى مەۋجۇت بولۇپ، تۇرىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ئارقىلىق سىنىپىيلىقىنى ئىنكار قىلىش ياكى سىنىپىيلىقىنىلا ئېتىراپ قىلىپ ئىنسان تەبىئىتىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتا.

ماركسىزمىمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتە ئورتاق ئىنسان تەبىئىتى بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ماۋ زېدۇڭمۇ بۇ مەسىلىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «بىز پرولېتارىياتنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى قۇۋۋەتلەيمىز» دەپ كۆرسەتكەن. سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئورتاق ئىنسان تەبىئىتى ئاساسەن ئادەمنىڭ ئورتاق «تەبىئىي خۇسۇسىيىتى» ۋە سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان ئورتاق ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى دېگىنىمىزدە ئاساسەن: ئاتا ـ بالىلىق مۇھەببەت، ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببەت، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش، دوستلىرىغا سادىق بولۇش، تەبىئىي گۈزەللىككە سۆيۈنۈش ... قاتارلىق ئادەمدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ھېسسىياتنى كۆرسىتىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ياشىغان كونكرېت ئادەمنىڭ ئۆزىدە سىنىپىيلىق بىلەن ئىنسان تەبىئىتى كۆپىنچە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزىدە بىرى مۇھىم تەرەپ بولسا، بەزىدە يەنە بىرى مۇھىم تەرەپ بولىدۇ. شۇڭا بەزى ئەسەرلەردە سىنىپىي مەيدان، سىنىپىي زىددىيەت ۋە ھېسسىيات روشەن، نۇقتىلىق يېزىلسا، يەنە بەزى ئەسەرلەردە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ھەرقانداق دەۋردە، ھەرقانداق ئادەمدە بولىدىغان، ئىنسانىنىڭ سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى نۇقتىلىق يېزىلىدۇ. يەنە بەزى ئەسەرلەردە ھەر ئىككىلا تەرەپ گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن (يېزىلغان) ئەسەرلەرنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

لار تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر. ئىككىنچى خىلى: مۇھەببەت، ئائىلە لەززىتى، ۋىسال شادلىقى، جۇدالىق، ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسەرلەر. ئۈچىنچى خىلى: سىنىپىي مەيدانى، ئورنى قارىمۇ قارشى بولغان كىشىلەرمۇ ئورتاق قوبۇل قىلالايدىغان ئەسەرلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئىنسان تەبىئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

3. پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي كۈرەشتىكى پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا تەتبىق قىلىنىشى ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى دېيىلىدۇ. لېنىننىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا: «قاتتىق پارتىيىۋىلىك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەمراھى ۋە نەتىجىسىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، سىنىپىي كۈرەشنى ئوچۇق - ئاشكارا ۋە كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قاتتىق پارتىيىۋىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر».

ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. سىنىپىيلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھەمدە ئەڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى.

لېنىن 1905 - يىلى «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە مەتبۇئاتى» دېگەن ئەسىرىدە پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

① پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتى پۈتۈن پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرىنىڭ «چىشلىق چاقى ھەم ۋىنتىسى» بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەرگىز شەخسنىڭ ياكى گۇرۇھنىڭ پۇل تېپىش ياكى نام - مەنپەئەت قازىنىش قورالى بولماسلىقى كېرەك (بۇ پرولېتارىيات ئەدەبىياتى بىلەن پرولېتارىيات

ئىنقىلابى ئىشلىرىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر) ② پارتىيە ئەدەبىياتى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. بۇ پرولېتارىيات پارتىيىسى ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. لېنىن پرولېتارىيات ئەدەبىياتى «ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن خېنىملارغا، توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ سېمىزلىكىنى كۆتۈرەل-مەي قالغان تۈمەنلىگەن بەگزادىلەرگە ئەمەس، مەملىكەتنىڭ گۈلى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئىستىقبالىنىڭ ئىگىسى بولغان مىليونلىغان ۋە 10 مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرگە خىزمەت قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن (بۇ پارتىيە ئەدەبىياتىنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى مەسىلىسىدۇر). ③ ئەدەبىيات ئىشى پارتىيىنىڭ نازارىتى ۋە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. ئەدەبىيات ئىشى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغانىكەن، ئەلۋەتتە، پارتىيىنىڭ نازارىتى ۋە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈر. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار رولىنى جارى قىلدۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەمەلىي بويسۇنۇشى لازىم.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، لېنىن ئۆز ئەسىرىدە نەزەردە تۇتقان «ئەدەبىيات» ئاتالغۇسى پۈتكۈل نەشرىيات، تەشۋىقات ئىشلىرىغا، پۈتكۈل مەدەنىيەت خىزمىتىگىمۇ قارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىش ئاساسىدا، سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگە، كۆپ تەرەپلىمە رولىغا ھۆرمەت قىلىش، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش. ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر.

# جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە

1. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قايسى ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ 2. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى نېمە؟ 3. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتى نېمە؟ 4. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قايسى؟ 5. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ؟ ھەر بىر باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى، نىشانى، ۋەكىللىك ئەسەرلەر، ئاپتورلار ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ. 6. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تۆھپىسى نېمە؟

1. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى — 1919 - يىلىدىكى «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن، 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 30 يىللىق ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەدەبىيات بوران - چاپقۇنلۇق «4 - ماي» خەلق ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنىدا بارلىققا كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئۇلۇغ كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ راۋاجلاندى ۋە زورايدى. شۇڭلاشقا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى — ئىنقىلابىيلىق چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق تارىختۇر.

2. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن «4 - ماي» دىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، يېتەكچى ئىدىيىسى بۇرژۇئازىيىچە ئىسلاھاتچىلىق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كونا دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. «4 - ماي» دىن كېيىن

جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلدى. يېتەكچى ئىدىيىسى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب نەزەرىيىسى بولدى. بۇ ئەدەبىيات پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات بولۇپ، كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىدۇر. بۇ ئەدەبىيات ئىنقىلاب ھەم سىياسىي بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، رېئال كۈرەش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى، غەلىبە قىلىشىدىن ئىبارەت جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولدى. دېمەك، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى روشەن يېڭى دېموكراتىزملىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەدەبىيات ھېسابلىنىدۇ.

3. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتى — پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ جېنى. بۇ ئەدەبىيات تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرغان «4 - ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدىلا كوممۇنىستىك ئىدىيەلەرنىڭ نۇرلىرىنى قوبۇل قىلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، ئىنقىلابنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ ئەدەبىيات جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا زىچ ماسلاشتى. ئۇلارنىڭ كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

4. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى — لۇشۈن ۋەكىللىكىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن گومورو ۋەكىللىكىدىكى ئاكتىپ رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

5. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ: 1919 - يىلىدىكى «4 - ماي»

ھەرىكىتىدىن 1927 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ باسقۇچتا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى، تەرەققىي قىلدى. كونا جۇڭگونىڭ زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئېچىپ بەردى. خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

بۇ باسقۇچتىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەدىبلەر ۋە ئەسەر-لەر — ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى»، «كۆك يىجى»، «دورا»، «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئېپىك ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم فېليەتون، نەسرىي شېئىرلىرى، (بۇ ئەسەرلەر «تېڭىرقاش»، «چۇقان» تومىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن.) گومورو ۋە ئۇنىڭ «ئىلاھىيە» شېئىرلار توپلىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى زور بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ مەزگىلدە ماۋدۇن، يې شېڭتاۋ، ۋېن يىدۇ، جۇ زىچىڭ، بىڭ شىن قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مەزگىلدە ئىلغار ئەدىبلەر «ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى»، «ئىجادىيەت تەھرىراتى»، «گۈلىستان تەھرىراتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇردى. «ھېكايە ئايلىق گېزىتى»، «تىل رىشتىسى»، «يېڭى ئېقىم»، «ئىجادىيەت» ئايلىق ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1927 - يىلدىن 1937 - يىلىغىچە بولۇپ، ئۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى «ئوڭ ئاغمىچىلىق» قا قارشى كۈرەش قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ «ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈردى ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خەلقنى ئويغاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1930 - يىلى 3 - ئايدا ئىلغار ئەدىبلەردىن تەشكىل تاپقان، لۇشۈن ۋەكىللىكىدىكى «سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى»

گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلار بۇ ئىتتىپاققا كىرگەن ئەدىبلەر-نىڭ نەشىر ئەپكارلىرى بولدى. بۇ مەزگىلدە لۇشۈن نۇرغۇن فېليەتونلارنى يازدى. بۇلار كېيىن «ئالا كۆڭۈل توپلىمى»، «شالغۇت مۇقاملار»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «كۈنۈس بوتكىسى فېليەتونلىرى»، «كۈنۈس بوتكىسى فېليەتونلىرىنىڭ 2 - توپلىمى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەزگىلدە جۇ چيۇبەي نۇرغۇن نەسىر، فېليەتونلارنى يازدى. ماۋدۇننىڭ «تۇن يانغاندا» رومانى، «لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى»، «باھار پىلىسى» پوۋېستلىرى، يې شېڭتاۋنىڭ «نى خۇەنجى»، باجىننىڭ «ئائىلە»، لاۋ شېنىڭ «شياڭزى تۆگە» رومانلىرى، ساۋ يۈيىنىڭ «گۈلدۈرماما»، «كۈن چىقتى» درامىلىرى بۇ مەزگىلدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەزگىلدە يىن فۇ، زاڭ كېجيا، ئەي چىڭ قاتارلىق بىر بۆلۈك ياش شائىرلارمۇ يېتىشىپ چىقتى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1937 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى «ئۈچ چوڭ تاغ»قا قارشى كۈرەشنىڭ ئۈزۈل - كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. نۇرغۇن يازغۇچىلار ئازاد رايونلارغا باردى. دىڭ لىڭنىڭ «مەن شياسۈن يېزىسىدىكى چېغىمدا»، «ھەربىي سەپكە كىرىش»، خې چىفاڭنىڭ «كېچە ناخشىسى» قاتارلىق ئوچېرك، ھېكايىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى زور بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، ۋەزىيەت-نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 1942 - يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىشچى - دېھقان،

ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ مەزگىلدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن يازغۇچى - شائىرلار، ئەسەرلەردىن: جاۋ شۇلىنىڭ «شياۋ ئېرخېينىڭ تويى»، «لى يۈسەي قوشاقلىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، دىڭ لىڭنىڭ «قۇياش نۇرى ساڭگەن دەرياسىغا نۇر چاچماقتا»، جۇ لىبونىڭ «بوران - چاپقۇن». ماۋدۈننىڭ «چىرىكلىشىش» رومانلىرى، خې جىڭجىنىڭ «ئاق چاچلىق قىز» دراممىسى، گومورونىڭ «چۈيۈەن» تارىخىي دراممىسى، ساۋمىڭنىڭ «ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ»، لىيۇ بەيۈنىڭ «ئالدى تەرەپتىكى ئوت يورۇقى»، جاڭ تيەنيىنىڭ «خۇا ۋېي ئەپەندى»، شادىڭنىڭ «پۇراقلىق چاي چايخانىسىدا»، چىن بەيچېننىڭ «ئەمەلدارلىققا كۆتۈرۈلۈش پىلانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى زور بولدى.

6. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تۈھپىسى:

① جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى — پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا يەنى «ئۈچ چوڭ تاغ»قا قارشى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. جۇڭگو ئىنقىلابىغا ياردەم بەردى، خەلقنى ئويغاتتى، كۈرەش قىلىشىغا ئىلھام بەردى. پرولېتارىياتنىڭ يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى؛

② ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەھەتتە — ھەرقايسى ژانىرلاردا بولۇپمۇ شېئىر، نەسرىي ئەسەرلەر، ھېكايە، رومانلار، سەھنە ئەسەرلىرى ژانىرلىرىدا كلاسسىكلارنىڭ ئىلغار ئىجادىيەت ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ يېڭى نەمۇنىلىرىنى ياراتتى. ھەرقايسى باسقۇچلاردا جانلىق، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، رېئاللىق يارقىن سۈرەتلەنگەن كۆپلىگەن پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلدى. تىل جەھەتتە ئىجادىيەتچىلەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئاممىباپ، جانلىق تىلىنى قوللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەندۈردى.

# تولۇق ئوتتۇرا ئۈچىنچى يىللىق 6 - قىسىم ئەدەبىيات كىتابىدىن

**چۇ يۈەن ۋە ئۇنىڭ «جۇدالىق زارى» داستانىدىن بېرىلگەن پارچە ھەققىدە**

1. چۇ يۈەن كىم؟ قاچان تۇغۇلغان؟ ئۇ ياشىغان دەۋر قانداق دەۋر ئىدى؟ ئۇ قانداق تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتنى تەشەببۇس قىلغان؟ 2. قانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان؟ ئۇ قاچان، نېمە سەۋەبتىن ۋاپات بولغان؟ 3. چۇ يۈەن ئىجادىيىتىگە تەسىر قىلغان ئامىللار نېمە؟ ئۇنىڭ ھازىر قانداق ئەسەرلىرى بار؟ 4. «جۇدالىق زارى» داستانىدىن دەرسلىككە بېرىلگەن پارچىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

1. چۇ يۈەن — مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلۇغ شائىرى. ئىسمى پىڭ، تەخەللۇسى يۈەن، يەنە جېڭزى دېگەن ئىسىم، لىڭجۈن دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئىشلەتكەن. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 340 - يىلى جەنگو دەۋرىدە چۇ بەگلىكىدە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدىلا ئاقسۆڭەكلەر مەدەنىيىتىدىن چوڭقۇر تەربىيە ئالغان. ياش ۋاقىتلىرىدا چۇ بەگلىكىدە خۇەيۋاڭغا زوتۇ (سول قول ۋەزىر دەرىجىلىك ئەمەل) بولۇپ، سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلار لايىھىسىنى يېزىش ئارقىلىق خۇەيۋاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان. چۇ يۈەن ياشىغان دەۋر

ئىنتايىن كەسكىن بولغان جەنگونىڭ ئاخىرقى دەۋرى ئىدى.
زوراۋان چىن بەگلىكى باشقا بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىش قەستى-
دە ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغىغان. چىن بەگلىكىنىڭ مۇنداق
تاجاۋۇزچىلىقى ئاستىدا چۇ بەگلىكى ناھايىتى چوڭ تەھدىتكە
ئۇچرىغان. ئەنە شۇنداق رىئاللىققا قارىتا چۇ يۈەن ئىچكى جەھەت-
تە دانىشمەن ئادەملەرنى ئىشقا قويۇپ، تەرەققىيپەرۋەر سىياسەت
قوللىنىش، تاشقى جەھەتتە شەرقتە چى بەگلىكى بىلەن
ئىتتىپاقلىشىپ، غەربتە چىن بەگلىكىگە قارشى تۇرۇشنى تە-
شەببۇس قىلغان. 2. چۇ بەگلىكىگە پايدىلىق بولغان بۇ تە-
شەببۇس ئەكسىيەتچىل ئاقسۆڭەكلەردىن زى لەن ۋە جىن شاڭ
باشچىلىقىدىكى چىن بەگلىكى تەرەپدارلىرىنىڭ قارشىلىقىغا
ئۇچرىغان. ئۇلار چۇ يۈەنگە تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى خۈەيۋاڭغا
چېقىشتۇرغان. خۈەيۋاڭ بۇ پەسكەش ئەمەلدارلارنىڭ گېپىگە
ئىشىنىپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان، چىڭ شياڭۋاڭ ھاكى-
مىيەت ئۈستىدىكى ۋاقتىدا، چۇ يۈەن يەنە بىرقېتىم يالاق-
چىلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ
جەنۇبىي تەرىپىگە سۈرگۈن قىلىنغان. چۇخۈەيۋاڭ ۋە ئوغلى
چىڭ شياڭۋاڭلارنىڭ ھەممىسى كاللىسى ئايلىنىپ قالغان قا-
بىلىيەتسىزلەر بولۇپ، ئىنتايىن چىرىكلەشكەچكە چۇ بەگلىكى
بىلەن قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا قاتتىق مەغلۇ-
بىيەتكە ئۇچرىغانىدى. شۇڭلاشقا ئەسلىدە كۈچلۈك بولغان چۇ-
بەگلىكى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتكەن. چۇ يۈەن
سۈرگۈن بولۇش جەريانىدا ئەل ۋەزىيىتىنىڭ بەكمۇ يامان
بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە خەلق ئۈستىدىكى بالايىئاپەتلەر-
نى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە سادىق بولغان سىياسىي غايىس-
نى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىغا قاتتىق ئاھ ئۇرغان، مەنىۋى
جەھەتتە كۈچلۈك ئازابلانغان. دائىم دەريا بويى، كۆل ياقى-

لىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان كۆپلىگەن ھەسرەتلىك شېئىرلارنى يازغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 278 - يىلى چىن بەگلىكىنىڭ بىر قوماندانى بەي چى چۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، چۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى يىڭدۇنى ۋەيران قىلغان. بۇ چاغدا چۇ يۈەننىڭ غەزىپى ئاخىرقى چەككە يەتكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا شۇ يىلى كونا يىل ھېسابى بويىچە 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىلۇجياڭ دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان.

3. چۇ يۈەنگە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئىنتايىن چوڭ تەسىر قىلغان. ئۇ خەلق ئىچىدىكى سەنئەتلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆگەنگەن ۋە ئۆزلەشتۈرگەن، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدىكى قىممەتلىك ئوزۇقلار بىلەن ئۆز ئىجادىيىتىنى بېيىتقان. چۇ يۈەن ئەسەرلىرىدىن «جۇدالىق زارى»، «توققۇز نەغمە» (11 پارچە)، «تەڭرىگە سوئال»، «توققۇز نەزىم» (توققۇز پارچە) قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ئەسەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

4. «جۇدالىق زارى» داستانى ئېلىمىز كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ ئۇزۇن لىرىك داستان بولۇپ، جەمئىي 375 مىسرادىن تەركىب تاپقان. رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان. داستاندىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ پارچىدا شائىرنىڭ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقى، مۇشۇ مەقسەت يولىدا ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ۋاڭ - پادىشاھلارنىڭ نومۇسسىزلىقى ۋە گۇمانخورلۇقى، ئىستىداتلىق - قابىل ئادەملەرنىڭ زەربىگە ئۇچراپ نابۇت بولۇۋاتقانلىقىدىن ھەسرەتلىنىدىغانلىقى، شائىر ئۆزىنىڭ دانىشمەنلەرنى ئۈلگە قىلىپ، چاكىنىلار بىلەن ھەرگىز بىر ئېقىمدا بولمايدىغانلىقى. ئۆزىنىڭ قەبىھ كۈچلەر ئالدىدا ھەر-

كىمىز تەۋرەنمەيدىغانلىقى... قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن.

## لى بەي ۋە ئۇنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ئىككى شېئىرى ھەققىدە

1. لى بەي كىم؟ قاچان، قانداق ئائىلىدە تۇغۇلغان؟ بالىلىق ۋاقتىدا نېمىلەرنى ئۆگەنگەن؟ ياشلىقىدا قانداق شېئىرلارنى يازغان؟ 2. ئۇ نېمە ئۈچۈن ساياھەتكە ئاتلانغان؟ نېمە ئۈچۈن چاڭئەندىن سىقىپ چىقىرىلغان؟ ئۈچ يىللىق چاڭئەن ھاياتى ئۇنىڭغا نېمىنى تونۇتقان ۋە قانداق شېئىرلار-نى يازغان؟ 3. لى بەي چاڭئەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن قەيەر-لەرنى ساياھەت قىلغان؟ ساياھەت جەريانىدا كىم بىلەن ئۇچراشقان؟ بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ 4. لى بەي نېمە ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنىدى؟ بۇ چاغدا ئۇ نەچچە ياشتا ئىدى؟ ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى قانداق شارائىتتا ئۆتكۈزدى؟ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولدى؟ 5. «مىڭ خاۋرەن-نى كۆۋكىلىكىغا ئۇزىتىش» دېگەن شېئىردا شائىر ئۆز ھېسسىياتى-نى قانداق كونكرېت تەسۋىرلىگەن؟ 6. «ھەزرىتى چاۋخېڭغا مەر-سىيە» دە شائىرنىڭ قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىپادە قىلىنغان؟ چاۋخېڭنى نېمىگە ئوخشاتقان؟ ئۇلۇم مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن قايغۇنى قانداق تەسۋىرلىگەن؟

1. لى بەي تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ رومانتىك شائىر. تەخەللۇسى تەي بەي. ئۇنىڭ ئەجدادى ئەسلى لۇڭشى (ھازىرقى گەنسۇ) نىڭ چىڭجى (ھازىرقى تيەنشۈي) ئەتراپىدىن بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇنىڭ ئائىلى-سى غەربىي رايونغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇ 701 - يىلى

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سۈيئاپ شەھىرىدە بىرقەدەر
ھاللىق سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تەخمىنەن بەش
ياش ۋاقتىدا ئائىلىسى بىلەن بىللە سىچۈەنگە كۆچۈپ بارغان
ھەمدە شۇ يەردە چوڭ بولغان. باللىق ۋاقتىدا كۇڭزى، مېڭ-
زىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى، ھەربىر گۇرۇھ ۋە ئېقىم-
لارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن، قىلىچۋازلىققا ئالاھىدە ئىش-
تىياق باغلىغان. 20 ياشتىن 25 يېشىغىچە ئۆز يۇرتىنىڭ
تاغ - دەريالىرىغا ۋە داڭلىق جايلىرىغا مۇھەببەت باغلاپ،
گۈزەل تاغ - دەريالارنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلار-
نى يازغان.

2. لى بەي 25 ياشقا تولغان يىلى كۈزدە ئائىلىسىدىن
ئايرىلىپ، «خەلقلەرنى قۇتقۇلدۇرۇش»، «خەلقلەرنى خاتىرجەم-
لەندۇرۇش» تەك ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ
ساياھەتكە ئاتلانغان ۋە ئەنلۇ (خۇبېي ئۆلكىسىدە) ناھىيىسىنى
مەركەز قىلىپ ساياھەت قىلغان، نۇرغۇن شېئىرلارنى
يازغان ۋە مەشھۇر شائىر بولۇپ تونۇلغان. 742 -
يىلى پادىشاھ لى لۇڭجى (شۈەنزۇڭ خان) ئۇنى پايتەخت چاڭ-
ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئوردا مىرزىخانىسىغا باش مىرزا قىلماقچى
بولغان. لى بەي ھۆكۈمران ئاقسۆڭەكلەرنى مەنسىتمەسلىك ۋە
ئەركىنلىكنى جان - دىل بىلەن سۆيۈش روھىغا ئىگە بول-
غاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەي ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زەربىسىگە
ئۇچراپ چاڭئەندىن سىقىپ چىقىرىلغان. ئۈچ يىللىق چاڭئەن
ھاياتى لى بەينى ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكىگە نىسبەتەن
دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ قاراڭغۇلۇقنى،
زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقنى پاش قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭغا زەربە
بەرگۈچى نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان.

3. لى بەي چاڭئەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنە لياڭيۈەن
(خېنەن ئۆلكىسى شياڭيۇ ناھىيىسى) نى مەركەز قىلغان ھالدا

قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولغان. بۇ ساياھەت ئون يىل داۋاملاشقان. 744 - يىلى لويانگدا ئۇلۇغ رىئالىست شائىر دۇفۇ بىلەن تونۇشۇپ، دوستلۇق ئورناتقان. بۇ مەزگىل ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان مەزگىل بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ئۇنىڭ رىئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئۇ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقتىن، ئەلەم - ھەسرەت ئىچىدە ئۆز ھېسسىياتىنى تاغ - دەريالارغا بېغىشلىغان. كېيىن ئۆلىمالارنى زىيارەت قىلىش تۇرمۇشى ئىچىگە غەرق بولغان ۋە پەرىزاتلار ھەققىدە كۆپ شېئىرلارنى يازغان.

4. 755 - يىلى ئەنلۇشەن - شى سىمىڭ توپىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە لى بەي شۈەنچېڭدا ساياھەتتە ئىدى. 756 - يىلى يۇڭۋاڭ لى لىن خۇلۇقلارنى يوقىتىپ، دۆشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن چاقىرىق چىقارغان. لى بەي بۇ چاقىرىقنى ئاڭلاپ، يۇڭۋاڭنىڭ ئارمىيىسىگە كىرىپ مۇشاۋۇر بولغان. لى لىننىڭ ئاكىسى لى خېڭ (سۇزۇڭ خان) ئىنىسىنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىپ كېتىپ، ئۆزىدىن خانلىق تالىشىشىدىن قورقۇپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ لى لىننى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. لى بەيمۇ بۇنىڭ كاساپىتىگە ئۇچراپ، 758 - يىلى يېلاڭ (گۈيجۇ ئۆلكىسى نۇڭزى ناھىيىسى) غا سۈرگۈن قىلىنغان، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى 60 لارغا يېقىنلاشقانىدى.

759 - يىلى باھاردا، لى بەي سۈرگۈندە كېتىۋاتقاندا يېرىم يولدا كەچۈرۈمگە ۋە كەڭچىلىككە ئېرىشىپ، داڭتۇ (ئەنخۇي ئۆلكىسىدە) غا قايتىپ كەلگەن. نامراتلىق، غېرىپ - مىسكىنلىك ئىچىدە 762 - يىلى ئەن

بولغان.

لى بەي ئۆز ھاياتىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر مىراس قالدۇرغان. ھازىر ئۇنىڭ «لى تەيبەي شېئىرلار توپلىمى» ساقلانماقتا.

5. شائىر «مېڭ خاۋرەننى گۇاڭلىڭغا ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتۈپ مۇستەھكەم دوستلۇق ئورناتقان قەدىناس دوستىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە بۇ دوستى بىلەن ئايرىلغان ۋاقتى، ئايرىلغان ئورنى ۋە دوستىنىڭ بارىدىغان جايى قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى ئىككى مىسرادا شائىر يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆز ئالدىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسى ئىچىگە قەدىناس دوستى چۈشكەن قولۋاقنىڭ تاكى ئۇپۇق سىزىقىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكۈچە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئوبرازىنى سىزىپ، قەدىناس دوستىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان، ئايرىلغاندىن كېيىن بولسا ھەسرەتكە چۆككەن روھىي ھالىتىنى قوش مەنىلىك مىسرالار ئىچىدە ئىخچام، ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

«ھەزرىتى چاۋخېڭغا مەرسىيە» ناملىق شېئىردا شائىرنىڭ چاۋخېڭغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تەزىيىسى ئىپادىلەنگەن. شائىر چاۋ خېڭنى «ئېسىل گۆھەر» دېگەن مېتافورا ئارقىلىق ئۇنىڭ پەزىلىتى، بىلىمى، قىممىتىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن كەلگەن قايغۇنى «جاھاننى قايغۇ قاپلاپ» دېگەن مۇبالىغە ۋە «ئاق بۇلۇتتىن كىيدى بۆك ساڭۇۋ تېغىمۇ بېشىغا» دېگەن جانلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنى، ئورنىنى، ماتەم - قايغۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلىگەن.

سىماچيەن ۋە ئۇنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ئەسىرى ھەققىدە.

1. سىماچيەن كىم؟ قاچان، قانداق ئائىلىدە تۇغۇلغان؟ بالىلىق دەۋرى قانداق ئۆتكەن؟ ئاتىسى قانداق ئادەم ئىدى؟ ئۇ سىماچيەنگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ 2. سىماچيەن ئاتىسى بىلەن چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن كىمنىڭ قولىدا ئوقۇدى؟ نېمىلەرنى ئۆگەندى؟ 3. سىماچيەن 20 يېشىدىن باشلاپ قەيەرلەرنى ساياھەت قىلدى؟ نېمىلەرنى كۆردى ۋە ئۆگەندى؟ بۇ ساياھەت جەريانىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئۇنىڭغا قانداق ئاساس سېلىپ بەردى؟ 4. سىماچيەن نېمە ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى؟ ئۇ بۇنىڭدىن نېمىنى چۈشەندى؟ سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىنى يېزىشنى قاچان باشلاپ، قاچان تاماملىدى؟ بۇ ئەسەر قانچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان؟ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟ بۇ ئەسەر قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟

1. سىماچيەن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس، ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 145 - ياكى 135 - يىللىرى شىياياڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ خەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي) دا تۇغۇلۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 86 - يىلى ۋاپات بولغان. تەخەللۇسى زىچاڭ. سىماچيەن بالىلىق چاغلىرىدا قوي، كالا باققان ھەمدە كۆچلۈك مەدەنىيەت تەربىيىسى ئالغان. ئاتىسى سىماتەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردا تارىخچىسى مەنسىپىدە بولغان، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ، سىماچيەنگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

2. سىماچىيەن ئاتىسى بىلەن چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن، كۆڭزى مەكتىپىنىڭ كاتتا ئالىمى كۇڭ ئەنگونىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇ، چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر ۋە چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. كۆڭزىچىلار ئېقىمىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن. شۇڭا كېيىن يېزىپ چىققان «تارىخىي خاتىرىلەر»گە كۆڭزىنىڭ تەرجىمىھالىنى بەگزادە - ۋاڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى يېزىلغان قىسمىغا كىرگۈزۈپ، باشقا ئالىم - ئۆلىمالاردىن ئايرىمچە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويغان.

3. سىماچىيەن 20 يېشىدىن باشلاپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ساياھەت قىلغان. ئورپاق بەگ (پەرمانچى بەگ، ئوردا نۆكەر بېشى دېگەن مەنىلەردە) بولغان ۋاقتىدا، خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ھەرقايسى جايلارنى ئايلانغان. يىراق غەربىي چېگرىدىكى جايلارغىمۇ بارغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ساياھەتلىرى ھەرخىل سىنىپ، تەبىقىلەردىكى خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىنى، مۇڭ - زارلىرىنى، تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى، ئارزۇ - ئۈمىد ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىشىگە، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بۇ ساياھەت جەريانىدا كۆپلىگەن جايلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مول تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ يادىكارلىقلىرىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ يەنە نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرۈپ، قەدىمكى دەۋرلەردىكى نەسرىي ئەسەرلەردىن مول بىلىم ئالغان. بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭ كېيىنكى ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا يۈكسەك دەرىجىدە خەلقچىللىققا ئىگە بولغان «تارىخىي خاتىرىلەر» ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشىغا پۇختا ئاساس سالغان.

4. سىماچيەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 108 - يىلى (38 يې‍شىدا) دادىسىنىڭ ئورنىدا تارىخچىسى مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ خانلىق كۇتۇپخانىسىنى باشقۇرۇشنى ئۆز قولىغا ئالغان. 42 يېشىدا دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىشقا باشلىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 99 - يىلى (47 يېشىدا) هونلارغا تەسلىم بولغان لى لىڭنى ئاقلىغانلىقى ئۈچۈن، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ زىندانغا تاشلىنىپ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاب تارتقان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ فېئودال هۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋۇزلۇقىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى كۈچەيگەن. زىنداندىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ بار كۈچى بىلەن يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ، ئاخىرى 53 يېشىدا شانلىق ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر» كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن.

«تارىخىي خاتىرىلەر» جەمئىي 130 قىسىم بولۇپ (بەزى مەنبەلەردە بەش قىسىم 130 جىلد دېيىلگەن)، 12 پارچە شاهلار تەرجىمھالى، 30 پارچە بەگزادە - ۋاڭلارنىڭ تەرجىمھالى، 70 پارچە ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەرجىمھالى، 10 پارچە شاهلار نەسىل - نەسەبنامىسى، سەككىز پارچە خاتىرىگە بۆلۈنىدۇ. جەمئىي 526 مىڭ خەتتىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. بۇ كىتاب مەملىكىتىمىزنىڭ تەرجىمھال شەكلىدە يېزىلغان تۇنجى تارىخ كىتابى بولۇپ، ئۇ خۇاڭدىدىن تارتىپ خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىگە قەدەر 3000 يىللىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەرەققىيات جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەپ بېرىدۇ.

## «كىچە» ھېكايىسى ھەققىدە

1. «كىچە» ھېكايىسىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشانغان ئايالنىڭ ھەسرىتى ۋە قورقۇنچاقلىقى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ ياشانغان ئايالنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھەسرەتلىنىشتىن غەزەپلىنىشكە، قورقۇنچاقلىقتىن باتۇرلۇققا ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولغان ئاچقۇچ قايسى؟ 2. ھېكايىدە تىلغا ئېلىنغان خەتتىن قۇربان بولغان ئىككى ياشنىڭ قانداق ئىدىيىۋى پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟ 3. دانەن ئوبرازىنى تەسۋىرلەش مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە قانداق رول ئوينايدۇ؟ 4. ھېكايىگە «كىچە» دەپ ماۋزۇ قويۇش قانداق سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە؟

1· يې شېڭتاۋ (1894 — 1987) نىڭ «كىچە» ناملىق بۇ ھېكايىسى (1927) رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان، 1927 - يىلىدىكى «ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن يېزىلغان مۇنەۋۋەر ھېكايىدۇر.

ئاپتور ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى ياشانغان ئايالنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەش جەريانىدا ھېكايىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىچكى كەچۈرمە (پسىخىك) تەسۋىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ياشانغان ئايالنىڭ روھىي ھالىتىنى تەپسىلىي سۈرەتلىگەن، يەنى ئۇنىڭ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە، نەۋرىسىگە ئەنسىزلىك بىلەن قارىشى، قۇربان بولغان قىزى ۋە كۈيئوغلىنىڭ خەۋىرىنى بىلىشكە ئىنتىزار بولغان بىئاراملىقى، چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ كۆزىگە لەختە - لەختە قان كۆرۈنگەندەك بولۇشى. قول - پۇتىغا كويزا - كىشەن سېلىنغان ئادەملەرنىڭ سىماسى. خۇددى بىراۋ ئۆزى بىلەن

قاتارلىقلارنى تەپسىلىي يېزىش ئارقىلىق، ياشانغان ئايالنىڭ ھەسرىتى ۋە قورقۇشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ مانا مۇشۇنداق تېررور-لۇق مۇھىت ئىچىدە ھەسرەتلىنىشتىن غەزەپلىنىشكە، قورقۇن-چاقلىقتىن باتۇرلۇققا قاراپ ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ھەتتا قۇربى يەتسە قىزى بىلەن كۈيئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلەردىن ئىنتىقام ئالغۇسى كېلىدۇ. ئاندىن باتۇرلۇق بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇستىگە ئېلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە بۇنداق بۇرۇلۇش بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىل قىزى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت ئەينى دەۋردىكى تېررورلۇق ئىجتىمائىي مۇھىتتۇر.

2. ھېكايىدە تىلغا ئېلىنغان خەتتىن ۋە ياشانغان ئايال-نىڭ، گۇندىپاينىڭ سۆزلىرىدىن، قۇربان بولغان ئىككى ياش-نىڭ خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئۈمىدۋار، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھقا ئىگە ئىنقىلابچىلار ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

3. ھېكايىدە دانەن ئوبرازىنىڭ تەسۋىرلىنىشى ھېكايىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىدە تەسۋىرلەنگەن ئەسەر باش قەھرىمانى ياشانغان ئايال بىلەن يوشۇرۇن لىنىيىدە تەسۋىرلەنگەن ئىككى ياشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چەمبەرچاس باغلاپ، ياشانغان ئايال-نىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئىچىپ بېرىش رولىنى ئوينىغان. يەنە بىر تەرەپتىن 1927 ـ يىلى «ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يولغا قويغان زۇلمەتلىك سىياسىي مۇھىتتا ئەنە شۇ ياشانغان ئايالدەك كىشىلەرنىڭمۇ تېگىرقاپ، قورقۇپ يۈرۈشتىن تەدرى-جىي ئويغىنىشقا باشلىغانلىقى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىسسىق قېنى كېيىنكىلەرنى ئويغىتىۋاتقانلىقى، ئاتا ـ ئانا بالىغا. بالا ئاتا ـ ئانىغا تەشنا بولسىمۇ، ئىنقىلاب مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۇلۇغ

مۇھىم رول ئوينىغان.

4. ئاپتور ھېكايىگە «كېچە» دەپ ماۋزۇ قويۇش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن جياڭ جيېشى يۈرگۈزگەن 1927 - يىلىدىكى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى جۇڭگودىكى سىياسىي سەھنىسىدە بارلىققا كەلگەن مۇدھىش، زۇلمەتلىك رېئاللىقنى سىمۋوللۇق تۈستە سۈرەتلەپ بەرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھېكايە ۋەقەلىكى يەنى ياشىغان ئايالنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئەنە شۇ زۇلمەتلىك كونا جۇڭگودا مەلۇم بىر كېچىدە يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بۇ ماۋزۇنى قويغان.

## XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتى ھەققىدە

1. XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتى نېمىدىن ئىبارەت؟ 2. XIX ئەسىردىكى رۇس ئەدەبىياتى قانداق ئەدەبىيات؟ 3. XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى كىملەر؟

1. XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتى:
① XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتى ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا زىچ باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە مۇكەممەل ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى قانۇنىي ھالدا داۋام ئەتكۈزدى. مەسىلەن، XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان پۇشكىن، لېرمونتوف، گوگول، لېۋ. تولستوي، چېخوپ... قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلار رۇس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى خەلق ماقال - تەمسىللىرى، خەلق قوشاقلىرى، ھېكايە - چۆچەكلىرى، ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز ئەسەر-

لار ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كلاسسىك (يازما) ئەدەبىياتـ
نىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان لومونوسوپ
(1711 — 1765)، دىرژاۋىن (1743 — 1816)، فونۋىزىن
(1745 — 1792)، ئالېكساندىر نىكولايېۋىچ راشىشىپ
(1748 — 1802) قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ
ئىلغار ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يېڭى
مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى؛ ② XIX ئەسىر
رۇس ئەدەبىياتى خەلق تۇرمۇشى، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىـ
كەتلىرى ۋە خىلمۇخىل كۈرەشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان
ھەم كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئەدەـ
بىيات؛ ③ XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتى رېئالىزم بىلەن
رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپـ
قان، ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەدەبىياتتۇر.

2. XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتى دۇنيا بويىچە ئەڭ تەرەققىي قىلغان، دۇنياۋى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان، رېئالىزم بىلەن رومانتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەدەبىياتتۇر.

3. XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى: ئا. س. پۇشكىن، م. ي. لېرمونتوف، ن. ۋ. گوگول، ۋ. گ. بېلىنسكىي، ن. س. تۇرگېنېۋ، لېۋ. تولستوي، ئا. پ. چېخوپ، نېكراسوپ، ئا. ن. ئوستروۋسكىي، ن. ئا. دوبرولىيۇبوف، چېرنىشۋىسكى، دوستويېۋسكىي قاتارلىق يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ۋە ئاساسچىلىرىدۇر.

## پۇشكىن ۋە ئۇنىڭ «سىبىرگە خەت» شېئىرى ھەققىدە

1. پۇشكىن كىم؟ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ كىچىكىدە نېمىگە ھەۋەس قىلغان؟ ئىنىكئانىسى ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ئۆگەتكەن؟ بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ ئۇ مەكتەپتە قانداق ئوقۇغان؟ شېئىر يېزىشنى قاچان باشلىغان؟ نېمىلەرنى تەتقىق قىلغان؟ قانداق توسالغۇلارغا ئۇچرىغان؟ 2. پۇشكىننىڭ ئىمتىھاندا ئوقۇغان شېئىرى دېرژاۋىنغا قانداق تەسىر قىلغان؟ دېرژاۋىن پۇشكىنغا قانداق باھا بەرگەن؟ 3. پۇشكىننىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتى قاچان باشلانغان؟ پادىشاھ ئۇنى نېمە سەۋەبتىن، نەگە سۈرگۈن قىلغان؟ نېمە ئۈچۈن نازارەت ئاستىغا ئالغان؟ بۇ مەزگىللەردە ئۇ قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟ 4. پۇشكىن قاچان، نېمە سەۋەبتىن ۋاپات بولغان؟ ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى قايسى ئەسىرى ئارقىلىق يەكۈنلىگەن؟ 5. پۇشكىننىڭ روسىيە ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى قانداق؟ 6. شائىر «سىبىر تۇتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» ناملىق شېئىردا ئىنقىلابچىلارنى قانداق مەدھىيىلىگەن؟ ئۇلارنى نېمىگە ئۈندىگەن؟ 7. شائىر بۇ شېئىردا ئىنقىلابچىلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى قانداق ئىپادىلىگەن؟ 8. شائىر ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشىغا نىسبەتەن قانداق ئىشەنچىدە بولىدۇ؟

1. ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن روسىيىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى، روسىيە يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ، روسىيە رېئالىزمىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ 1799 - يىلى 6 - ئىيۇن موسكۋادا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى سېرگېي لىۋاۋىچ پۇشكىن خىزمەتتىن

بولغاچقا نۇرغۇن كىتابلارنى يىغقانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاغىسى ۋاسىلى لىۋاۋىچ ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى داڭلىق ئەربابلار دائىم پۇشكىننىڭ ئائىلىسىدە مېھمان بولۇپ تۇراتتى. ئانىسى نادېژدا ئوسىپوۋنا بىر گېنېرالنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە ياشىسىمۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا مالايلار بىلەن يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە ئائىلىسىنىڭ مۇشۇنداق مەدەنىيەت شارائىتى ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى بىلەن تەمىن ئەتكەندى. ئۇنى ئارىنا رادىئونوۋنا ئىسىملىك ئىنىكئانىسى ۋە مارىيە ئالېكسېيېۋنا دېگەن مومىسى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان بولۇپ، ئىنىكئانىسى ئۇنى دائىم شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرگەچكە، پۇشكىن كىچىك چېغىدىلا كۆپ تۇرمۇش تەسىراتلىرى، بىلىملەرگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇشكىننى ئۆز سۈتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ ئايال رۇس ھېكايە - چۆچەكلىرى، ماقال - تەمسىل، قوشاقلىرىغا باي بولۇپ، پۇشكىنغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەچكە. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشقان ۋە ئۆزى يادلىۋالغان خەلق قوشاقلىرىغا تەقلىد قىلىپ شېئىر يېزىشنى دوراشقا باشلىغان. ئۇ كۆپلىگەن خەلق چۆچەكلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا يازغان «بېلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك». «ئالتۇن خوراز» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان شېئىرىي چۆچەكلەر ئىنىكئانىسىنىڭ ئاشۇ چاغدا سالغان ئاساسىنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىلغان. دېمەك، مۇشۇنداق مۇھىتنىڭ ۋە يېتەكلەشنىڭ تەسىرى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پۇشكىن بالا چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەقىل - پاراسەتلىك، زېرەك بولۇپ

يېتىلگەن ۋە يەتتە - سەككىز يېشىدىن باشلاپلا شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە 12 يېشىغىچە ئانىسىدە فرانسۇز تىلى ئۆگەنگەن.

1811 - يىلى يازدا، پۇشكىن 12 يېشىدا لىتسېي (پادىشاھ يېزىسىدىكى بىلىم يۇرتى) غا ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپتە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تېز ئىلگىرىلىگەن ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئوقۇتقۇچى ئىۋان پۇشچىن بىلەن تونۇشقان. ئىجادىيىتى رەسمىي باشلانغان. 1812 - يىلىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشى پۇتۇن رۇس خەلقى بىلەن بىر قاتاردا پۇشكىننىڭ قەلبىدىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئويغاتقان. دەسلەپكى شېئىرلىرى مەكتەپنىڭ قولىيازمىلىرىدا ئېلان قىلىنغان. پۇشكىن بۇ قىسقا شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى ناتوغرا ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلغاچقا، مەكتەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قېلىپ، بىرنەچچە قېتىملىق ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، توسالغۇلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئۆگەنگەن.

2. 1815 - يىلىدىكى رۇس تىلى ئىمتىھانىدا پۇشكىن «پادىشاھنىڭ قىشلىق سارىيىدىن خاتىرىلەر» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغاندا، ئىمتىھانغا قاتناشقان مەشھۇر شائىر دېرژاۋىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «مەن ئۆلمەيمەن دەپ يۈرەتتىم، راست ئۆلمەيدىكەنمەن. مەن XIX ئەسىرنىڭ شائىرى بولۇپ نۇرغۇن مۇكاپاتلارنى ئېلىپ يۈرۈپتىمەن. ۋەھالەنكى، مەندىن ئارتۇق ئاشۇنداق شائىر بالا بارلىققا كەپتۇ» دەپ ئۇنىڭ تالانتى ۋە ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. بۇ شېئىردا XVIII ئەسىردىكى ۋەقەلەر مەركەزلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغانىدى.

3. پۇشكىن مەكتەپتە تۈزۈك بىلىم ئالالمىغان بولسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ، ئىزدىنىپ ئۆگەنگەن. دېكابىرىستلار بىلەن ئالاقە ئورناتقان. 1817 - يىلى مەكتەپنى

يستلەنگەن ۋە ئىنقىلابىي پائالىيىتى رەسمىي باشلانغان، پادى-
شاھلىق تۈزۈمگە قارشى شېئىرلارنى يېزىپ، ئىلغار ئىدىيىلەرنى
ئىلگىرى سۈرگەن. 1820 - يىلى «رۇسلان ۋە ليۇدمىلا» ناملىق
داستانىنى يېزىپ شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس مەخسۇس ئىجادى-
يەت ئۇسلۇبى ياراتقان. ئۇنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىدىن چۆچۈگەن
چارپادىشاھ ئۇنى خەتەرلىك ئادەم ھېسابلاپ، 1820 - يىلى
مايدا روسىيىنىڭ جەنۇبىغا — كاۋكازغا سۈرگۈن قىلغان.
1820 - يىلىدىن 1824 - يىلىغىچە كاۋكاز، ئودېسسا، بىسارا-
بىيە قاتارلىق جايلاردا ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە بولغان. بۇ
مەزگىلدىمۇ دېكابىرىستلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلمىگەن.
1830 - يىلى 30 - ئىيۇلدا پۈشكىن سۈرگۈندىن قايتۇرۇپ
كېلىنىپ، خىزمەتتىن بوشىتىلىپ پسكو ئۆلكىسىنىڭ مىخايلو-
ۋىسكىي يېزىسىغا يەنى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېزىدىكى قورۇقىغا
بەند قىلىنىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتىدە بولۇشى-
بۇيرۇق قىلىغاچقا، ئۆلكە باشلىقىدىن تارتىپ ئىبادەتخانىدىكى
روھانىيلارغىچە ئۇنى نازارەت قىلغان. دادىسىمۇ ئۇنى ھېچكىم
بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق ۋۇجۇدى
بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ «يېۋگېنىي - ئونېگىن» ناملىق
مەشھۇر شېئىرىي رومانىنى ۋە «بورىس گودۇنوپ» دراممىسىنى
يازغان. 1826 - يىلى سېنتەبىردە پادىشاھ نىكولاي I پۈش-
كىننى تېخىمۇ قاتتىق نەزەربەند قىلىش ئۈچۈن موسكۋاغا
چاقىرتىپ ئوردىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ مەزگىلدىمۇ
ئۇ دېكابىرىستلارنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى، جۈملىدىن
1827 - يىلى «سىبىر تۈتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» ناملىق شېئىرنى
يازغان. 1830 - يىلىدىن باشلاپ نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىگە
يۈزلىنىپ «كاپىتان قىزى» ناملىق تارىخىي رومانىنى، «دوبروۋىسكىي»

لىق قىسسەلەرنى يازغان.

4. پۇشكىن 1837 - يىلى 27 - يانۋار كۈنى رەقىبى دانتەس بىلەن ئېلىپ بارغان دۇئېلدا ئېغىر يارىلىنىپ 29 - يانۋار كۈنى ۋاپات بولغان. شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئەھمى-يىتىنى 1837 - يىلى يازغان ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى «ھەيكەل» شېئىرى ئارقىلىق يەكۈنلىگەن.

5. پۇشكىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بويىچە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى چوققىسىنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭدەك شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ھەرخىل ئەدەبىي ژانىرلىرىدا كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ 26 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ياراتقان ئەسەرلىرى مەيلى تۇرمۇش تەسۋىرى، خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىن بولسۇن، خەلقنىڭ غايىسى، مەنپەئىتى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەن. رۇس ئەدەبىياتىدا رېئالىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈپ، روسىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك بولۇپ قالغان. تىل جەھەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى «رۇس تىلىنىڭ بايلىقى» دەپ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

6. «سىبىر تۈتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» ناملىق شېئىر خاراكتېر جەھەتتىن سىياسىي لىرىكا بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن پارماق ۋەزىنىلىك مۇرەببە شېئىر شەكلىدە تەرجىمە قىلىنغان.

شائىر شېئىرنىڭ 1 -، 2 - كۇپلېتلىرىدا چار پادىشاھنىڭ زوراۋان ھاكىمىيىتىگە قارشى دېكابرىستلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ، سۈرگۈن قىلىنغان ئىنقىلابچىلار سىبىر كانلىرىدا جاپالىق، ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنغان بولسىمۇ. ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ئەسلا زايە كەتمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىيەتچىل تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، خەلقنى سائادەتكە ئىگە قىلىشتەك

كابىرىستلارنى ۋەتەننىڭ، خەلقىنىڭ غۇرۇرى، يۈكسەك غايىگە ئىگە، چىدامىلىق، جاسارەتلىك كىشىلەر دەپ مەدھىيىلىگەن ھەم ئۇلارنى كەلگۈسى ئازاد، ئەركىن زاماننىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىشكە، ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندىگەن.

7. شېئىرنىڭ 3 - كۇپلېتىدا شائىر — سىلەرگە بولغان دوستلۇق - مۇھەببىتىم، ھەققانىيەت نۇرى چاقناپ تۇرغان، ئەركىنلىكنى كۈيلىگۈچى ئاۋازىم، قاراڭغۇ - زۇلمەتنى يېرىپ سىلەرگە يېتىپ بارىدۇ، دەپ يېزىش ئارقىلىق ئىنقىلابچىلارغا بولغان مۇھەببىتى، ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى ئىپادىلىگەن.

8. شېئىرنىڭ 4 - كۇپلېتىدا شائىر — چارپادىشاھ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ۋە بۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى قوغداپ تۇرغان ئېغىر كىشەنلەر، قاراڭغۇ زىندانلارنىڭ مۇقەررەر ھالدا گۇمران بولىدىغانلىقى، ھاكىمىيەتنىڭ خەلق قولىغا ئۆتىدىغانلىقى، بۇ كۈنلەر كەلگەندە خەلق دېكابىرىستلاردىن ئىبارەت بۇ ئىنقىلابچىلارنى ئاشكارا ۋە ئەركىن ھالدا ئالقىشلايدىغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە نىسبەتەن تولۇپ - تاشقان ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئىپادىلىگەن.

### چېخوپ ۋە ئۇنىڭ «خامېلېئون» ھېكايىسى ھەققىدە

1. چېخوپ كىم؟ ئۇ قانداق دەۋردە ياشىغان؟ قاچان، قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن؟ قانداق ئۆگەنگەن ۋە ئىشلىگەن؟ 2. چېخوپنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن يۈكسىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئامىللار قايسى؟ بۇ مەزگىلدە ئۇ قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟ 3. «6 - پالاتا» قانداق ئەسەر؟ ئۇنىڭدا نېمە تەسۋىرلەنگەن؟ بۇ ئەسەر ياش لېنىنغا قانداق

تەسىر كۆرسەتكەن؟ 4. چېخوپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى قايسى؟ ئۇ قاچان ئېلان قىلىنغان؟ ئۇنىڭدا نېمە تەسۋىرلەنگەن؟ 5. چېخوپ قاچان ۋاپات بولغان؟ ئۇ قانداق پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىدى؟ 6. چېخوپ ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟ چېخوپ قانداق يازغۇچى؟ 7. «خامېلېئون» ھېكايىسىنىڭ ماۋزۇسى قانداق مەنىگە ئىگە؟ كۈچۈكنىڭ كىشىنى چىشلىۋالغانلىق ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئوچۇمېلوپنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ يازغۇچىنىڭ ئوچۇمېلوپنىڭ رەزىل قىياپىتىنى تەسۋىرلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى زۇلمەتلىك روسسىيە جەمئىيىتىنى پاش قىلىشتا قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟

1. ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوپ روسسىيىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى، ئاتاقلىق ھېكايە «پىرى» ۋە مۇنەۋۋەر دراماتورگى. ئۇ ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىللار روسسىيىدە يانچىلىق تۈزۈم يىمىرىلگەن، كاپىتالىزم تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، چار پادىشاھنىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىللىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى تەدرىجىي ئەۋج ئېلىۋاتقان دەۋر ئىدى. ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىل داۋامىدا 700 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە پوۋېست، 10 نەچچە سەھنە ئەسىرى يېزىپ، دەل مۇشۇ چوڭ داۋالغۇش، ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان روسسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىچ - باغرىنى يېرىپ كۆرسەتكەن.

چېخوپ 1860 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاگانروۋ شەھرىدە كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بوۋىسى ئازاد قىلىنغان يانچى، دادىسى كىچىك بىر دۇكاندار ئىدى. چېخوپ ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن كىچىكىدىن تارتىپلا پوكەيدە

ئالدامچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. چېخوپ ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپ قۇللارنى يېتىشتۈرىدىغان زاۋۇت بولۇپ، ئۇ يەردىكى كەيپىيات ئائىلىسىدىكىگە قارىغاندا ئادەمنىڭ نەپسىنى تېخىمۇ بوغاتتى. 1876 - يىلى چېخوپنىڭ دادىسى ۋەيران بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر موسكۋاغا كۆچۈپ كەتكەن. چېخوپ ئۆزى يالغۇز يۇرتىدا قېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان ھەم ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىق ئىشىنى قوشۇمچە ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. 1879 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1884 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، دوختۇرلۇق ۋە يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

2. چېخوپنىڭ ئەدىبىيە جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئامىللار: ① ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا مىشچانلارنىڭ نامراتلىق، ئاھانەت، ساختىلىق، چاكىنىلىقتەك ئادەتلىرىنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە ياشىغان، مانا بۇ ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش پاجىئەلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە ئەڭ ماھىر يازغۇچى قىلىپ تاۋلاپ چىققان؛ ② 1880 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چېخوپنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بارغان، ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ۋە ئاساسى تېمىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە كېڭەيگەن، جىددىيلەشكەن ۋە دېموكراتىيە خاھىشى تېخىمۇ ئايدىڭلاشقان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «ھەسرەت» (1885 - يىلى)، «پىغان» (1886 - يىلى)، «ۋانكا» (1886 - يىلى)، «ئۇخلىغۇسى كېلەتتى» (1888 - يىلى)، «بەخت» (1887 - يىلى)، «ئوتلاق» (1888 - يىلى) قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى يازغان؛ ③ 1890 - يىلى چېخوپ جىنايەتچىلەرنى پالايدىغان (ئەينى ۋاقىتتا چارپادىشاھقا قارشى ئىلغار كىشىلەرنى سۈرگۈن قىلىدىغان جازا لاگېرى) ساخالىن ئارىلىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. يازغۇچى

ھايۋان كەبى تۇرمۇشنى، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ قەبىھلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ساخالىن ئارىلىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلگەن. 1892 - يىلى ئۇ موسكۋادىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مىلىخوۋ شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن. بىر قاتار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنى ھەقسىز داۋالىغان، پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ئاچقان، ۋابا كېسەللىكىنى يوقىتىش ۋە كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ ھەر قاتلام كىشىلىرى بىلەن كەڭ ئۇچراشقان. 1890 - يىللاردىكى ئىنقىلابتىن ئۇ بوران - چاپقۇننىڭ كۈندىن - كۈنگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، رېئاللىقنى تونۇشى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ تېما دائىرىسى، ئاساسىي مەزمۇنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «6 - پالاتا»، (1892 - يىلى)، «تىنىمسىز ئايال» (1892 - يىلى)، «ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى» (1894 - يىلى)، «بويىندىكى ئاننا»، (1895 - يىلى) قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان.

3. «6 - پالاتا» چېخوپنىڭ مۇنەۋۋەر پوۋېستى، ئۇنىڭدا چەت ئۆلكىدىكى كىچىك بىر شەھەرنىڭ چاكىنا تۇرمۇشى، بولۇپمۇ «6 - پالاتا» دىكى ساراڭلارنىڭ ئاھۇ - زارى يېزىلغان. ئەسەردە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى چارپادىشاھنىڭ زۇلمەتلىك تۈزۈمى پاش قىلىنغان بولۇپ، كىتابخانلارغا چارپادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى روسىيىنىڭ چوڭ زىندان ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان. ئاپتور ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ سۆزى ئارقىلىق: «بىز تۆمۈر قەپەسكە سولاندۇق، ئازابلاندۇق، خارلاندۇق» دېيىش ئارقىلىق چارپادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى

لېنىن بۇ پوۋېستنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاچىسىغا: «مەن تۈنۈگۈن ئاخشام بۇ پوۋېستنى ئوقۇپ بولدۇم، مېنى دەھشەت باستى، ئۆيدە تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. گويا مەنمۇ ئۆزۈمنى 6 - پالاتاغا سولىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم» دېگەنىدى.

4. چېخوۋنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى «ئالۇچىزار» بولۇپ، بۇ سەھنە ئەسىرى 1903 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن «ئالۇچىزار» — گۈزەل، پارلاق ۋەتەننىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ باش تېمىسى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، يېڭى ھاياتنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىشتىن ئىبارەت. ئەسەردە ئاپتور ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ھالاك بولۇشىغا «مەرسىيە» ئوقۇپ، يېڭى ھاياتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئالقىشلاپ: «خەير، كونا ھايات!»، «ياشىسۇن يېڭى ھايات!» دەپ خىتاب قىلغان.

5. چېخوۋ ئۆزىنىڭ سوزۇلغان ئۆپكە كېسەللىكىدىن ساقىيالماي 1901 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى موسكۋادا 45 يېشىدا ۋاپات بولغان. چېخوۋ ۋەتەننى قىزغىن سۆيەتتى، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى. بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلاتتى ۋە كۆيۈنەتتى. ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سالغانىدى. ئۇ خاتىرىسىگە: «ئەگەر پۇلۇم كۆپ بولغىنىدا مانا مۇشۇ جايدا يېزىلاردىكى ئاغرىق ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ساناتورىيە سالغان بولاتتىم» دەپ يازغانىدى. ئۇ ھەمىشە خەلققە «بۈگۈندىن كېيىن بۇ خىلدا ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ» غانلىقىنى خىتاب قىلاتتى. پارلاق كېلەچەككە تەشنا ئىدى، گۈزەل، بەختىيار تۇرمۇشنىڭ يېتىپ

6. چېخوپ ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا چېخوپ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە چارپادىشاھى يولغا قويغان مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ جىنايەتلىرىنىمۇ، مىشچانلارنىڭ چاكىنا ئادەتلىرىنىمۇ، شۇنىڭدەك كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغ- لىنىش دەۋرىدىكى قارا نىيەتلەرنىمۇ ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق پاش قىلىپ، يېڭى، بەختىيار بىر دەۋرگە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن. بەدىئىيلىك جەھەتتىن كونكرېت ئېيتقاندا، ① چېخوپ ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى (كومپوزىتسىيىسى) مۇكەم- مەل، ۋەقەلىكى ئىخچام، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەيلى ۋەقەلىكنىڭ تۈزۈلۈشى، بىر پۈتۈن ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ياكى تىلنىڭ قوللىنىلىشىدا بولسۇن بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ ② پېر- سوناژلار تىلى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان يەنى ئىندىۋىدۇئاللاش- قان (خاسلاشقان) تىل ئارقىلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى چىن ۋە جانلىق يارىتىش چېخوپ ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر؛ ③ چېخوپ ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار ئۆتكۈر ساتىرىك، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ ④ چېخوپ ھېكايى- لىرىدە تەبىئەت مەنزىرىسى قىسقا، ئىخچام شۇنىڭدەك كۈچلۈك لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

چېخوپ ئۇلۇغ يېڭىلىق ياراتقۇچى يازغۇچى. ژانىر، تېما، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇ يەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىككە ئىگە. روسىيە ئەدەبىياتىدا ئۇ بىرىنچى بولۇپ ھېكايىنى ئاساسىي ژانىر قىلغان ھالدا دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ چوققىسىغا چىقالىغان. ئۇ تۇرمۇشنى چوڭقۇر قېزىش، تىپىك ئوبرازلارنى روشەن، مەركەزلىك يىغىنچاقلاش، تىلنى ئاددىي،

كۆچىنى جارى قىلدۇرغان. چېخوپنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپمۇ ھېكايىلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

7. «خامېلېئون» ناملىق بۇ ساتىرىك ھېكايە (1884) تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، 3 - شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. «خامېلېئون» دېگەن بۇ سۆز، پەسىلگە ۋە ئەتراپتىكى شەيئىلەرنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل كەسلەنچۈكنىڭ رۇسچە نامى بولۇپ، ئاپتور ئوچۇمېلوپنىڭ خاراكتېرى، ئەسەرنىڭ مەسخىرە ۋە ھەجۋىي خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بۇ خىل كەسلەنچۈكنىڭ نامىنى ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى قىلغان.

ئاپتور بۇ ھېكايىدە، زەرگەر خىريۇكىننى ئىت چىشلىۋالغانلىق ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا ئىتنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى مەسىلىسىگە ئاساسەن، ئوچۇمېلوپنىڭ روھىي دۇنياسى، سۆز ـ ھەرىكىتى، جۈملىدىن چىراي ئىپادىسىدە ئالتە قېتىم ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئىتنى ئەيىبسىز، زەخملەنگۈچىنى ئەيىبكار دەپ ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ھەيران قالارلىق ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، مۇستەبىت چار روسىيە ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى ئېزىش، ئۆكتەملىك قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ خەلق ئاممىسىنى بوزەك قىلىدىغان، دەپسەندە قىلىدىغان، ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا قۇللارچە خۇشامەت قىلىپ، شارائىتقا ماسلىشىپ جان باقىدىغان چىرىك ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، زۇلمەتلىك روسىيە جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن.

## ئاباي ۋە ئۇنىڭ «ئىلىم تاپماي ماختانما» شېئىرى ھەققىدە

1. ئاباي قانداق شائىر؟ ئۇ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ قانداق ئائىلىدە چوڭ بولغان؟ 2. ئاباي قانداق ئۆگەنگەن، قانداق شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان؟ 3. ئابا-ينىڭ ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىكى ئامىللار نېمىدىن ئىبارەت؟ 4. «ئىلىم تاپماي ماختانما» ناملىق شېئىردا ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىش قايسى تەرەپلەردىن تەرغىپ قىلىنغان؟ 5. شېئىردا بەش نەرسىنىڭ دۈشمەن، بەش نەرسىنىڭ ئېسىل ئىش ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ پىكىر قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟ 6. بۇ شېئىردا قانداق خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر بار؟

1. ئاباي قۇنانباي قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، دېموكرات شائىرى، قازاق يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ 1845 - يىلى قازاقىستاننىڭ شەمەي ئوبلاستىغا قاراشلىق شىڭغىس دېگەن يەردە تۇغۇلۇپ، 1904 - يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

ئابايىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مەنسەپ تۇتقان كاتتا بايلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ رەھىمسىزى ئۆز ئاتىسى قۇنانباي ئىدى. ئاباي شۇنداق ئاتىدىن تۆرىلىپ، ئاشۇنداق مۇھىتتا ئۆسكەن تۇرۇقلۇق، ئاتىسىنىڭ رايىغا بارماي، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. كېيىن ئاجايىپ خەلقپەرۋەر شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

2. ئاباي كىچىك چېغىدىلا ئانىسى بىلەن بىۋاسىتە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان. ئۇن

جەرياندا دەرسلەرگە قانائەت قىلماي، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئەرەب، پارس ۋە چاغاتاي تىلىدىكى ھېكايە، داستان، قىسسەلەرنى كۆپلەپ ئوقۇغان. نىزامى، سەئدى، خوجا ھاپىز، نەۋائى، فىردەۋسى، فۇزۇلى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ نۇرغۇن شېئىر يازغان. كېيىن رۇس مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ رۇس تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. پۇشكىن، كرىلوپ، لېرمونتوۋ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان ھەم ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، قازاق خەلقىگە رۇس ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرغان. شۇنىڭدەك رۇس تىلىنىڭ ياردىمىدە گېيوتى، گېينرىخ گېينې قاتارلىقلارنىڭ ئەسىرى بىلەن تونۇشقان. روسسىيە دېموكراتىك ئىنقىلابچىلىرىدىن بېلىنىسكىي، چېرنىشېۋسكىلار بىلەن تونۇشقان.

3. خەلق تۇرمۇشى بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش، يەنە بىر تەرەپتىن شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ مۇنەۋۋەر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن شۇنىڭدەك دېموكراتىك ئىنقىلابچىلار بىلەن تونۇشۇش ئابايىنىڭ ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىكى مۇھىم ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. «ئىلىم تاپماي ماختانما» ناملىق بۇ دىداكتىك خاراكتېرىدىكى شېئىردا، شائىر ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ياخشى ئەخلاقى - پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە ھەر دائىم ھەمراھ قىلىشى، ئىلىم - پەنگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىپ، پەزىلىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ، تېز بىلىم ئىگىلەپ يىلمۇيىل يۈكسىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

5. شائىر بۇ شېئىردا ئارزۇ - ئىستەك، ئەمگەكچانلىق، چوڭقۇر ئوي - پىكىر، رەھىم - شەپقەت، قانائەت قاتارلىق

غەيۋەتخورلۇق، يالغانچىلىق، ماختانچاقلىق، ھورۇنلۇق، بىكارتە-
لەپلىك ۋە ئىسراپخورلۇقنىڭ ئىنساننىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى
ئېيتقان. بۇنداق يېزىش ئارقىلىق ئىنسان ھەربىر قەدىمى،
ئوي - خىيالى، ھايات مۇساپىسىدە دۇچ كېلىدىغان دۈشمەن
ۋە پايدىلىق خىسلەتلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

6. شائىر بۇ شېئىردا يۇقىرىقىدەك ئىجابىي ۋە ئەھمىيەت-
لىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئىلىم ئۆگىنىش،
نام - ئاتاق، ئورۇن تالىشىش ئۆزى ئۈچۈن ئۆگىنىشتۇر،
ھەرقانداق ئىشقا قانائەتچان بولۇش كېرەك. بالىلىقنى تاش-
لىسىلا ئالىم بولغىلى بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش بىتەرەپلىمە
پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭغا بىز تارىخىي يوسۇندا
توغرا قارىشىمىز لازىم.

**خەمىت ئالىمجان ۋە ئۇنىڭ «جەڭچى تۇرسۇن» بالladىسى ھەققىدە**

1. خەمىت ئالىمجان كىم؟ ئۇنىڭ ھاياتى - پائالىيىتىنى
سۆزلەپ بېرىڭ. 2. خەمىت ئالىمجاننىڭ ئىجادىي ئەمگىكى
ۋە تۆھپىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ. 3. «جەڭچى تۇرسۇن» باللادىسى
قانداق شارائىتتا يېزىلغان؟ ئۇنىڭدا قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟
4. باللادىدا تىلغا ئېلىنغان ئانا كىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟
5. تۇرسۇننىڭ قەھرىمان جەڭچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا
نېمە تەسىر قىلغان؟ 6. باللادا قانداق ئۇسلۇبتا يېزىلغان؟
قانداق بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلغان؟

1. خەمىت ئالىمجان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى
سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى. شائىر
ۋە دراماتورگ. ئۇ 1909 - يىلى 12 - دېكابىر كۈنى قەدىمي

قىلىپ بوۋىسى موللا ئەزىم ۋە ئانىسى كامىلەنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. 1923 - يىلى جىززاختىكى نارىمانوپ نامىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، سەمەرقەنتتىكى ئۆزبېك بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە بۇ يەردە چىقىدىغان «ياش تەربىيىچى» دېگەن تام گېزىتى ۋە كېيىنرەك «ئۇچقۇن» ناملىق ئايلىق ژۇرنالىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بىرى بولغان. 1929-يىلى قىرىمدا ماياكوۋىسكىي بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئىدىيە، ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش بولغان. 1928 - يىلى ئۆزبېك بىلىم يۇرتىنى تۈگىتىپ، سەمەرقەنتتىكى پېدا ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پەنلەر فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1931 - يىلى ئوقۇشنى تۈگىتىپ تاشكەنتكە كەلگەن ۋە «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ مەسئۇل كاتىپى، ئۆزبېكىستاندا يېڭى تەسىس قىلىنغان مەدەنىي قۇرۇلۇش ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات بۆلۈمىدە ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. 1939 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1942 - يىلى سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرگەن. 1943 - يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ۋە شۇ يىلى قىشتا ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن فرونتقا بارغان. 1944 - يىلى ماشىنا ھادىسىسى بىلەن قازا تاپقان.

2. ھەمىت ئالىمجاننىڭ ئىجادىي ئەمگىكى: ھەمىت ئالىمجان 1925 - يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ 20 يىلغا يېقىن ئىجادىيەت ھاياتىدا سوۋېت خەلقىنى، جۈملىدىن ئۆزبېك خەلقىنى مەردلىك، جاسارەتلىك، ساداقەت ۋە قەھرىمانلىققا ئۈندەيدىغان، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىگە، نېمىس تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتى

لىك ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. ماقالىلىرى: «ئىبگەر بالىسى كىچىككىنە ئىپسورۇۋي»، «مىللىي سىياسەت ھەققىدە تۆتىنچى شۇرا قۇرۇلتىيى»، «ھۇجۇم داستانلىرى ئۇستىدە» قاتارلىقلار. ھېكايىلىرى: «ھەقىقەت ئىزدەپ»، «زەھەرلىك يۈرەك» قاتارلىقلار. شېئىرلىرى: «كىمدۇر»، «كومسومول قىز»، «يېڭى تۇرمۇشقا»، «زەپەر داستانى»، «سوسو»، «ئىنسان قۇيا- شىغا»، «ئىككى قىزنىڭ ھېكايىسى»، «قولۇڭغا قورال ئال»، «شەرقتىن غەربكە كېتىۋاتقان دوستۇمغا»، «تارىخ كۆرگەنمۇ؟»، «نېمە بىزگە ئامېرىكا»، «مۇستەقىللىك بىزگە بېرىلگەن» قاتار- لىقلار. داستانلىرى: «ئايگۈل بىلەن بەختىيار»، «زەينەپ ۋە ئامان»، «سۇمۇرغ» قاتارلىقلار ۋە سەھنە ئەسەرلىرىدىن: «مۇقانىنا» ئەسىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەردۇر. شائىرنىڭ «كۆكلەم»، «تاڭ شامىلى»، «ئوتلۇق چاچلار»، «بەيگە»، «ئۆلۈم ياۋغا» قاتارلىق توپلام- لىرى نەشر قىلىنغان.

خەمىت ئالىمجاننىڭ سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى: ① خەمىت ئالىمجان ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە مەكتەپنىڭ «ياش تەربىيىچى»، «ئۇچقۇن» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللىرى، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن «ياش لېنىنچى» ناملىق جۇمھۇرى- يەت گېزىتىنىڭ نەشر ئەپكارلىق، تەشكىللاتچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن؛ ② 1939 - يىلىدىن باشلاپ، ئۆزبېكىستان يازغۇچى- لار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللەردە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ لۇتفى، ئاتايى ۋە بابۇر ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ تونۇشقان، بولۇپمۇ نەۋائىي ئەسەرلىرىنى خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ھەم ماركسىزملىق نەۋائىيشۇناسلىقنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە زور

ھەسسە قوشقان؛ ③ ئۆزبېك خەلقىگە رۇس ۋە باشقا قېرىنداش
مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ بىر بۆلۈك نەمۇنىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى-
نى تونۇشتۇرغان. يەنى لېرمونتوف، تاراس - شېۋچېنكو،
ن. ئوستروۋسكىي، ئا. كورنېيچۇك ئەسەرلىرىنى بولۇپمۇ
پۇشكىنىنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە
قىلغان؛ ④ ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى
ئۇرۇش ئېھتىياجى ئاساسىدا قايتا قۇرۇشقا. ئۇرۇش سەۋەبى
بىلەن ئۆزبېكىستانغا ۋاقىتىنچە كۆچۈپ كەلگەن يازغۇچى
ۋە ئالىملارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە نورمال شارائىت
يارىتىپ بېرىشتە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن.

3. سوۋېت خەلقىنىڭ نېمىس تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى
ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە خەمىت ئالىمجان قەلىمىنى
قورال قىلىپ، خەلق بىلەن بىرلىكتە فاشىستلارغا قارشى جەڭ
قىلغان، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. 1942 - يىلى
شائىر بۇ باللادىنى يېزىپ، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان قىزغىن
مۇھەببىتىنى. ياۋۇز نېمىس فاشىستلىرىغا بولغان كۈچلۈك
غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، سوۋېت خەلقىنى نېمىس
فاشىستلىرىغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشقا، ۋەتەنىنىڭ
مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداشقا چاقىرغان.

4. باللادىدا تىلغا ئېلىنغان «ئانا» ئىككى خىل مەنىگە
ئىگە بولۇپ، بىرى تۇرسۇنغا ئوخشاش ئوغلانلارنى تۇغۇپ،
بېقىپ قاتارغا قوشقان ئانىلار؛ يەنە بىرى ۋەتەن تۇپرىقى،
مۇقەددەس ئانا دىياردىن ئىبارەت قوش مەنىگە ئىگە بولۇپ،
مەيلى ئۆز ئانىسى بولسۇن، مەيلى ئانا ۋەتىنى بولسۇن ئۆز
ئوغلانلىرىنى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ غەلىبە بىلەن قايتىشقا
چاقىرىق قىلىدۇ.

5. تۇرسۇننىڭ قەھرىمان جەڭچى بولۇپ يېتىشىپ
چىقىشىغا ئانىسىنىڭ خېتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى بىلەن

تەسىر قىلغان.

6. باللادا بارماق ۋەزنىدە، قوشاق ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن رىتورىك خىتاب، رىتورىك سوئال، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە قاتارلىقلار قوللىنىلغان.

## ئۆمەر مۇھەممەدى ۋە ئۇنىڭ «باتۇر يىللار» ھېكايىسى ھەققىدە

1. ئۆمەر مۇھەممەدى كىم؟ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى قانداق ئۆتكەن؟ قايسى ئەسەرلىرىدە بالىلىق دەۋرى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن؟ 2. ئۆمەر مۇھەممەدى قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغان؟ قەيەرلەردە، قانداق خىزمەتلەرنى قىلغان؟ قاچان، قەيەردە، نېمە سەۋەب بىلەن ۋاپات بولغان؟ 3. ئۆمەر مۇھەممەدى ئەدەبىيات ساھەسىگە قاچان، قانداق قەدەم قويغان؟ مەكتەپتە قانداق پائالىيەتلەرگە قاتناشقان؟ قايسى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇغان؟ 4. ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ قانداق ئەسەرلىرى بار؟ بۇ ئەسەرلەردە قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ 5. «باتۇر يىللار» ھېكايىسىدە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ ھېكايىگە نېمە ئۈچۈن «باتۇر يىللار» دېگەن سەرلەۋھە قويۇلغان؟

1. ئۆمەر مۇھەممەدى سوۋېت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىغا، شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1906 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى «ئەمگەكچى قازاق» رايونىغا قاراشلىق يېكىشەھەر يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، يۇقىرىقى

تالفىر يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئوتتۇرىھال دېھقان بولۇپ، ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ توققۇز يېشىدا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، كىشىلەر ئىشىكىدە يۈرۈپ خارۇ - زارلىق ئىچىدە ئۆسكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن (11 يېشىدا) ئاندىن قورساقى تويغۇدەك نان تېپىپ، كىيىم - كېچەككە ۋە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى «ئۆكتەبىر تېڭى ئاتقاندا»، «ئېغىر كۈنلەردە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن.

2. ئۆمەر مۇھەممىدى باشلانغۇچ بىلىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، 1922 - يىلى تاشكەنتكە بېرىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ، 1927 - يىلى ئوقۇشنى تۈگەتكەن. شۇ يىلى ئۇ قازاقىستان مائارىپ خەلق كومىسسارىياتى تەرىپىدىن ئالمۇتىدىكى توققۇز يىللىق مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلەنگەن. 1928 — 1929 - يىللىرى چىلەك رايونىدىكى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەكتىپىدە مۇئەللىم ۋە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1930 - يىلى ياركەنتتىكى ئۇيغۇر تەلىم - تەربىيە تېخنىكۇمىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئېغىر تۇرمۇش سەۋەبىدىن ياش ۋاقتىدىلا يېتىلىپ چىققان ياش ئۇيغۇر شائىرى، سوۋېت ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىغا بىرىنچى بولۇپ ئاساس سالغۇچى ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىگە ئىمكان بەرمەي، 1931 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 25 يېشىدا ياركەنت شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

3. ئۆمەر مۇھەممىدى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ قايناق دولقۇنلىرىدا مەيدانغا چىققان ياش ئۇيغۇر شائىر بولۇپ، ئۇ 18 يېشىدىن باشلاپ ئەدەبىيات ساھەسىگە قەدەم قويغان. ئۇ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە كومسومول لار تەشكىلاتى يېنىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەدەبىيات كۇرۇژوكلىرىغا

ئۇ تاتار شائىرى هادى تاقتاش بىلەن ماياكوۋىسكىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆپرەك چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان.

4. ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «گەمىلەردىن»، «باتۇر يىللار»، «ئۆمەر مۇھەممەدى ئەسەرلىرى»، «ئۆمەر مۇھەممەدى» (شېئىر، هېكايىلەر) ناملىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ يېزىشنى باشلاپ ئاخىرلاشتۇرالمىغان «چېلىش يىللىرى» دېگەن رومانىمۇ بار. بۇ ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى غۇربەتچىلىك هاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن باشقا يەنە خەلقنى ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا. خەلق ئاممىسىنى كوللېكتىپلىشىش يولىغا مېڭىشقا، بۇ يولدىكى هەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ يېڭى، بەختىيار هايات قۇرۇش ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلىنغان.

5. ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ لىرىك تىل، قايناق هېسسىيات بىلەن يېزىلغان، نەسرىي شېئىر هەم هېكايىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى بۇ هېكايىسى چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا، 1 -، 2 -، 3 - شەخس تىلىدا، سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

بۇ هېكايىدە سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرىدا قانات يايدۇرۇلغان سوتسىيالىستىك كوللېكتىپلىشىش شارائىتىدىكى يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ئىزىدا توختاپ قېلىش، هەتتا ئارقىغا چېكىنىش، بىر - بىرىگە دۈشمەن سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن سىنىپىي زىددىيەت، توقۇنۇش، قارىمۇقارشىلىقلار، شۇنداقلا سوۋېت خەلقىنىڭ پارتىيە رەهبەرلىكىدە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توسالغۇلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، قۇدرەتلىك سوتسىيا-

بېرىۋاتقانلىقى قايناق ھېسسىيات، يۈكسەك تىل سەنئىتى ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن. شۇنىڭدەك ھېكايىدە ئاپتور زۇلۇم ــ كۈلپەت بىلەن ئۆتكەن بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ، بۇ زۇلمەتلىك دەۋرگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، سوۋېت خەلقىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە قۇدرەتلىك، باياشات سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى، غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە مەدھىيىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھېكايىگە «باتۇر يىللار» دەپ سەرلەۋھە قويغان.

## XVI — XIX ئەسىرلەردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى

1. ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى قانداق دەۋر؟ 2. ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى نېمىنى مەزمۇن قىلغان؟ بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۆھپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ 3. ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى قايسى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى ۋە ئۇنى بېيىتتى؟ 4. ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا نېمە ئاساسىي ئېقىم ئىدى؟ بۇ خىل ئېقىمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۆھپىسى نېمە؟ 5. ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى كىملەر؟ 6. XVI ئەسىردىكى گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، ئەنگلىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسىسىدا قانداق ژانىرلار راۋاجلاندى؟ قانداق يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى؟ 7. XVII ئەسىردىكى فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە

بارلىققا كەلدى؟ بۇ ئېقىم ياۋروپا ئەدەبىياتىدا قانچە ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلدى؟ بۇ دەۋردە قانداق ژانىرلار راۋاجلاندى؟ قانداق يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى؟ 8. XVIII ئەسىردىكى ياۋروپا ئاقارتىش ھەرىكىتى قانداق ھەرىكەت؟ ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپادىكى، جۈملىدىن ئەنگلىيىدىكى مەشھۇر ۋەكىللىرى كىملەر؟ 9. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرى قايسى يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۇ ياۋروپا تارىخىدا قانداق دەۋر؟ فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى قانداق رول ئوينىدى؟ بۇ دەۋردىكى رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى كىملەر؟ 10. ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى كىملەر؟ ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە نېمىنى ئىپادىلىدى؟ نېمىنى تەرغىپ قىلدى؟

1. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ياۋروپادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىن تۈپتىن بۇرۇلۇش ياسىغان دەۋرى بولۇپ، ئۇ فېئوداللىزمنىڭ ئاخىرقى بوسۇغىسى، كاپىتالىزمنىڭ باشلىنىش دەۋرىدۇر. بۇ دەۋر XIV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XVI ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. بۇ دەۋردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى ــ ئىنسانپەرۋەرلىك (گۇمانىزملىق) ئىدىيىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. بۇ دەۋردە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتى تېخىمۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە. تېخىمۇ مول مىللىي تارىخىي مەزمۇنغا ئىگە بولدى. مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار دۆلەت تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنى ئۇرغۇتتى. ئىنسانپەرۋەرلەر ئىچىدىكى ئاز سانلىق ئالىملار لاتىن تىلىدا

ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تىلى بىلەن ئىجاد قىلىپ، بىر تەرەپتىن مىللىي غۇرۇرىنى ئىپادىلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار قەدىمكىلەردىن ۋە خەلق تىلىدىن ئوزۇق ئېلىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ. ئۆز ئېلىنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە غايەت زور تۆھپە قوشتى.

3. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن رېئالىزم ئەنئەنىسىنى بېيىتتى. يەنى بۇ دەۋردىكى مەشھۇر يازغۇچىلار كەڭ، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ، بىر قاتار ئۆلمەس بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

4. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى ئاساسىي ئېقىم ئىدى. بۇ ئېقىم چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، يۈكسەك بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش، ئەركىن قۇرۇلما، تۈرلۈك - تۈمەن پېرسوناژلار، جانلىق - كۈچلۈك تىل ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى تارىخىي چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈردى، يېڭىدىن گۈللەنگەن سىنىپنىڭ غايىسى ۋە كەڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى.

5. ئىتالىيە - ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ باشلانغان يېرى. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى ئىنسانپەرۋەرلىك پېشۋالىرى دەپ ئاتالغان فرانسىسكو پېتراك ۋە گىئوۋاننى بوكاچچودۇر. دانتېنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيە» سى ئىتالىيە شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغىنىغا ئوخشاش، بوكاچچونىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» ئەسىرى ئىتالىيە نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىگە ئاساس سالدى. ياۋروپا يېقىنقى زامان ھېكايە - رومانلىرىغا يول ئېچىپ بەردى.

قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئىدى. سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنگەن، ئىقتىسادىي كۈچى تارقاق، لېكىن كاپىتالىزم ئامىللىرى بەزى شەھەرلەردە ئاز - تولا تەرەققىي قىلغانىدى. XVI ئەسىردىكى فرانسىيە غەربىي ياۋروپا بويىچە ھوقۇق مەركەزلەشكەن ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ، پادىشاھ ئورنى ۋە ھوقۇقى خېلىلا مۇستەھكەم ئىدى. شەھەر ئادەتتىكى پۇقرالىرى ۋە دېھقانلار قاتمۇقات زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراۋاتقان، شەھەرلەردىكى قوزغىلاڭلار ۋە دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئالغانىدى.

بۇ دەۋردە ئەدەبىيات ساھەسىدە ھېكايە - رومان ۋە لىرىك شېئىرلار ھەممىدىن بەك گۈللەندى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى مۇھىم ئىنسانپەرۋەر يازغۇچى دەپ نام ئالغان فرانسىيىلىك رابلېنىڭ «گېرگانت ئادەم تەزكىرىسى» ناملىق رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ زور بولدى.

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيە مورلا تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشنى ئاياغلاشتۇردى، دۆلەت بىرلىككە كېلىشكە يۈزلەندى. XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا، ئىسپانىيىدە ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى گۈللىنىپ، لۈرغۈن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. ئىسپانىيە ئەدەبىياتى «ئالتۇن دەۋر» گە قەدەم قويدى. ھېكايە - رومان، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ زور بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى مۇھىم رېئالىست يازغۇچى دەپ نام ئالغان سېرۋانتېسنىڭ «دونكىخوت» ناملىق رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ زور بولدى.

XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن، XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىچە شېئىر، سەھنە ئەسەرلىرى، ھېكايە - رومان، نەسىر زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، ئەدەبىيات - سەن-

گۈللەنگەن مەزگىلى بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردە ئەنگلىيىدە زور تۈركۈمدىكى يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى ۋىلىيام شېكسپىردۇر.

7. XVII ئەسىردە ياۋروپادىكى مەملىكەتلەر ئىچىدە ئەنگلىيە، فرانسىيىدىلا كاپىتالىزمى زور قەدەملەر بىلەن راۋاجلاندى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمۇ راۋاجلاندى ۋە گۈللەندى. بولۇپمۇ فرانسىيە ئەدەبىياتى ياۋروپا بويىچە ئەڭ يۇكسەك سەۋىيىگە يېتىپ، كلاسسىزم ئېقىمى بارلىققا كەلدى. فرانسىيە كلاسسىزم ئەدەبىياتىدا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، ئۈچ مەشھۇر يازغۇچى — پىئېر كورنېئېل، جىئان راسىن (تراگېدىيە يازغۇچىلىرى)، مولىېر (كومېدىيە يازغۇچىسى) قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى.

كلاسسىزم ياۋروپا ئەدەبىياتىغا 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يەنى ئەڭ دەسلەپتە فرانسىيىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيىدە بارلىققا كېلىپ، كېيىن گېرمانىيە، ئىتالىيە، روسىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇلارغا نىسبەتەن ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. XIX ئەسىردە رومانتىزم ئەۋج ئالغاندىن كېيىنلا ئاندىن تەدرىجىي يوقالدى.

8. XVIII ئەسىردىكى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە يەنىلا ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر ئىدى. XVIII ئەسىردىكى ياۋروپا خاراكتېرلىك ئىدىيىۋى ھەرىكەت ئاقارتىش (مەرىپەت) ھەرىكىتىدۇر. ئاقارتىش ھەرىكىتى بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ فېئودالىزمغا، دىنىي تەشكىلاتلارغا قارشى كۆرىشىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى. ئۇ ئىنسانپەرۋەرلەر (گۇمانىستلار)نىڭ

خاسلىقنى (ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى) ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئىنسانپەرۋەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ھالدا فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ پۈتكۈل ئۈستقۇرۇلمىسىغا قاراتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى فېئودالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا بۇ ھەرىكەت ئىنتايىن ئۆتكۈر سىياسىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

ئاقارتىش ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ تىپىك ئۈلگىلىرى مونتېسكيۇ، ۋولتېر، دىدرو ۋە روسسولار بولۇپ، ئۇلار ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئەرباپلىرى شۇنىڭدەك ئەدىبلىرى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك. يارقىن جەڭگىۋارلىققا ۋە ئىنقىلابىيلىققا ئىگە ئىدى.

XVIII ئەسىردە دەۋر روھىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرگىنى ئاقارتىش ئەدەبىياتى ۋە ئەنگلىيىنىڭ رېئالىستىك ھېكايە ـ رومانلىرىدۇر. بۇ دەۋردە ئەنگلىيىدە ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلار دانىيېل دېفو، جوناتان سۋىفت ۋە ھېنرى فىلدىڭلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى XIX ئەسىر رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلىدى. بۇ دەۋردە خەلق ئاممىسى ھەممىدىن بەك ئالقىشلىغىنى ئاقارتىش ئىدىيىسى مەزمۇن قىلىنغان ئەدەبىيات بولدى.

9. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى 1789 - يىلىدىن 1830 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ياۋروپا تارىخىدا زور بۆرۈلۈش بولغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. 1789 - يىلىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ياۋروپادىكى كاپىتالىزم تەرەققىياتى تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. ئۇ ئىنقىلابىي ۋاستە ئارقىلىق فېئودالىزم

مىياكى ئۇچۇن شەرت - شارائىت ھازىرلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرىدە، ياۋروپادىكى باشقا نۇرغۇن ئەللەردە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش ئەۋج ئالدى. مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

رومانتىزم ھەرىكىتى XIX ئەسىردىكى پۈتۈن ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەدەبىيات ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ فرانسىيە زور ئىنقىلابى، ياۋروپا دېموكراتىك ھەرىكىتى ۋە مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ دەۋردىكى رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى فرانسىيىلىك ھيۇگو، ئەنگلىيىلىك شېللى، بايرون، گېرمانىيىلىك شىللېر، گيوتى، روسىيىلىك لېرمونتوف ۋە پولشا مىللىي شائىرى مىتسكېۋىچ قاتارلىقلاردۇر.

10. XIX ئەسىردە ياۋروپادا رومانتىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىدىن باشقا، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسەرلەرمۇ خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى فرانسىيىلىك ستېندال، بالزاك، ئېمىل زولا، ۋاللېس، فلوبېر، موپاسسان، ئەنگلىيىلىك دىككېنس، روسىيىلىك پۈشكىن (يەنى «يېۋگېنىي ئونېگىن» شېئىرى رومانى)، گوگول، تۇرگېنېۋ، چېرنىشېۋسكىي، لېۋ. تولستوي، چېخوپلاردىن ئىبارەت. بۇ ئەدەبىيات ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: ① XIX ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىدا فرانسىيىدە بالزاك، ئەنگلىيىدە دىككېنس، روسىيىدە گوگول مەيدانغا چىقتى. ② 50 — 60 - يىللاردا بولسا كۈچلۈك تەنقىدىي رېئالىستلاردىن روسىيىلىك تۇرگېنېۋ، چېرنىشېۋسكىي، لېۋ. تولستوي، چېخوپلار مەيدانغا كەلدى.

تەنقىدىي رېئالىستلار بۇرژۇئازىيە ئېلىپ كەلگەن يېڭى تەرتىپ ياكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ كونا تۇرمۇشىنى ئېچىپ

مەۋجۇت ئىجتىمائىي ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەرغىپ قىلغىنى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىنلىكى، باراۋەرلىكى ۋە مېھرىبانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. يەنى گۇناھىغا توۋا قىلغان ئاقسۆڭەكلەر، ئاق كۆڭۈل بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ۋە ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت بولدى.

**شېكسپىر ۋە ئۇنىڭ «ۋېنتسىيە سودىگىرى» كومېدىيىسى ھەققىدە**

1. ۋىلىيام شېكسپىر كىم؟ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە نېمە ئىپادىلەنگەن؟ ئۇ ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ 2. شېكسپىر قاچان، قەيەردە، قانداق ئائىلىدە تۇغۇلغان؟ ئۇ كىچىكىدە نېمىگە ھەۋەس قىلاتتى؟ ئۇ لوندونغا بارغاندىن كېيىن نېمە بىلەن مەشغۇل بولدى؟ 3. شېكسپىر 20 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا نەچچە پارچە ئەسەر يازدى؟ قاچان، قەيەردە، نېمە سەۋەب بىلەن ۋاپات بولدى؟ 4. شېكسپىر ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە نەچچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ؟ ھەربىر ئىجادىيەت باسقۇچىدا قانداق ئەسەرلەرنى يېزىپ، قانداق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن؟ 5. ماركس، ئېنگېلس شېكسپىر ئەسەرلىرىگە قانداق باھا بەرگەن؟ شېكسپىر ئەسەرلىرىدە ياراتقان تىپ، ئوبرازلار قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟ ئۇنىڭ تىلى قانداق؟ نېمىنى تەنقىد قىلغان؟ كېيىنكى يازغۇچىلارغا تەسىرى قانداق بولغان؟

6. «ۋېنېتسىيە سودىگىرى» كومېدىيىسىدىن بېرىلگەن پارچىدا پېرسوناژلارنىڭ قايسى دىئالوگى ئارقىلىق زىددىيەت توقۇنۇشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن؟ يۇقىرى دولقۇن قىسمى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ بېيشانىڭ پەيدا بولۇشى زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ كەسكىن ئۆزگىرىشىدە قانداق رول ئوينىغان؟ تېكىستتىكى دىئالوگلاردا «خرىستىئانلارنىڭ روھى» تىلغا ئېلىنغان، يەھۇدىي «جوھۇت» دېيىلگەن، بۇ ئاپتورنىڭ قانداق ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرىنى ئىپادىلىگەن؟ 7. ئەسەردە نېمە مەدھىيىلەنگەن، نېمە پاش قىلىنغان؟

1. ۋىليام شېكسپىر ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان گۇمانىست يازغۇچى، شائىر [illegible] دراماتورگ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئەڭ تولۇق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىيلىكمۇ ئەڭ يۇقىرى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك جامائەت تەييارلىقى بولدى. ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزەرىنى ئاساس قىلىپ، فېئوداليزم زاۋال تاپقان، كاپىتالىزمنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىش ھالىتىدىكى تارىخىي ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر تەھلىل قىلدى ۋە تەسۋىرلىدى، قاتتىق تەنقىد قىلدى، كەڭ خەلقنىڭ كەيپىياتى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ۋاستىلىك ئىپادىلىدى. ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى بىرقەدەر مەشھۇر ئوبرازلارنى ياراتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ياۋروپا رېئالىزمىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يېتىپ، ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتىپ، ئەدەبىيات تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ۋىليام شېكسپىر ياشىغان دەۋردىكى ئەنگلىيە فېئودال-

بۇرۇلۇش، چوڭ داۋالغۇش دەۋرىدە تۇراتتى. 1485 - يىلى
نيۇدېر خاندانلىقى ئورنىتىلىپ، ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش
قالايمىقانچىلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن ۋە مەملىكەت بىرلىككە
كەلگەنىدى، ئېكىدىن بارلىققا كەلگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپ
سۇپىتىدە شەكىللەنگەنىدى. بىر قىسىم فېئودال ئاقسۆڭەكلەر
بۇرژۇئازىيىلىشىپ، يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلانغانىدى. ئېلىزاۋېتا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە (1558 — 1603)
سىياسىي ۋەزىيەت بىرقەدەر مۇقىملاشقان، كاپىتالىستىك سودا -
سانائەت دەسلەپكى قەدەمدە ئاۋاتلىششقا باشلىغانىدى.
1580 - يىلى ئەنگلىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىسپانىيىنىڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، دېڭىز
ئۈستىدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ۋە بىر سەكرەپلا
ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالغانىدى. مانا بۇ
«ئېلىزاۋېتانىڭ گۈللەنگەن دەۋرى» بولۇپ، بۇ ئاتالمىش «گۈللەنگەن دەۋر» ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ئۈستىگە
قۇرۇلغانىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان «يەر قاشالاش ھەرىكىتى»
جەريانىدا «بايلار كەمبەغەللەرنى خۇددى ھايۋان ئوت - چۆپ
يېگەندەك» يېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار يەرلىرىدىن
ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ قارشىلىق
ھەرىكىتىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. 1607 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ
ئوتتۇرا قىسمىدا «نورماندىيىلىكلەر ھەرىكىتى» دېيىلىدىغان
زور كۆلەمدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1617 - يىلى
غەربتىكى شەھەرلەردە ئاھالىلەر قوزغىلىڭى يۈز بەردى. جۇش ئۇرۇپ
راۋاجلىنىۋاتقان ئاممىۋى كۈرەش فېئوداللىق تەرتىپنى تەۋرىتىۋەتتى. بۇ مەزگىلدە ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ فېئوداللىزمغا
قارشى ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ھەل قىلغۇچ
جېڭى — XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا

ياشىغان دەۋر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2. شېكسپىر 1564 - يىلى 23 - ئاپرېل كۈنى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئىۋۇن دەرياسى بويىدىكى ستراتفورد شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە ئۆز يۇرتىدىكى تىل مەكتىپىدە ئاساسىي بىلىمدىن تەربىيە ئالغان. لاتىنچە ئەدەبىيات ۋە ئىستىلىستىكا ئوقۇغان ھەمدە كىچىكىدىنلا دراما بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، درامىغا ھەۋەس باغلىغان. 13 يېشىدا ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. كېيىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ لوندونغا بېرىپ دەسلەپكى مەزگىللەردە تىياتىرخانىلارنىڭ سىرتىدا ئات بېقىلەپ، ئويۇن كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغان، كېيىنچە دراما ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، قوشۇمچە روللارغا چىققان ۋە بارا - بارا سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن.

3. شېكسپىر كېيىنكى 20 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا، مول تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن 37 دراما، ئىككى داستان، 154 پارچە 14 مىسرالىق شېئىر (سونت) يېزىپ چىققان. 1613 - يىلى لوندون دراما ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقان. 1616 - يىلى 23 - ئاپرېل كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

4. شېكسپىرنىڭ ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: (1590 — 1600 - يىللار) شېكسپىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك دۇنيا قارىشى ئاساسىدا ئەينى جەمئىيەت

رېئاللىققا قارىتا قارىمۇقارشىلىق ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن ۋە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە شېكسپىر «گېنرىخ VI»، «رىچارد III»، «رىچارد II»، «پادىشاھ جون»، «گېنرىخ IV»، «گېنرىخ V»، «يۇلىئۇس كېسار»، «كورىئولىنس»، «رومېئو ـ جۇلىيېتتا» قاتارلىق توققۇز پارچە تارىخىي دراما ۋە «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» (1596 - يىل) ناملىق داڭلىق كومېدىيىسىنى يېزىپ، ئىلگىرىكى 300 يىللىق تارىخ ئۈستىدە سىستېمىلىق ئىزدىنىپ، فېئودال پادىشاھلارنى تەنقىد قىلغان ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشلارنى ئەيىبلەپ، فېئوداللىق بۆلۈنۈشنىڭ ئورنىنى بىرلىككە كەلگەن پادىشاھ ئىگىلەشتىن ئىبارەت يۈزلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنداقلا مۇشۇ كۆرەشتىكى تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن.

ئىككىنچى باسقۇچ: (1601 — 1607 - يىللار) شېكسپىرنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن ۋە كامالەتكە يەتكەن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتتە بولغان قاتتىق نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن. ئۇ زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان. خەلقنىڭ دەردىگە ھېسداشلىق قىلغان. بۇ دەۋردە «ھاملېت»، «ئوتېللو»، «كارۇللىر»، «ماكبېت»، «ئافىنالىق تايمىر» قاتارلىق بەش چوڭ تراگېدىيىنى يازغان. بۇ ئەسەرلەردە شېكسپىرنىڭ گۇمانىستىك (ئىنسانپەرۋەرلىك) ئىدىيىسى بىلەن ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «ھاملېت» دراممىسىدىكى ھاملېتنىڭ تراگېدىيىسى ئارقىلىق شېكسپىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ئۇنىڭ تراگېدىيىسى ئارقىلىق بىر ئەۋلاد ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ تراگېدىيىسىنى تونۇپ يەتكەن.

رىدە كۆرسەتكىنىدەك «پۇلنىڭ ماھىيىتىنى ئاچايىپ كېلىشتۇ-رۇپ سۈرەتلىگەن.»

ئۈچىنچى باسقۇچ: (1608 — 1613 - يىللار) ئەنگ-لىيە فېئودال خانلىقى ئۆزىنىڭ مۇستەبىتلىك قىياپىتىنى يەنىمۇ ئاشكارىلىغان، بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈچى كۈنساناپ زورايـ-غان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلەش-كەن دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە شېكىسپىر ئوتوپىك (خىيالىي) سوتسىيالىزم ئىدىيىسىدىن پەيدا بولغان گۈزەل بىر جەمئىـ-يەتكە ئېرىشىش ئارزۇسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىنسانپەر-ۋەرلىك غايىسى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەچكە، تراگېدىيە ئىجادىيىتىدىكى تەنقىدىي يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا بېسىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئەپسانىۋى درامىلارنى ئىجاد قىلىشقا يۈزلەنگەن. بۇ دەۋردىكى ئاساسلىق ئەسەرلىرى: «سىمبېلىن»، «قىشتىكى ھېكايە» ۋە «بوران - چاپ-قۇن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

5. شېكىسپىرنىڭ درامىلىرى دۇنياۋى سەنئەتنىڭ يۇقى-رى پەللىسىگە يەتكەن بولۇپ، ماركس، ئېنگېلس تەرىپىدىن دراما ئىجادىيىتىنىڭ ئۈرنىكى، دەپ قارالغانىدى. ماركس ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپ قېتىم نەقىل كەلتۈرۈپ، زور نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى شەرھلىگەن ھەمدە بەدىئىي ئىجادىيەتتە «شېكىسپىرلاشتۇرۇش» چاقىرىقىنى چىقارغانىدى. ئېنگېلس لاسساللغا يازغان خېتىدە شېكىسپىرنىڭ درامىلىرىغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىپ: «ئۇنىڭ درامىرىنىڭ سۇژېتىنىڭ جانـ-لىقلىقى بىلەن مول لۇقىنىڭ مۇكەممەل جىپسىلىشىشى دەل دراماتورگىيىنىڭ كېلەچىكى» دەپ قارىغانىدى. شېكىسپىر ياراتقان ئاساسىي ئوبرازلار (تىپلار) پائالىيەتچان ۋە ۋەكىل-لىك خاراكتېرگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى روشەن

ئىندىۋىدۇئاللىقىمۇ ئىگە بولۇپ، ھامان تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ماركس: «شېكىسپىر ياراتقان تىپلار XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پورەكلەپ ئېچىلدى» دېگەنىدى. شېكىسپىر تىلغا ئىنتايىن باي، ئۇنىڭ تىلى كۈچلۈك، قىزىقارلىق ۋە جانلىق. يۇمۇرلۇق، ئۇنىڭ مەسخىرىسى ئۆتكۈر ۋە شېئىردىي مەنىگە ئىگە.

شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى سۇژىت، ئوبراز، تىل بايلىقى ئۇنىڭ پىكىر جەھەتتىكى بايلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ، بۇرژۇئازىيە تېخى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالمىغان، جۇشقۇن تەرەققىيپەرۋەر دەۋردە ياشىغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىمۇ، كاپىتالنىڭ «ئىپتىدائىي جۇغلىنىش» دەۋرىدىكى قارا نىيەتلەرنىمۇ تەنقىد قىلغان، ئۇنىڭ كېيىنكى يازغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. رومانتىزم ۋە تەنقىدىي رېئالىزم ئارقا - ئارقىدىن باش كۆتۈرگەن دەۋردە، ياۋروپادىكى تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچىلار ۋە تەنقىدچىلەر ئۇنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان.

6. «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» ناملىق بۇ ساتىرىك كومېدىيىنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ پەردىسىدە سوت جەريانى تەسۋىرلەنگەن. ئەسەرنىڭ پۈتۈن قىسمىدا، جۈملىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ بىر پەردىدە ئانتونىئو بىلەن شىلوك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى مەركەز قىلىنغان ۋە بۇ ئىككى پېرسوناژنى چۆرىدەپ ھەم ئۇلارنىڭ دىئالوگىنى كۈچ چىقىرىپ يېزىش ئارقىلىق، زىددىيەت توقۇنۇشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. يۇقىرى دولقۇن قىسمى ئۆتكۈر دراماتىك توقۇنۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇ كۈرەشتە جازانىخور، سۈيىقەستچى شاۋك ھارغانسېرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ، ئۇ

كۆڭلى تەسەللىي تاپىدۇ، چەكسىز شادلىنىدۇ. ئاپتور بۇ جىددىي
زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش، پېر-
سوناژلار خاراكتېرىنى يەنىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلىش مەقسىتىگە
يەتكەن. گېرتسوگ ۋە باشقىلار شىلوكنىڭ رەھىمسىزلىكى-
دىن ئامالسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئاپتور ماھىرلىق بىلەن
بېشيانى سەھنىگە چىقىرىپ شىلوكنى مات قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن
مال - دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلغۇزۇۋېتىدۇ. بېشيانىڭ سەھ-
نىگە چىقىرىلىشى زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ كەسكىن ئۆزگىرىشىدە،
ئاپتور مەدھىيىلىگەن ئاجايىپ قەھرىمانلارنىڭ غەلىبە قىلىپ،
سەلبىي قەھرىماننىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.
تېكىستتىكى دىئالوگلاردا «خرىستىئانلارنىڭ روھى» تىلغا ئېلىنىپ
ئۇنىڭ مېھىر - شەپقەتلىك، رەھىمدىللىككە ئىگە ئىكەنلىكى
مەدھىيىلەنگەن. يەھۇدىي شىلوكنى «جوھۇت» دەپ ھاقارەتلى-
گەن ۋە كەمسىتكەن. بۇ ئاپتورنىڭ دىنىي چەكلىمىلىكى ۋە
دەۋر چەكلىمىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا تارىخىي ماتېرى-
يالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ توغرا قارىشىمىز لازىم.

7. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئانتونىئو بىلەن شىلوك ئوخشاش
بولمىغان ئىككى سىنىپنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى. ئانتونىئو سودا
كاپىتالىستى. شىلوك جازانىخور بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ
ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئاساسىي زىددىيەت ھېساب-
لىنىدۇ. ئانتونىئونىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بۇر-
ژۇئازىيىنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلى، شىلوكنىڭ جازانىخورلۇق ئۇسۇلى
ئۆلۈۋاتقان فېئوداللىزمنىڭ كونىچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش
ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى كۆرۈنۈشتە ئىقتىسادىي
توقۇنۇشتەك، ئۆچمەنلىك زىددىيىتىدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە
بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ فېئودالىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش
ئۇسۇلىغا قارشى ئۆتكۈر سىياسىي كۆرەشتۇر.

چارى قىلدۇرۇپ، ئەنگلىيەدىكى شۇ دەۋردىكى كونا - يېڭى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆچلۈك مەركەزلەشتۈرگەن. ئاپتور ئەسەردە باشتىن - ئاخىر ئانتونىئونى قوللىغان، ئۇنى رەھىمدىل، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئادىل، مەرد، دوستلىرىغا سادىق قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى مەدھىيىلىگەن. شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ۋېنىتسىيە قانۇنىمۇ ئانتونىئو تەرەپكە مايىل، پايدىلىق قىلىپ يېزىلغان. شىلوكنىڭ جازانىخور، ئىنتايىن بېخىل، رەھىمسىز، رەزىل قىياپىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۈرەتلەش ئارقىلىق، فېئودالىزمنىڭ كونىچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى ئەيىبلىگەن.

گېنرىخ گېينې ۋە ئۇنىڭ «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى» شېئىرى ھەققىدە

1. گېنرىخ گېينې كىم؟ ئۇ قاچان، قەيەردە، قانداق ئائىلىدە تۇغۇلغان؟ گېينې پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەزگىلدىكى گېرمانىيىنىڭ ۋەزىيىتى قانداق ئىدى؟ 2. گېينې قايسى مەكتەپتە ئوقۇدى ۋە مەكتەپتە قانداق پائالىيەتلەرگە قاتناشتى؟ ئۇنىڭ دەسلەپكى لىرىك شېئىرلىرى «ناخشىلار توپلىمى» ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنى نېمە ئۈچۈن ھاڭ - تاڭ قالدۇردى؟ 3. گېينې 1824 - يىلدىن 1830 - يىلغىچە قەيەرلەرنى ساياھەت قىلدى؟ قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟ ئەسەرلىرىدە نېمىنى ئەكس ئەتتۈردى؟ 4. 1830 - يىلى فرانسى-

يىدە پارتىلىغان ئىيۇل ئىنقىلابى ۋە 1843 - يىلى ماركس بىلەن تونۇشۇش گېيىنىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ بۇ مەزگىلدە قانداق ئەسەرلەرنى يازدى ۋە قانداق مەزمۇنلارنى ئىپادىلىدى؟ 5. گېيىنىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قانداق ئۆتتى؟ ئۇ قاچان، نەچچە يېشىدا ۋاپات بولدى؟ 6. «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى» ناملىق بۇ شېئىر قانداق شارائىتتا يېزىلغان؟ دەسلەپتە قايسى گېزىتتە ئېلان قىلىنغان؟ شېئىردا نېمە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئەينى ۋاقىتتا قانداق تەسىر قوزغىغان؟ بۇ شېئىر ھەققىدە ۋە گېيىنې توغرىسىدا ئېنگېلس نېمە دېگەن؟

1. گېنرىخ گېيىنې — XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي دېموكرات شائىرى. ئىنقىلابىي دېموكراتىزمنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى. ئۇ 1797 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (رېيىن دەرياسى بويىدىكى گۈزەل شەھەر) دىيوسېلدۇرۇفتا يەھۇدىي سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

گېيىنې پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋردىكى گېرمانىيە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى 36 ئۇششاق فېئودال پادىشاھلىققا پارچىلىنىپ كەتكەن قالاق مەملىكەت ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيىنىڭ شەھەر سانائىتى تەرەققىي تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇرژۇئازىيە ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، 1840 - يىللىرىغا كەلگەندە ناھايىتى قورقۇپ لىبېرالىستىك ھەرىكەت قوزغىغان بولسىمۇ، گېرمانىيە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى قاتتىق تەۋرىنىشتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىنقىلاب ۋەزىيىتى تارىخىي يوسۇندا پرولې-

تارىياتىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. پرولېتارىيات سىنىپىمۇ 1840 - يىللاردا پىشىپ يېتىلگەنىدى. 1848 - يىلى ئىنقىلاب پارتلىدى. لېكىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ خائىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن، بۇ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى. ھاكىمىيەت يەنىلا ئاقسۆڭەك، پومېشچىكلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، گېرمانىيە بىرلىككە كېلەلمىدى. گېيىنې مىللىي پارچىلىنىش، سىياسىي داۋالغۇش بولۇۋاتقان مۇشۇنداق دەۋردە ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

2. گېيىنې بالىلىق دەۋرىدە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا ئىنتىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىققانىدى. 1819 - يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان چاغلىرىدىن باشلاپ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار كېڭىشىنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلىغان.

گېيىنىڭ دەسلەپكى لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «ناخشىلار توپلىمى» ئەدەبىيات مۇنبىرىدە پاسسىپ رومانتىزم بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن مەزگىلدە نەشر قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ روھى، رومانتىك ھېسسىياتى، گۈزەل شېئىرىي مەزمۇنى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان. ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى خەلق ناخشىلىرىدەك مول، يېڭى روھىي كەيپىياتقا ئىگە ئىدى. كېيىنرەك بىر قىسىم شېئىرلىرى مۇزىكانتلار تەرىپىدىن نوتىغا ئېلىنىپ، شۇ چاغدىكى گېرمانىيە ئەدەبىياتىدا كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان يىردىنبىر ئاكتىپ رومانتىزملىق ئەسەرلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

3. گېيىنې 1824 - يىلى پىيادە گيوتتىنگېندىن خارتىس تېغىغىچە ساياھەت قىلغان. بىر يېرىم يىلدىن كېيىن «خارتىس تېغىغا ساياھەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ ساياھەت خاتىرىسىدە XVIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللى-

زىدىكى گېرمانىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كان ئىشچىلىرىنى رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىنى پاش قىلىنغان. گېينې 1825 - يىلى گيوتتىگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1830 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ھاياتلىق ۋە ھەقىقەت ئىزدەپ پۈتۈن ياۋروپانى كېزىپ چىققان. تادىن ئارىلىدا بېلىقچىلارنىڭ كەپىسىدىمۇ قونغان، لوندوندا ئەنگ- لىيە يېڭى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ، بۇرژۇئازىيە يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى كۆزەتكەن. ميۇنخېندا ژۇر- نالمۇ چىقارغان. ئىتالىيىدە جەنۇبىي ياۋروپانىڭ مەنزىرىسى- دىن ھۇزۇرلانغان ۋە رىمدىكى قەدىمىي ئاسار ئەتىقىلەرنى كۆرگەن. بۇ مەزگىلدە («لىبىي. گرانتى ئەسەرلىرى توپلىمى»غا قاراش) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان. گيوتى، ئاكا - ئۇكا گرىملار، مىندېلسون - بارتولدلار بىلەن تونۇشقان.

4. 1830 - يىلى فرانسىيىدە پارتلىغان ئىيۇل ئىن- قىلابى گېينېغا غايەت زور ئىلھام بەرگەن، ئۇنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى باشلانغان. بۇ دەۋردە شائىر ئىدىيە جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىنقىلابىي دېموكرات شائىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ 1830 - يىلى فرانسىيە ئىيۇل ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن داڭلىق شېئىرى «مەدھىيە»نى يېزىپ: «زۇلپىقارمەن، يالقۇن - مەشئەلمەن» دەپ جاراڭ- لىق توۋلاپ، قاراڭغۇ - زۇلمەتلىك تۈندە خەلقنىڭ ئالغا چامداش يولىنى يورۇتقان. ئىككىنچى يىلى پارىژغا بېرىپ ئورۇنلاشقان. ئۇ پارىژدا تۇرغان مەزگىلدە ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە، ياۋروپا ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا دىققەت قىلىپ، خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان.

يەتچىل ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن. بىرقانچە نەزەرىي-
يىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ، پاسسىپ رومانتىزمنىڭ ئەكسىيەت-
چىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ
چىقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىنى شەرھلەپ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە
رادىكاللىرىنىڭ قۇرۇق سەپسەتىلىرىنى تەنقىد قىلغان. بالزاك،
ھيۇگو، گېئورگى سان، ئاندېرسىن، شوبان، لىستېلا بىلەن
قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1843 - يىلى
12 - ئايدا ماركس بىلەن تونۇشۇشى ئىدىيە جەھەتتە
يەنىمۇ يۈكسىلىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ناھايىتى چوڭ
تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ 1844 - يىلىدىكى
ئىنقىلابقىچە بولغان ۋاقىت ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەڭ پارلاق
مەزگىل بولغان. ماركسىنىڭ ياخشى تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە
«گېرمانىيە — بىر قىش ھەققىدە چۆچەك» دېگەن ۋەكىل
خاراكتېرلىك داستانىنى يېزىپ، گېرمانىيىنىڭ فېئوداللىق
تۈزۈمى بىلەن دىنىنى تەنقىد قىلغان.

5. گېينې ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پالەچ بولۇپ،
كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچەي دەپ قالغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىرادە بىلەن
ئىجادىي ئەمگىكىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرغان. «ئېپىك
شېئىرلار» نىڭ كۆپ قىسمىنى پۈتتۈرۈپ، «رودىزىيە» ناملىق
ئەسىرىنى ئۆزگەرتكەن. «ئەسلىمىلەر» نى ئېغىزدا ئېيتىپ
بېرىپ يازدۇرغان ۋە «1853 — 1854 - يىللىرى يېزىلغان
شېئىرلار» ناملىق توپلاملىرىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان. ۋاپات
بولۇش ئالدىدا «پىداكار قاراۋۇل» ناملىق شېئىرنى يېزىپ:
«تۈگەشسە يۈرىكىم، ساقتۇر قورالىم، يىقىلدىم ۋە لېكىن
مەغلۇپ بولمىدىم» دەپ يېزىپ، كەلگۈسىگە بولغان يۈك-
سەك ئۈمىدۋارلىقى ۋە تىز پۈكمەس قەيسەرانە ئىرادىسىنى

59 يىلىدا ۋاپات بولغان.

6. 1844 - يىلى 6 - ئايدا گېرمانىيىنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايون سىلېزىيىدە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى فېئو-دال ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن فابرىكا خوجايىنلىرىنىڭ قاتمۇقات ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا قارشى ھەممىلا يەردە ئىش تاشلاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مىڭلىغان ئىشچىلار باستۇرۇشقا كەلگەن قوراللىق ساقچىلار بىلەن ئېلىشتى. ماركس بۇ قوزغىلاڭنى يۇكسەك دەرىجىدە ماختىدى. گېيىنىنىڭ بۇ قوزغىلاڭ ھەققىدىكى كۆز قارىشىمۇ ماركسنىڭكىگە ئوخشاش بولدى. ئۇ بۇ ھەرىكەتنى قوللاپ، ئىلھاملىنىش ئۈچۈن بۇ شېئىرنى يېزىپ ماركس تەھرىرلىكىدىكى «ئالغا گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئېنگېلس گېرمانىيىدە چىقىدىغان «يېڭى ئەخلاق دۇنياسى ژۇرنىلى» دا بۇ شېئىرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ: «بۇ شېئىرنىڭ نېمىس تىلىدىكى ئەس-لى نۇسخىسى مەن بىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك شېئىرلارنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەن ھەم: «گېرمانىيىنىڭ زامانىمىزدىكى ئەڭ داڭدار شائىرى گېنرىخ گېيىنىمۇ بىزنىڭ سېپىمىزگە قاتناشتى» دېگەنىدى.

بۇ شېئىر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتەك ئىنقىلابىي غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىدى. شائىر بۇ شېئىردا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەت-چىل دىنغا ۋە كونا تۈزۈمگە بولغان ئىنتايىن قاتتىق ئۆچ-مەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى-نىڭ ھەققانىيلىقىنى ۋە ئاگاھلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، گېرمانىيە پرولېتارىياتىنى ئىلھاملاندۇردى، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشچىلىرىنى تەربىيىلىدى.

### كومېدىيە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

1. تىياتىر سەنئىتى دېگەن نېمە؟ ئۇ مەزمۇنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تۈزۈلۈشى، تېما جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ 2. كومېدىيە ئەڭ دەسلەپتە قەيەردە بارلىققا كەلگەن؟ 3. كومېدىيە قانداق سەنئەت؟ ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى نېمە؟ 4. كومېدىيىدە نېمە تەنقىد قىلىنىدۇ ۋە ئېچىپ تاشلىنىدۇ؟ 5. كومېدىيە نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ 6. يۇمۇرلۇق كومېدىيە بىلەن ساتىرىك كومېدىيە خاراكتېر جەھەتتىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟

1. تىياتىر سەنئىتى (دراماتورگىيە) دېگىنىمىز — ئەدەبىيات (يەنى سەھنە ئەسىرى)، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلنىڭ بىرىككەن گەۋدىسى بولغان، سەھنە ئوبرازى يارىتىش مەقسەت قىلىنغان، بىۋاسىتىلىككە ئىگە ئۇنىۋېرسال سەنئەتتۇر. ئۇ مەزمۇن (خاراكتېر) جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تراگېدىيە، كومېدىيە، تىراگېكومېدىيىلەرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، دراما، ناخشا-ئۇسسۇللۇق دراما، ئۇسسۇللۇق دراما، ئوپېرا، شېئىرىي دراما، رادىئو دراممىسى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن بىر پەردىلىك ۋە كۆپ پەردىلىك دراملارغا بۆلۈنىدۇ. تېما جەھەتتىن تارىخىي ۋە زامانىۋى (بۈگۈنكى زامان) دراملارغا بۆلۈنىدۇ.

2. كومېدىيە ئەڭ دەسلەپتە گرېتسىيە دېھقانلىرىنىڭ شاراب ئىلاھى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر-چىراغ مۇراسىمىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ كۈز پەسلىدە ئۈزۈم ئۈزگەن چاغدا ئىلاھقا تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان

شىسى»، «قىزىق»، كۈلكىلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3. كومېدىيە كۈلكە سەنئىتى بولۇپ، كۈلكىنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى سەلبىي ھادىسىلەر، كەمچىلىك، نۇقسانلارنى تۈگىتىشكە، چاكىنىلىقتىن، بولمىغۇر ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بىر خىل سەھنە ئەسەر شەكلىدۇر. ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى — كۈلكىنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق، كۆپىنچە قىزىقچىلىق شەكلى بىلەن تۇرمۇشتىكى ناچار ھادىسىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى كەمچىلىكلەر، نۇقسانلارنى تەنقىد قىلىپ، مەسخىرە قىلىش ۋە ھەجۋىي قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. لۇشۈننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «قىممىتى يوق نەرسىلەرنى چۇۋۇپ كۆرسىتىش» دېمەكتۇر.

4. كومېدىيىدە ھەجۋىي، مۇبالىغە ۋە مەسخىرە قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ۋە تۇرمۇشتىكى ناچار، نامۇۋاپىق ھادىسىلەر تەنقىد قىلىنىپ كىشىلەرنى تەربىيىلەش مۇددىئاسى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

5. كومېدىيە مەسخىرە ۋە ھەجۋىي خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن يۇمۇرلۇق كومېدىيە، ساتىرىك كومېدىيە دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

6. يۇمۇرلۇق كومېدىيىدە «كۈلدۈرۈش» ئۇسۇلى ئارقىلىق مەلۇم خاراكتېرلىك كەمچىلىك، نۇقسانلار ياخشى نىيەتتە تەنقىدلىنىپ، كىشىلەرگە تەربىيە بېرىلىدۇ. يازغۇچى بۇ خىلدىكى كومېدىيىدە ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلىرىغا ھېسداشلىق پوزىتسىيىسى بىلەن قاراپ، يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش، ياخشى ئادەم قىلىپ چىقىشنى كۆزلەيدۇ.

ساتىرىك كومېدىيىدە مەلۇم ھادىسىنىڭ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل

بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ كەسكىن پاش قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەردە بۇ خىل يامان ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش تۇيغۇسى قوزغايدۇ. دېمەك، يۇمۇرلۇق كومېدىيە خەلق ئارىسىدىكى يارىماس ئىللەتلەرنى، نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تۈزىتىشكە دەۋەت قىلسا، ساتىرىك كومېدىيە يامان نەرسىلەرنى، يامان ئادەملەرنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىدۇ.

### گوگولنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ھەققىدە

1. گوگول كىم؟ قاچان، قەيەردە، قانداق ئائىلىدە تۇغۇلغان؟ قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغان؟ قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان؟ 2. گوگول پېتىربۇرگقا نېمە ئۈچۈن بارغان؟ قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان؟ قانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولغان؟ 3. 1831 — 1835 - يىللىرى گوگولنىڭ قانداق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان؟ 4. «تاراس بولبا» قانداق ئەسەر؟ ئۇنىڭدا نېمە تەسۋىرلەنگەن؟ 5. «رېۋىزور» ناملىق كومېدىيە قاچان يېزىلغان؟ نېمە مەقسەتتە يېزىلغان؟ ئاپتور بۇ ئەسەر توغرىسىدا نېمە دەيدۇ؟ بۇ ئەسەردە نېمە پاش قىلىنغان؟ جەمئىيەتتە قانداق تەسىر قوزغىغان؟ 6. «ئۆلۈك جانلار» رومانى قاچان يېزىلغان؟ بۇ قانداق رومان؟ ئۇنىڭدا نېمە پاش قىلىنغان؟ 7. گوگول «ئۆلۈك جانلار» رومانىنىڭ 2 - قىسمىنىڭ كۆپىيىسىنى نېمە ئۈچۈن

**كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؟ بېلىنىسكىي «گوگولغا خەت» تە گوگولنى نېمە ئۈچۈن كەسكىن تەنقىد قىلغان؟ گوگول قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغان؟**

1. نىكولاي ۋاسىلىيېۋىچ گوگول XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن روسىيىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ساتىرىك يازغۇچىسى ۋە رۇس تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇ 1809 - يىلى 20 - مارت ئۇكرائىنانىڭ پولتاۋا ئۆلكىسى، مىرگورود ناھىيىسىنىڭ سىرۇ چىنتىس يېزىسىدىكى بىر پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1818 - يىلىدىن 1821 - يىلىغىچە ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1821 - يىلدىن 1828 - يىلىغىچە نېژىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرى يازغان ھەمدە كومېدىيىلەردە ئاجايىپ ماھارەت بىلەن رول ئېلىپ چىققان. دېكابىرىستلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

2. گوگول 1828 - يىلى يازدا نېژىن ئوتتۇرا مەكتىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدا پېتېربۇرگقا كېلىپ شېئىر يېزىش، دراما قويۇش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولغاچقا، كىچىك بىر ئىدارىدە ئىشلەپ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مانا شۇنداق غورىبەتچىلىك ۋە جاپالىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ چاكىنا تۇرمۇشى بىلەن «ئاددىي كىشىلەر» نىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش شارائىتى توغرىسىدا بىۋاسىتە چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ.

3. 1831 - يىلى كۆزدە ئۇنىڭ «دىكانكاغا يېقىن يېزىدىكى كېچىلىك سۆھبەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ 1 - قىسمى، يېرىم يىلدىن كېيىن 2 - قىسمى نەشردىن چىقىدۇ. 1835 - يىلى ئۇنىڭ «مىرگورود» ۋە «پېتربۇرگ ھەققىدە ھېكايە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشردىن چىقىپ ئاپتورنى شۆھرەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئىككى توپلامغا ئۇنىڭ مەشھۇر پوۋېست ۋە ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «تاراس بولبا»، «كونا زامان پومېشچىكلىرى»، «ئىككى ئىۋاننىڭ ماجىراسى»، «مىرگورود»، «نېۋا رەستىسى»، «سەۋدايى خاتىرىسى»، «شىنېل»، «پېتربۇرگ ھەققىدە ھېكايە» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلىرى مەشھۇر.

4. «تاراس بولبا» — «مىرگورود» توپلىمىدىكى تارىخىي ۋەقەلىك ئاساسىدا يېزىلغان ئەڭ داڭلىق پوۋېست بولۇپ، بۇ پوۋېستتا XVI ئەسىردىكى ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ پولشا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن. ياشانغان كازاك ئاتامانى تاراس بولبا ئۆز ۋەتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى سۆيىدىغان، قەيسەر، باتۇر ۋە مەردانە خىسلەتكە ئىگە مىللىي قەھرىمان. ئۇ ۋەتەن يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتىن يانمايدۇ. ئاپتور ياشانغان تاراس بولبا ئوبرازىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى ۋە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى مەدھىيىلىگەن.

5. گوگول 1833 - يىلى «رۇس ھاياتىنى ئەينەكتەك كۆرسىتىدىغان» كومېدىيە يازماقچى بولىدۇ ۋە بۇ ئويىنى 1836 - يىلى يازغان «رېۋىزور» ناملىق مەشھۇر ساتىرىك كومېدىيىدە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ ھەقتە گوگول: «مەن «رېۋىزور»دا مەن... ئۆزۈم بىلگەن... روسىيىنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ، بىر ۋاقىتتا بۇ نەرسىلەر-

1836 - يىلى 4 - ئايدا بۇ كومېدىيە پېتربۇرگدا تۇنجى قېتىم ئوينالغانىدا. غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ. يازغۇچىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان، ئۆتكۈر ساتىرىك تۈسكە ئىگە بولغان بۇ مۇنەۋۋەر ئەسەردە ھۆكۈمران سىنىپلارغا قىلغان ئاچچىق كىنايىسى پۈتكۈل روسىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاپتور، كومېدىيىدىن ئىبارەت بۇ ئەينەك ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى رۇس جەمئىيىتىدىكى ئەمەلدار، ئېسىلزادىلەرنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ، يانچىلىق تۈزۈمدىكى پۈتكۈل رۇس جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك. چىرىك ئىكەنلىكىنى، ئەكسىيەتچىلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ. بۇ كومېدىيە جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. روسىيىدىكى پۈتكۈل تۈرلەر گۇرۇھى بۇ كومېدىيىدىن ئۆزلىرىنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرۈپ ئاپتورغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ روسىيىدە تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ 1836 - يىلى 6 - ئايدا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيىدە تۇرۇپ بىر تەرەپتىن «ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ»، يەنە بىر تەرەپتىن يازماقچى بولغان رومانى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ ۋە يېزىشقا كىرىشىدۇ. 1842 - يىلى روسىيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

6. 1842 - يىلى 5 - ئايدا روسىيىنىڭ تۇنجى تەنقىدىي رېئالىزملىق رومانى «ئۆلۈك جانلار» نىڭ 1 - تومى نەشىردىن چىقىدۇ. بۇ رومانىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى شۇ يەردىكى، فېئودال يانچىلىق تۈزۈمدىكى روسىيىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغانلىقى ۋە تەنقىد قىلغانلىقىنى. مۇنداق پاش قىلىش ۋە تەنقىدنىڭ چوڭقۇر، كەڭ ۋە جانلىق بولۇشىنى روسىيە رومانلىرىدا بىرىنچى

جانلار» رومانى XIX ئەسىردىكى روسىيە تەنقىدىي رېئا-
لىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى ئەسەر دەپ تونۇ-
لۇپ كېلىنمەكتە.

7. گوگول 1842 - يىلى 6 - ئايدا 2 - قېتىم چەت
ئەلگە چىقىدۇ، فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەت-
لەر ئارىلىقىدا يۈرۈپ كېسىلىنى داۋالىتىدۇ. 1848 - يىلى
باھاردا پەلەستىنگە بېرىپ ئىرۇسالىمنى تاۋاپ قىلغاندىن
كېيىن، 1848 - يىلى 5 - ئايدا روسىيىگە قايتىپ كېلىدۇ
ۋە موسكۋادا ئولتۇراقلىشىدۇ. مۇھاجىرلىق ھاياتى داۋامىدا
ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ۋە تەنداشلىرىدىن ئايرى-
رىلىپ ئەكسىيەتچىل ئەدىبلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغاچقا، ئىدى-
يىسىدە كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ فېئودال يانچىلىق تۈ-
زۈمىنى ياش قىلىش، تەنقىد قىلىشتىن ئۆتۈپ مەدھىيىلەش،
قوغداشقا قاراپ بۇرۇلۇپ، مىستىتسىزم ۋە تەركىدۇنيالىق
ئىچىدىن چىقىش يولى ئىزدەشنى قوۋۋەتلەش دەرىجىسىگە بېرىپ
قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1845 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن
«ئۆلۈك جانلار» رومانىنىڭ 2 - تومىنىڭ دەسلەپكى بىر بۆلۈ-
مىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىجابىي ئوبرا-
زىنى يارىتىپ باشقىدىن يازماقچى بولىدۇ. 1847 - يىلى
«دوستلار بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان
قىلىدۇ ۋە بۇ ئەسەردە يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلماسلىقنى
ئاشكارا تەشەببۇس قىلىدۇ. روسىيە ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى
تەنقىدىي رېئالىزملىق يازغۇچىنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيدانغا
ئۆتۈپ كېتىشى، رۇس ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئەدەبىي تەنقىدچىسى
بېلىنىسكىينىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ۋە قاتتىق تەنقىد قىلىشىغا
ئۇچرايدۇ. بېلىنىسكىي، ئۆزىنىڭ «گوگولغا خەت» دېگەن مەش-
ھۇر ئەسىرىدە، گوگول «دىنىنىڭ ھىمايىسى ۋە قامچىسىنىڭ

قەت، گۈزەل ئەخلاق قىلىۋالىدۇ...»، «خرىستوس ۋە دىنىي چېركاۋ نامىدىن ۋەھشىي پومېشچىكلارنى دېھقانلارنى رەھىمسىز تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە خورلاشقا كۈشكۈرتىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. 1852 - يىلى گوگول مۇشەققەت بىلەن يېزىپ تاماملىغان «ئۆلۈك جانلار» رومانىنىڭ 2 - تومىنىڭ 2 - كۈپىيىسىدىنمۇ رازى بولماي ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1852 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەسكىن ئىددىيىۋى زىددىيەت، ئازابلىنىش ئىچىدە كېسەل بىلەن موسكۋادا ۋاپات بولىدۇ.

## كىنو ۋە كىنو سېنارىيىسى ھەققىدە

1. كىنو قانداق سەنئەت؟ ئۇ قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى؟ 2. كىنو سەنئىتى قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟ 3. مونتاژ دېگەن نېمە؟ مونتاژ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ 4. كىنو سېنارىيىسى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ؟

1. كىنو سەنئىتى ئەڭ مۇرەككەپ ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولۇپ، ئۇ بىر ئىلىم ھەم ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات (كىنو سېنارىيىسى)، تىياتىر، مۇزىكا، نەپىس سەنئەت، ئۇسسۇل، بىناكارلىق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە پەن - تېخنىكا بىلەنمۇ زىچ بىرلەشكەن. ئۇ باشقا سەنئەتكە قارىغاندا بىر قەدەر ياش ئەمما تەرەققىياتى تېز سەنئەت. ئۇ گرېكچە «Kineo» يەنى «قىمىرلاش»، «مىدىرلىتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۇنجى كىنو 1895 - يىلى ئاكا - ئۇكا لومىرلار تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان. 1895 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پارىژ-

تۇنجى قېتىم كىنو فىلىمى قويۇلغان.

كىنو ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى تارىخىدا تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

بىرىنچى باسقۇچ: تۇنجى كىنو ۋۇجۇدقا كەلگەن 1895 - يىلىدىن 1918 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت. بۇ باسقۇچتا، كىنو دۇنياغا كەڭ تارقالغان «جانلىق فوتوگرافىيە» تېخنىكىسى راۋاجلىنىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ بەدىئىي، ھۆججەتلىك ۋە ئىلمىي-ئاممىباب كىنو سەنئىتى دەپ ئۈچ ساھەگە بۆلۈنگەن. تۇنجى كىنولار ئىپادە قىلىنغان ۋەقە (كۆرۈنۈش) سۈرەت فىليۇنكىسىغا چوڭ بۆلەكلەر بىلەن چۈشۈرۈلۈپ، بىر - بىرلەپ ئاستىغا يېزىلغان تېكىستلەر ئارقىلىق ئۇلىنىپ ماڭغان. ئۇ چاغلاردا، كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى قوزغالماي مۇقىم تۇرغان، كىنو ئارتىسلىرى روللىرىنى ئوچۇق سەھنىدە ئورۇنداۋاتقان ھالىتىدە ئېكرانلاشتۇرغان. كىنودا ئاۋاز بولمىغانلىقتىن، ئارتىسلار ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرغان.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1920 - يىللار بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاۋازسىز (گاچا) كىنونىڭ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر - سەنئەت بولۇپ شەكىللەنگەن باسقۇچىدۇر.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1930 — 1940 - يىللىرى، كىنو فىليۇنكىسىغا ئاۋاز چۈشۈرۈش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ئاۋازلىق كىنونىڭ پەيدا بولۇشى كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە كەڭ يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تېمىدىكى ھېكايە فىلىملار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئەڭ بۇرۇنقى ئاۋازلىق بەدىئىي ھېكايە فىلىملار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ئۇچرىشىش»، «چاپايېپ»، «ماكسىم توغرۇلۇق تىرىلوگىيە»، «بىز كرونشتانتىن» قاتارلىق فىلىملاردىن ئىبارەت.

رەڭلىك كىنو ئىشلەش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن قەدەممۇ قەدەم رەڭلىك بەدىئىي ھېكايە فىلىملار بارلىققا كەلدى. دېمەك، كىنو سەنئىتى پەيدا بولۇپ بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تېز تەرەققىي قىلدى. ھازىر بولسا ستېرېئولۇق ۋە خىرىيۇنكىلىق كىنو ۋۇجۇدقا كېلىپ ئومۇملاشماقتا.

• 2. كىنو سەنئىتى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: ① ئاممىۋىلىقى — ئۇ پۈتكۈل سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئاممىۋىلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر خىل سەنئەت. ئۇ كۆرۈش تۇيغۇسى ئاساس قىلىنغان سەنئەت بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئومۇمەن كۆزى كۆرىدىغان ھەممە كىشىلەر تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ. شارائىت جەھەتتە كىنو فىلىمىنى خالىغان ۋاقىتتا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كىنونىڭ تىلىنى ئۇقمايدىغان كىشىلەرمۇ باشقا تىلدىكى كىنولارنى كۆرگەندە، مەلۇم ئىدىيەۋى تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ ۋە بەدىئىي زوق ئالالايدۇ؛ ② كىنو سەنئىتىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى — ھەر خىل سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە كىنونىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ ئېپىك ئەسەرلەر بىلەن دراماتورگىيەنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى ئۇ يەنە دراماتورگىيە (تىياتىر) سەنئىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولغان نۇرغۇن سەنئەت ساھەلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇ سېنارىست، رېژىسسور، ئارتىسلار، گۈزەل سەنئەت ئۇستىلىرى، كومپوزىتورلار ۋە ئوپېراتور (سۈرەتكە ئالغۇچى) قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ كوللېكتىپ ئەمگىكىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر؛ ③ كىنو سەنئىتىنىڭ چىنلىقى — كىنو ئادەتتە ئىككى سائەت ئىچىدە قويۇلۇپ بولىدۇ. ئاشۇ چەكلىك ۋاقىت

ئىچىدە كوللېكتىپ تاماشىبىنلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ. شۇڭا كىنو تۇرمۇشقا ئەڭ يېقىن بىر سەنئەت، ئېكراندا كۆرۈنگەن پېرسوناژلار، مۇھىت كۆرۈنۈشلەر چىن ۋە ھەقىقىي بولۇش خۇددى چىندەك بولۇش، قىلچە چېنىپ قالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ④ كىنونىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى — ۋەقەلىكنى بايان قىلىش، مەنزىرىنى سۈرەتلەش، ھەرىكەتنى كۆرسىتىش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش قاتارلىقلار كىنونىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بولغان «كۆرۈنۈش» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا «كۆرۈنۈش» كىنو سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى سۈرەتكە ئېلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، بىر توختىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇدا سۈرەتكە ئېلىنغان كىنو لېنتىسى بىر كۆرۈنۈش دېيىلىدۇ؛ ⑤ كىنونىڭ بەدىئىي قۇراشتۇرۇلۇشى — كىنودىكى پارچە كۆرۈنۈشلەرنى ئۇلاپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كىنودىكى بەدىئىي قۇراشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مونتاژ تېخنىكىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3. «مونتاژ» فرانسۇزچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئۇيۇشتۇرۇش»، «سەپلەپ چىقىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى كىنو سېنارىيىسىدە يېزىلىپ، كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتىدا سۈرەتكە ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەرنى ئەسەرنىڭ مەقسەت ھەم ئېھتىياجىغا، كۆرۈنۈشنىڭ تەلىپىگە، سۇژېتنىڭ تەرەققىياتىغا، ۋاقىت ھەم بوشلۇقنىڭ ئالمىشىشىغا ئاساسەن تەشكىللەش ئارقىلىق ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاش، سىستېمىلاشتۇرۇش، كومپوزىتسىيىنى تەشكىللەشكە ئېيتىلىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مونتاژ — كىنو ئېلىش ئاپپاراتىدا سۈرەتكە ئېلىنغان ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشلەرنى تۇرمۇش مەنتىقىسى ۋە ئىلمىي سەنئەت پرىنسىپى بويىچە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

نە ئەسەرلىرىدە كۆرۈنۈش ۋە پەردىلەر بولىدۇ. كىنو ۋە كىنو سىنارىيىسىدە بولسا كۆرۈنۈش ھەم بۇ كۆرۈنۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان مونتاژ، چاس. سىرىيىلەر بولۇپ، بۇ ئالاھىدە سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىرقانچە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پارچە لېنتا يەنە بىر پارچە لېنتا بىلەن ئۇلانسا، بۇ يەردە قايسىسىنى ئالدىغا ئېلىش، قايسىسىنى كەينىگە ئېلىش، قانداق قىلغاندا تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ زوقلاندۇرۇش، تەربىيە ئېلىش مەقسىتىگە يەتكۈزۈش مونتاژ تېخنىكىسى دېيىلىدۇ.

مونتاژنىڭ تۆۋەندىكىدەك رولى بار: ① ۋەقەلىكنى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئاساسەن بىر - بىرىگە ئۇلاپ چۈشەندۈرىدۇ؛ ② بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل تۇرمۇش ياكى ئىككى خىل شەيئىنى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ سېلىشتۇرىدۇ؛ ③ بىر ۋەقەدىن ئىككىنچى بىر ۋەقەگە سەكرەپ ئۆتۈپ تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ؛ ④ ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى، ۋەقەلىكى، ئۇسلۇبىغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ئىدىيىۋى مەزمۇننى روشەن، جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

4. سىنارىستلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان بىلىمى، چۈشەنچىسى ھەم توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ژانىرلىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق كىنو سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا كىنو فىلىمى ئىشلەش

دەپ ئاتىلىدۇ.
كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتىگە تۆۋەندىكى تەلەپلەر
قويۇلىدۇ: ① كىنو ئوبرازلاشتۇرۇلغان سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭ
ئوبرازلىرى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. بۇ خىل
ئوبراز كۆرۈش سەزگۈسى ئوبرازى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇڭا بۇ
خىل ئوبرازنى يارىتىشتا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلى-
رىغا ئوخشاش تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىشنى ئاساس قىلماي، ھەربىر تەپسىلاتنى، ھەربىر ئوبراز-
نى كونكرېت، روشەن، جانلىق ۋە ھەرىكەتچان ھالدا تەس-
ۋىرلەشنى شۇ ئوبراز ۋە كۆرۈنۈشتە ئىپادىلىگەن ھەممە نەر-
سىلەرنى ئېكراندا ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ
سىنارىيە يېزىشنى، ھەرقانداق ئابستراكت بايانلاردىن
ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ② كىنو سىنارىيىسىدە پېرسوناژ-
لارنىڭ ھەرىكىتى روشەن ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەشنى يەنى
ھەرىكەت ئارقىلىق ئادەمنى يېزىشنى ئاساس قىلىش، ئۇلارنىڭ
روھىي دۇنياسىغا تەئەللۇق بولغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى،
ئېغىز بىلەن ئىپادىلىگىلى ئەپسىز بولغان نەرسىلەرنى ھەرى-
كەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىشنى تەلەپ
قىلىدۇ؛ ③ كىنو سىنارىيىسى ئوينىلىش ۋە قويۇلۇش ۋاقتى
جەھەتتىن ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، زىددىيەتلەر-
نىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى
جەھەتلەردە سەھنە ئەسەرلىرىگە ئوخشىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدا
سەھنە ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش دىئالوگ ۋە مونولوگلارنى
كۆپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. يەنى كىنو سىنارىيىسىدە سۆز ئاز،
ھەرىكەت كۆپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ④ كىنو سىنارىيە-
سىنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىغا يەنى پېرسوناژ، سۇژېت،
ۋاقىت قاتارلىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى

ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بولۇپمۇ كىنو سېنارىيەسىنىڭ مۇقەددىمىسى ئالاھىدە، يېڭى، ئۆزگىچە بولۇشى، ئۇنىڭ بىرىنچى چاستوتىدىلا ۋاقىت، جاي، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش، پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى، مۇھىت قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

**«ئارتىس بولمايدىغان قىز» كىنو سېنارىيەسىدىن بېرىلگەن پارچە ھەققىدە**

1. «ئارتىس بولمايدىغان قىز» ناملىق سېنارىيەدىن دەرسلىككە بېرىلگەن بۇ پارچىدا قانداق ۋەقەلىك يېزىلغان؟

2. ئامىنە، ماھىرە، ئەمەت بوۋاي ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

1. لى خۇنىڭ «ئارتىس بولمايدىغان قىز» ناملىق كىنو سېنارىيەسىدىن دەرسلىككە 7-، 8-، 9-، 10 - چاسلار كىرگۈزۈلگەن. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ تۆت چاستا ئامىنە مۇئەللىم ۋە كومپوزىتور نۇرنىڭ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يايلاققا چىققانلىقى، ئىمتىھان بېرىشنى ئىختىيار قىلغانلارنى تىزىملىغانلىقى ۋە ئىمتىھان ئالغانلىقى، قىزچاق ماھىرەنى بېقىۋالغان ئەمەت بوۋاينىڭ ماھىرەنىڭ ئارتىس بولۇش ئارزۇسىغا قارىماي، ئۇنى ئارتىس قىلماسلىق ئۈچۈن چىڭ تۇرغانلىقى، قىزنى ئامىنە مۇئەللىملەرگە كۆرسەتمەسلىك ۋە ئارتىسلىققا قوبۇل قىلغۇزماسلىق ئۈچۈن قىلغان بىر قاتار ھەرىكەتلىرى، ئاخىرىدا ئەمەت بوۋاي ئامىنەنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئايشەم ئىكەنلىكىنى يەنى ماھىرەنىڭ تۇغقان ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ماھىرەنى ئارتىسلىققا بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقى،

بالا خۇشال - خۇرام تېپىشقانلىقى يېرىلغان.

2. سېنارىيىدە تەسۋىرلەنگەن ئامىنە مۇئەللىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش يولىدا ئۆز ھاياتىنى ئاتىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، بولۇپمۇ «سول» لۇشيەنىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن سەنئەت ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان بىر ئەۋلاد سەنئەتكارلارنىڭ ئوبرازى.

ماھىرە بولسا ئەقىللىق، زېرەك، ۋۇجۇدىدا سەنئەت تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان، «سول» لۇشيەنىگە خاتىمە بېرىلىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىغا قايتىدىن شارائىت يارىتىلغاندىن كېيىن سىستېمىلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىۋاتقان ياش بىر ئەۋلاد سەنئەتكارلارنىڭ ئوبرازى.

ئەمەت بوۋاي سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشتۈرگەن، سەممىمىي، ساددا، تۈز كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق شۇنىڭدەك پىداكارانە روھقا ئىگە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئوبرازى.

审　　订：吐拉甫·达伊木
责任编辑：伊不拉音·哈木都拉
责任校对：阿达来提·牙库甫
封面设计：阿迪力江·阿布都拉

# 高中语文总复习

买买提明·沙力
麻合木德·斯地克　编

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路14号　邮编：830046）
新疆建工印刷厂印刷
850×1168毫米　32开　15.125印张
1998年4月第1版　1998年11月第2次印刷
印数：5001—8500

ISBN7—5631—0531—X/Z·25
定价：16.00元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  ئادىلجان ئابدۇللا

ISBN 7-5631-0531-X

9 787563 105311 >

ISBN 7－5631－0531 － X

Z・25(民文)定价 16.00 元